


غۇ. ئو. زۇلپىقار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

غ. ئو. زۇلپىقار

# ئەينەك

شەرقىي تۈركىستان ھۆررىيەت نەشرىياتى
ئىستانبۇل ــــ 2017

بىرىنچى نەشرى: 1998-يىل، ئىستانبۇل
ئىككىنچى نەشرى: 2017-يىل، ئىستانبۇل
Frist edition: 1998
Second edition: 2017

Title: Mirror
Author: Ghulam Yaghma (Zulpiqar)
Catigory: Politic articles
Subject: About East Turkistan Independent Movement
Language: In Uyghur
Publisher: East Turkistan Freedom Press
URL: www.eynek.biz
Contact: webmaster@eynek.biz

www.uyghurkitap.com

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 65 يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن. ۋەتەن ھۆرىيىتى ئۈچۈن ئۆزىنى بەخش ئەتكەن سابىت داموللا قاتارلىق شەھىدلەرنىڭ روھلىرىنى ئاللاھ ئەمىن قىلغاي!

ئەينەك — ئادىل سودىيە، چوڭ يۈرەك قازى، يۈز - خاتىرىنى بىلمەيدىغان «ئوبزورچى». ئۇ نېمە بولسا شۇنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئاددى ئىنسانلارنى گۈزەللەشتۈرۈپمۇ كۆرسەتمەيدۇ؛ «ئۇلۇغ ئەرباپ» لارغا يوق يەردىن نوقسان ئارتمايدۇ. ئۇ — خالىچە، داغنى داغچە كۆرسىتىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن ئوبرازىمىزدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرۈۋالىمىز ۋە تۈزىتىمىز.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


**سۆز بېشى ........................................................................3**

**مىللىي پسىخىكىمىزدىكى ئاجىزلىقلار توغرىسىدا ....................5**

**بىزنىڭ ئاللاھتىن باشقا تايانچىمىز يوق ...................................21**

**ئاددىي جەڭچى بولۇش ئېڭىنى تىكلەيلى...................................40**

**سىياسىدىكى «قارا نۇرلۇق چىراق» ...........................................45**

**«نوپۇز» توغرىسىدا.......................................................................53**

**ئىسلام ئېتىقادىنى غەرەزلىك بۇرمىلاشقا، پۇچەكلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرايلى! ...........................................................................................65**

*1. ئىسلام دىنىدا «ۋەتەنپەرۋەرلىك» مەسىلىسى...........69*

*2. ئىسلام دىنىدە «مۇستەقىللىق» مەسىلىسى.................75*

*3. ئىسلام دىنىدا «مىللەتپەرۋەرلىك» مەسىلىسى ............82*

*4. ئىسلام دىنىدا «دېموكراتىيە» مەسىلىسى......................88*

*5. باشقا مەسىلىلەر ھەققىدە ..........................................102*

**«موللا بوزەك» ئۇيغۇرلار ..........................................................117**

**كوممۇنىستلارنىڭ "سىنىپ" ئۇقۇمىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ..........140**

**نامراتلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ مەقسىتى .......................................146**

**«ئومۇمىي مەنپەئەت ئىقتىساد ئېڭى»نى تىكلەيلى...........................157**

**مەخپىيەت ئېڭى توغرىسىدا ........................................................167**

**ئالغا بىر قەدەم، ئارقىغا ئىككى قەدەم ........................................172**

**خىتايلارنىڭ ئاجايىپ «ئىلتىپاتى».................................................176**

**بەزى ئىنكاسلارغا ــ ئىنكاس ........................................................182**

**ئاخىرقى سۆز.................................................................................191**

# سۆز بېشى

ھايات مۇساپەمدە ھېس قىلغانلىرىم، دۇچ كەلگەن ئىدىيىۋى مەسىلىلەر، ئاڭلىغانلىرىم سەۋەپلىك تۇغۇلغان ئوي - پىكىرلىرىمنى ئايرىم - ئايرىم ماقالە قىلىپ يېزىپ كەلگەنىدىم. بۇ ماقالىلار كۆپىيىپ بىر كىتاپ قىلىپ نەشر قىلغۇدەك بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى ماقالىلىرىم جەمىيەتتىكى بەزى خاتا قاراش، خاتا چۈشەنچە، زىيانلىق پىكىرلەرگە بېرىلگەن جاۋاپ بولۇشى بىلەن، دەرھال ئېلان قىلىشنى تەقەززا قىلاتتى. شۇ سەۋەپلەرگە كۆرە، بۇ كىتاپ تەييارلىنىپ نەشرگە بېرىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. يوقۇرىدا دەپ ئۆتكىنىمدەك، ھەربىر ماقالە مۇئەييەن زامان ۋە مۇئەييەن ماكاندا سەرگۈزەشتىلىرىمگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق مۇناسىۋەتتە شەكىللەنگەن بولۇپ، ئاللىكىملەرنىڭ ھاۋالىسىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. مەلۇم سىياسى تەشكىلاتنىڭ ئىدىيىسىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ (ئەگەر مەلۇم سىياسى تەشكىلات بۇ پىكىرلەرنى ئۆز پىكرى ھېساپلىسا بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزئىشى، ئەلۋەتتە). شۇنداقلا بۇ پىكىرلەر زامان ۋە ماكان چەكلىمىلىكىگە ئىگە بولۇشىمۇ تەبىئى. بۇلار پەقەت مۇئەللىفنىڭ كۆز قارىشى ۋە تونۇشى بولۇپ، بۇنى مەڭگۈلۈك مۇقىم پىكىر، مۇتلەق قېلىپلاشقان ئىدىيە سىستېمىسى دەپ قاراش خاتا. ئۇ ــــ پايدىلانغۇچىلار ئۈچۈن بىر ئەينەك، خالاس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مىللىي پسىخىكىمىزدىكى ئاجىزلىقلار توغرىسىدا

بىر مىللەت تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى ئۆزىنى تونۇشتىن باشلايدۇ. ئۆزىنى تونۇش ــ پەقەت ئەجابى تەرەپتىن ئارتۇقچىلىقلىرىنى تونۇشلا بولماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى سەلبىي تەرەپتىن ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تونۇشتىن ئىبارەت. بۈگۈنكى تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىشنى ئۆزىنى تونۇشتىن ــ ئۆزىنى تۈزىتىشتىن باشلىغان. ياپونىيەدە «رەزىل ياپونلار» دېگەن بىر كىتاپ يېزىلىپ، ياپونلارنىڭ پسىخىك ئاجىزلىقلىرى، ئىپلاس تەرەپلىرى، رەزىل تەرەپلىرى رەھىمسىز پاش قىلىنغانىدى. «ساماۋى پادىشا» بۇ كىتاپنى «داخى مىللىتى ئۆزىگە ئەينەك قىلسا بولىدىكەن» دەپ باھالىغان ئىكەن. ئامېرىكىدىمۇ بىرسى «رەزىل ئامېرىكىلىقلار »ناملىق بىر كىتاپ يازغانىكەن. بۇ كىتاپمۇ ئەنە شۇنداق «يېغىرىنى ئېچىش» خاراكتېرىدىكى كىتاپ ئىكەن. شۇ زاماندىكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ كىتاپنى ناھايىتى يوقىرى باھالاپ، ھەربىر ئامېرىكىلىقنىڭ بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشىنى مۇراجەت قىلغانىكەن. بۇنداق مەزمۇندىكى كىتاپلار خىتايلاردىمۇ كۆپ يېزىلغان: خىتايلارنىڭ ئاتاغلىق يازغۇچىسى لۇ شۈننىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى» ۋە «ئاQ نىڭ ھەقىقى تەرجىمەھالى» قاتارلىقلاردا خىتاي مىللىتى روھى جەھەتتىن يېمىرىلگەن

ساراڭغا ئوخشۇتۇلغان! ھازىرقى زاماندا تەيۋەنلىك خىتاي يازغۇچى بەي ياڭ «رەزىل خىتايلار[1]» دېگەن بىر كىتاب يېزىپ مىللىتىنى تۈزەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مىللەت تەرىپىدىن قارشى ئېلىنماي كۆپ قېتىم تۈرمىدە ياتقان!

بىز بولساق مىللەتنى تونۇشتا بۇنداق بىر قەدەمنى ئەمدىلەتىن باشلىدۇق. ئايرىم يازغۇچىلار ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئازدۇر-كۆپتۇر تەنقىتلەرنى يازغان بولسىمۇ، بەزى ئاتالمىش «مىللەتچى»لەر ، مىللەتكە «كۆيۈنۈپ» ئۇنى ئەيىپلەشنى (مىللەتنىڭ ئەيىپىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى) مۇناپىقلىق دەپ قارىماقتا.

ھازىر مىللىتىمىز مۇھىم بىر تارىخى دەۋر ھارپىسىدا تۇرىۋاتىدۇ. ئالدىمىزدا ئاللاھ يولىدىكى جىھادقا ئومۇمى يۈزلۈك ئاتلىنىش —— خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنى ۋەتىنىمىزدىن ئومۇمى يۈزلۈك قوغلاپ چىقىرىش ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن بولۇدۇغان كۆرەش تارىخىنىڭ يېڭى سەھىپىسى ئېچىلىش ئالدىدا. بۇنداق بىر زاماندا ئۆزىمىزنى تونۇش، تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ مۇھىم. شۇڭا «ئۇلۇغ ئالىم، مەشھۇر ئەدىپ»لىرىمىزنىڭ بۇ ئىشلارنى ئېسىگە ئېلىپ قەلەم تەۋرىتىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماي، كەمىنە «ئاقساقاللىق» قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدىم. چۈنكى ۋەزىيەت جىددى ۋە نازۇك، تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، خاتالىقلارنى تۈزۈتۈش، ئۆزىمىزنى مۇشۇ ئاجايىپ دەۋرنى كۈتىۋېلىشقا لايىق يېڭى ئەۋلاد قىلىپ تەييارلاش تەخىرسىز بولۇپ قالدى. بىراق، بىر مىللەت روھىيىتىدىكى

[1] بۇ يەردىكى «رەزىل» دېگەن تەرجىمە ئانچە تولۇق ئەمەس. ئەسلى خىتايچە خەت 丑陋 مەنىسى بويىچە: رەزىل، ئىپلاس، پاسكىنا، بەتبەشىرە، نومۇسسىز قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ —— ئاپتور.

يېتەرسىزلىكلەرنى خۇلاسىلاپ چىقىش، بىر تېما ئاستىدا ۋە بىر كىتاپ بىلەن پۈتۈپ كېتىدىغان ئىش ئەمەس. كەمىنە پەقەت ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئاجىز ئەقلىگە كەلگەن ئايرىم تەرەپلەر ھەققىدە توختۇلۇپ ئۆتمەكچى.

*******

بىزنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزغا، قېنىمىزغا ھۆررىيەت روھى سىڭگەن ئەمەس. يەنى، ھۆررىيەتكە ئىنتىلىش «پىسخىكا» بولۇپ شەكىللەنمىگەن. ھۆررىيەت ئارزۇسى ۋە بۇخىل ئىنتىلىش — ئايرىم ئادەملەرنىڭ «ئاڭ قاتلىمى»دا (ئەقلىنىڭ بويرۇقى بىلەن) شەكىللەنگەن بولۇپ، «يوشۇرۇن ئاڭ»[1]غا سىڭمىگەن. شۇڭا مۇستەقىللىقتا قارىتا ھېچ پىسخىك تەييارلىق يوق (ھۆررىيەت پىسخىكىسى شەكىللەنمىگەن). زور كۆپچىلىكىمىزدە بولسا ”ئاڭ“ دىمۇ بۇخىل ئىنتىلىش بىخلانمىغان. ئەمدىلىكتە بولسا

[1] «يوشۇرۇن ئاڭ» - (ئاڭسىزلىق) — پىسخولوگىيە ئاتالغۇسى بولۇپ، ئاۋسترىيە پىسخولوگىيە ئالىمى، «روھى ئانالىز» تەلىماتىنىڭ كەشپىياتچىسى، روھى كېسەللىكلەر دوختۇرى، «دۇنيا ئىدىئولوگىيەسىنى ئۆزگەرتكەن ئۈچ يەھۇدى»نىڭ بىرى بولغان سىگموند فرېئۇدنىڭ «روھى ئانالىز» تەلىماتىغا كۆرە ئادەمنىڭ ئاڭ قاتلىمى ئۈچكە بۆلۈنىدۇ: «ئەسلى مەن»، «مەن»، «ئۆزدىن ھالقىغان مەن». (يېڭى ئۇيغۇرچە تېرمىنلاردا بۇ «كىملىك»، «ئۆزلۈك». «ئۆملۈك» دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ). «يوشۇرۇن ئاڭ»- ئەنە شۇ «ئەسلى مەن»گە تەئەللۇق بولغان ئاڭ بولۇپ، ئەقلىنىڭ بويرۇقى ۋە كونتروللىقىدىن تاشقىرى بولغان مەخلۇقلۇق (ھايۋانلىق) ھالىتىگە قارىتىلىدۇ. يوشۇرۇن ئاڭغا سىڭىپ كەتكەن نەرسىلەر ئاڭ (ئەقىل)نىڭ بويرۇقىسىزمۇ تەبىئى ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. «ئاڭ» بولسا ئەنە شۇ «مەخلۇق»نى ئەقىل ئارقىلىق تېزگىنلەپ، «ئادەم» (ئاڭلىق مەخلۇق) ھالىتىگە كەلتۈرگەن بولۇپ، ئادەملىك سۈپەتنى بەلگىلىگەن قاتلامدۇر. ئۇ (پايدا-زىيان) شارائىتىغا قاراپ، ئەقىل بىلەن ئۆلچەپ ئىنكاس بىلدۈرىدۇ. «ئۆزدىن ھالقىغان مەن» بولسا، «ئادەملىك» توشۇپ، ۋايىغا يەتكەن، ئەڭ ئۇلۇغ ۋە گۈزەل خىسلەتلەرنى ئۆزىدە ئىپادىلەيدىغان، ئۆزىنى ئەمەس باشقىلارنى، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئويلايدىغان ھالەتكە يەتكۈزىدىغان، ئاڭ (ئاڭنىڭ ئېخىمۇ يۇكسەك قاتلىمى)دۇر — ئاپتور.

خىتايلارنىڭ بىزگە ھازىرلاپ بەرگەن ئىجتىمائى كېلىماتى بۇنداق يېتىلىشكە ئىمكان بەرمەيدۇ، ئەكسىچە، بىزنىڭ بۇنداق ئىستەكلىرىمىز پىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، يۇمران ۋاقتىدىلا سۇندۇرۇۋېتىلگەن مىۋىدەك كۈنسېرى يىگىلەپ، كۈنسېرى قورۇلۇپ تۈگىمەكتە! يەنە بىرتەرەپتىن خاراكتېرىمىزدىكى چاپسان قىزىش، چاپسان سوۋۇش، ئۇزاق مەزگىللىك جاپالىق ئىزدىنىش، ئۇنىسىز تەييارلىقتا تاقەت كەلتۈرەلمەسلىكتەك يەڭگىلتەكلىك بىزنىڭ مەنىۋى ۋە پسىخىكا جەھەتتىن پىشىپ يېتىلىشىمىزگە ئىمكان بەرمەيدۇ. باشقا مىللەتلەر يۈز ـ ئىككى يۈز يىل، ھەتتا بەشيۈز يىللىق تەييارلىق ئىشىنى ـــ بىرخىل «نەتىجىسىز» تۇيۇلۇدۇغان ئىشنى ئەۋلاتمۇ ـــ ئەۋلاد داۋام قىلسا، بىز ھەتتا بىر ئەۋلاتمۇ ئەمەس، بىر نەچچە يىلغىمۇ تاقەت كەلتۈرەلمەي تاشلىۋېتىمىز (شۇڭا ھەر قېتىم يېڭىباشتىن ـــ نۆلدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ).

مەسىلەن: ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنى غولۇتۇشتا غەرپ كۈچلىرى (خىرىستىيان ۋە يەھۇدى دۇنياسى) ئەنە شۇنداق ئەسىرلەپ، ئاستا ـ ئاستا كۆرەش قىلغان. ئىچكى جەھەتتىن ھاكىمىيەت قاتلىمىنى تەدرىجى چىرىتىپ، ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى باشقا مىللەتلەر (دەسلەپ ياۋروپالىقلار، كېيىن ئەرەپلەر) ئارىسىدا مىللەتچىلىك، مۇستەقىللىق پىكىرىنى تەرەققى قىلدۇرغان. ھەتتا نۇرغۇن «دىنى ئۆلىمالار»نى تەربىيىلەپ، خەلق ئىچىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن. ئۇلار دىنى تون بىلەن ئۆزلىرىنى نىقاپلاپ، مۇسۇلمانلار ئىچىدە مەزھەپ ـــ پىرقىلەرنى كۆپەيتىپ، بىدئەتلەر بىلەن چىرماپ تاشلاپ، تۈرك ئىمپېرىيىسىنى غۇلىتىشنىڭ ئىچكى ئاساسىنى ياراتقان. مانا شۇنداق نەچچە ئەۋلاد داۋاملاشقان ئىشلارغا بىزنىڭ تاقىتىمىز يېتەرمۇ؟

ھىندىلارنىڭ ئېنگلىز مۇستەملىكىچىلىرىنى زىرىكتۈرۈشتە

قوللانغان «گەندىچە[1] قارشىلىق ئۇسۇلى» مۇ ئەنە شۇنداق ئۇزاق مۇددەتلىك، سەۋر ـ تاقەت تەلەپ قىلىدىغان بىرخىل«جىم ـ جىت« قارشىلىق شەكلى ئىدى.

مىللەتنى يەر يۈزىدە كەڭ تومۇر يايدۇرۇش، تەرەققىيات ۋە كېڭەيىش ئىمكانلىرىغا ئېرىشتۈرۈش، ئۆتكۈنچى مۇشەققەتلەرگە چىداپ، ئاخىرقى نىشانغا يېتىش جەھەتلەردە باشقىسىنى قويۇپ، دۈشمىنىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا ئاجىزلىقلىرىمىز، مەغلۇبىيەتلىرىمىزنىڭ سەۋەپلىرى ئايان بولۇشى مۇمكىن:

ئۆزلىرىنى سەددىچىن سېپىلى بىلەن مۇداپىئەلەپ، قىلىن تام ئىچىگە بېكىنىۋالغان قورقۇنچاق خىتايلار قانداق قىلىپ سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىغا چىقتى؟ قانداق قىلىپ ئۆزلىرىنى ئەنە شۇ تام ئىچىگە بەند قىلىپ قويغان تۈركلەرنى پارچىلاپ، «ئۆز ـ ئۆزىدىن يوقۇلۇش» گىرداۋىغا ئىتتىرىپ، ئىلگىرىكى تۈرك زېمىنلىرىنى ئىگەللىۋالدى؟ بۇمۇ ئۇزۇن مەزگىللىك بىر پىلاننىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئادەتتە بىر پادىشالىق باشلىغان ئىشلارنى كېيىنكى پادىشالىق توپتىن ئىنكار قىلىشقا ئادەتلەنگەن خىتايلاردا مۇنداق پىلاننىڭ نەچچە يۈز يىللاپ ساداقەت بىلەن داۋام ئەتتۈرۈلۈشىنى سىياسىدىن كۆرە مىللىي ئاملارغا باغلاپ چۈشىنىش ئەقىلگە مۇۋاپىقىراقتۇر. خان پادىشالار ھوقۇق تالىشىشتا بىر ـ بىرى بىلەن رەقىپ بولسىمۇ، ئومۇمى مىللىي خورلۇقنى يۇيۇشتا بىر «كۆپ ئەسىرلىك پىلان»نى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى

---

[1] گەندى ــ ئىندىرا گەندى ــ ھىندىستان مۇستەقىللىق ھەركىتىنىڭ داھىسى ــ ئاپتور.

داۋاملاشتۇرغانلىقى ــ ئەلۋەتتە مىللىي ھىسسىياتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلغاندۇر. مانا بۇنداق روھ ــ مىللىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئاساسى، «قانغا سىڭگەن خۇي»دۇر.

خىتايلار تۈرك خاقانلىرىغا قىز بېرىش ئارقىلىق خان جەمەتىمىزنىڭ قېنىدا «خىتاي قانداشلىقى» پەيدا قىلىشنى، بۇنىڭ بىلەن ھامان بىر كۈنى خىتاي خانىشتىن تۇغۇلغان بالىنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشىنى ئالدىن پىلانلايدۇ. بۇ شۇملۇقنىڭ ئىشقا ئېشىش ئېھتىمالى مىڭدا بىر پىرسەنت بولسىمۇ، قىزىنى قۇربان قىلغان خىتاي شاھى نەتىجىسىنى كۆرۈشكە ئۆلگۈرمەي ئۆلۈدىغانلىقىغا كۆزى يەتسىمۇ، لېكىن يەنىلا بۇ پىلانىنى سەۋر ـ تاقەت بىلەن زېرىكمەستىن ئىجرا قىلىدۇ. گەرچە تەخت ۋارىسى خىتاي قاندىشىدىن بولۇپ كەتمىسىمۇ، ھەرھالدا خىتاي خانىش ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان شاھزادىلەر تۈرك دىيارىغا سىڭىپ كىرىپ تىجارەت قىلىدىغان ۋە ئولتۇراقلىشىدىغان خىتايلارغا (تۇغقان ھىساۋىدا) ھامىيلىق قىلىش، ھېچ بولمىغاندىمۇ خىتاي خانلىقلىرىنىڭ شۇ بىر مەزگىللىك تېنچ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھىمات (تېنچلىق كاپالىتى) بولۇپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. بۇ ئەمىلىيەتتە خۇددى ياغاچنىڭ ئىچىدىن پورلاشقىلى تۇرغىنىدەك بىر ئىش بولۇپ، «قورغاننىڭ ئىچىدىن بۇزۇلۇشى» دىكى ئاساسنى تەمىن ئېتىدۇ. بىز بۇخىل «سىياسى قۇدا ـ باجىلىق»نى، بولۇپمۇ باشقا مىللەتلەرگە قىزىمىزنى بېرىشنى نومۇس دەپ بىلگىنىمىز بىلەن، باشقىلار ئەنە شۇ خورلۇقنى ۋاقىتلىق (ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ بىر ئەۋلاد) تارتقاندىن كېيىن، خورلۇقتىن مەڭگۈ قۇتۇلۇش، مەڭگۈلۈك ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىشىدۇ (بۇ ــ پىچكىنى قۇربان بېرىپ، شاھنى قۇتۇلدۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ). قۇربانلىق قىلىنغۇچىمۇ ئۆز قەۋمىنىڭ مەنپەئەتى

ئۆچۈن جان كۆيدۈرۈشنى، بالىلىرىغىمۇ ئاشۇ روھنى سىڭدۈرۈشنى ئۇنۇتمايدۇ. چۈنكى ئۇ، كۆپىنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىق تونۇيدۇ. شۇنداق قىلىپ تۈركلەر باشقىلارنى بويسۇندۇرۇۋالغىنى، قوشنا پادىشالىقنىڭ مەلىكىسىنى ئېلىۋالغانلىقىدىن ئىبارەت قالتىس غەلبىسى بىلەن غورۇرىنى قانائەت تاپتۇرۇپ، ئۈستۈنلۈك روھى بىلەن مەست بولۇپ يۈرگىنىدە، غولىغا قۇرت چۈشكەنلىكىنى ھېچ ئويلىماس ئىدى! نەتىجىدە سەددىچىن سىرتىدىكى تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى سەددىچىن ئىچىگە كىرىپ، خىتايلار ئارىسىدا ئېرىپ كەتتى. خېشى كارىدورىدا ياشىغان ئەجداتلىرىمىزمۇ ئەنە شۇ شەكىلدە تارىختىن يۈتتى. خىتايلار «يۇمشاق قۇرۇت»لۇق خاراكتېرى خاسىيىتىدە ئاستا ـــ ئاستا سەددىچىندىن چىقىپ، تۈرك زېمىنلىرىغا يامراشقا باشلىدى. ئۇ زاماندىكى ئەجداتلىرىمىز بۇ «يۇمشاق»، «ئىشچان، جاپاكەش»، «بىچارە» خەلقنى (خۇددى بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى قېرىنداشلىرىمىزدەك) زەرەرسىز دەپ بىخوتلۇق قىلىشقان، ئاخىرى بىر كۈنى بۇ «يوۋاش، بىچارە»لەرنىڭ بالايى ـــ ئاپەتكە ئايلىنىشىنى مۆلچەرلىمىگەن ئىدى.

مەڭگۈلۈك تېنچلىق ئۈچۈن ۋاقىتلىق ئۇرۇشقا تاقەت كەلتۈرۈش، مەڭگۈلۈك ئۈستۈنلۈك قازىنىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق خورلۇققا چىداش، مەڭگۈلۈك راھەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق ئازاپقا چىداش، قىسقىسى، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئالدىنقىلار قۇربان بېرىش روھى ۋۇجۇدىمىزدىن تەدرىجى يوقالغان. نېمە قىلساقمۇ نەتىجىسىنى ئۆزىمىز كۆرەلەيدىغان بولۇش كېرەك، بولمىسا تاقەت قىلالمايمىز! مانا بۇ ـــ بىزنىڭ ئەھۋالىمىز.

بۈگۈنكى خىتايلار تارىختىكى ئەجداتلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق

ئۆزگىچە (قۇرۇتلارچە) كېڭەيمىچىلىك ئۇسۇلىنى خۇلاسىلاپ، بۇ ئۇسۇلنىڭ دۇنيا جامائەتچىلىگىنىڭ ھېچ دىققىتىنى قوزغىمايدىغان بىرخىل پايدىلىق ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ تونۇپ يەتتى ۋە شۇ ئۇسۇلدىكى كېڭەيمىچىلىكنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىگە قارىتا، بولۇپمۇ نوقتىلىق ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە قارىتا جىددى داۋام قىلدۇرماقتا. مەسىلەن: ئەگەر خىتايلار سىنگاپورغا قۇراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزگەن بولسا، شەكسىزكى دۇنيا كۈچ نوقتىلىرىنىڭ دىققىتى قوزغۇلۇپ، «تەسىر دائىرە تالىشىش» كۆرىشى باشلىنىپ، بەلكىم دۇنيا ئۇرۇشىغا ئېلىپ بېرىشى ھەم مۇمكىن ئىدى. لېكىن، بۈگۈنكى سىنگاپورنىڭ «بىچارە»، «ئىشچان»، «مۇلايىم»، «يۇۋاش» خىتايلارنىڭ كۆچۈشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا خىتاي دۆلىتىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى دۇنيا جامائەتچىلىكى قانداق ئىنكاس بىلەن قارشى ئالدى؟ ھېچكىم تۈيغىنى يوق، دىققىتى قوزغالغىنى يوق. مانا بۇ ئەسىرلەپ داۋاملاشتۇرۇلغان ھەركەتنىڭ نەتىجىسى! بۇخىل ئۇسۇلنىڭ نەتىجىسىدە بۈگۈن خىتاي مەملىكىتى سىرتىدا (خىتايلار ئۆزىگە قوشىۋالغان مۇستەملىكە زېمىنلارنىڭ ھەم سىرتىدا) 50 مىليون خىتاي ياشىماقتا ھەم بۇ خىتايلار شۇ دۆلەتلەردە ئاساسلىق ئىقتىسادى ۋە سىياسى كۈچ بولۇپ تۇرماقتا. ھەتتا ئامېرىكىدا ئەتكەسچىلىك خىتايلار تەرىپىدىن مونوپول قىلىنىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مالىيە ۋە ئىجتىمائى تەسىر كۈچى تۈپەيلى، ساقچىلارمۇ ئۇلارنىڭ «خاس كوچا»لىرىدىن يۈرەكلىك ئۆتەلمەيدىكەن ھەم تۇتۇشقا پېتىنالمايدىكەن.

بۈگۈنكى كۈندە خىتاي كۆچكۈنىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن باي، تەرەققى قىلغان دۆلەتلەر ھەرخىل قىيىن ئۆتكەللەرنى پەيدا قىلىپ چەكلىمە قويۇۋاتقانلىقىغا قارىماي، خىتايلار پىلانلىق

كۆچۈشنى داۋام قىلماقتا. مەسىلەن، بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى مەلۇم بىرخىل كۆچۈش مەنزىرىسىنى كۆزىتىپ باقساق، ئومۇمىي ئەھۋالنى چۈشىنىشكە ياردىمى بولۇشى مۇمكىن: شۇ مەزگىلدە ئامېرىكا ۋىزىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئامېرىكا بانكىسىغا 18 مىڭ دولار قويۇش كېرەك ئىكەن، بۇ چەكلىمە ئامېرىكىغا بېرىپ يېتىۋېلىشنى چەكلەش ئۈچۈن ئويلاپ تېپىلغان بولسىمۇ، نامرات خىتايلارنى توسۇپ قالالىغىنى يوق. خىتايلار ئاسانراق بارغىلى بولىدىغان بىرەر دۆلەتكە بېرىۋالغاندىن كېيىن، ھەر 18 خىتاي بىر گۇرۇپپا بولىدىكەن. ھەر بىرى مىڭ دوللاردىن پۇل چىقىرىدىكەن. توپلانغان 18 مىڭ دولار ئامېرىكا بانكىسىغا بىرىنىڭ نامىدا ئامانەت قويۇلىدىكەن، بۇ ئامانەت چېكىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق بىرسىگە ۋىزا ئالىدىكەن. ئامېرىكىغا كەتكەندىن كېيىن دەرھال پۇلنى قايتۇرىۋېتىدىكەن. بۇ پۇل ئىككىنچى بىر خىتاينىڭ نامىدا ئامانەت قويۇلىدىكەن، ئۇمۇ ۋىزا ئېلىپ ئامېرىكىغا بېرىۋالىدىكەن. پۇل يەنە قايتۇرۇلىدىكەن، . . . شۇنداق قىلىپ، بۇ 18 مىڭ دولار پۇل نۆۋەت بىلەن 18 خىتاينىڭ نامىدا بانكىغا قويۇلۇپ، ھەممىسى ۋىزىغا ئېرىشىدىكەن ھەمدە ھەممىسى ئامېرىكىغا بېرىپ يەرلىشىدىكەن.

بۇنداق «ۋاپادار»، «ساداقەتلىك» تەشكىللىنىشنىڭ ئارقىسىدا ئۇزۇن ئەسىرلىك سىڭىپ كىرىش نىشانىنى كۆزلىگەن خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسى قولى بارلىقىنى ئىنكار قىلالمىساقمۇ، لېكىن يەنىلا ئادىللىق بىلەن ئېيتقاندا، بۇ — خىتاي مىللى پسىخىكىسىنىڭ تۇغما كېڭەيمىچىلىكى، ئىجابى ئارتۇقچىلىقى دەپ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

ئاشۇ 18 كىشىلىك گۇرۇپپىنى تەسەۋۋۇرىمىزدا ئۇيغۇرلاردىن ئۇيۇشتۇرۇپ، ھېسسى تەجرىبە قىلىپ كۆرەيلى، بۇنىڭدىن بۇنداق

نەتىجىلەر كۆرۈلۈشى مۇمكىن: ئۆز ئارا ئىشەنچ قىلالماسلىق تۈپەيلى، گۇرۇپپا تەشكىللەش مۇمكىن بولمايدۇ؛ بىرىنچى نۆۋەتتىنى تاللىشىپ گۇرۇپپا بوزۇلۇپ كېتىدۇ؛ بىرىنچى نۆۋەتتە كەتكەن ئادەم پۇلنى قايتۇرماي يوقۇلىدۇ ...

بەزى دۆلەتلەر خىتايلارنى ھەيدەپ چىقىرىشتا پەۋقۇلئاددە كەسكىن بولسىمۇ، لېكىن يوچۇق تېپىپ قۇرۇتتەك جايلىشىۋېلىشتىن خىتايلار چەكلىنىپ قالغىنى يوق. ئىلگىرى كەتكەن خىتايلار شۇ دۆلەت قانۇنىدىكى يوچۇقلارنى ۋە باشقا يوچۇقلارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى كەلگەنلەرگە قانداق قىلغاندا ھەيدەپ چىقىرىلىشتىن ئامان قالغىلى، تېزراق پاسپورت ئالغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە يول كۆرسىتىپ ياردەم قىلىدۇ. (تەبىئىيكى، خىتاي كونسۇلخانىلىرى ھەر دۆلەتتە ئەنە شۇنداق ئاخباراتلارنى توپلاپ، ئاتالمىش قاچاقلىرىنى ئەقىل بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ) ئەر - خوتۇن بىللە بارغان خىتايلار ھەتتا ھاپىلا - شاپىلا ئاجرىشىپ، ھەر ئىككىسى يەرلىكلەر بىلەن نىكاھلىنىدۇ. بۇ ۋاستە ئارقىلىق يەرلىشىۋالغاندىن كېيىن يەنە يەرلىكلەردىن ئاجرىشىدۇ- دە، بىر- بىرى بىلەن يارىشىۋېلىپ، قۇرۇتتەك مىدىرلاپ ياشاشقا باشلايدۇ. ئەمما بىز بۇ توغرۇلۇق ئويلاشتىنمۇ نومۇس ھىس قىلىدىغان بولساقمۇ، ئەمما ئاشۇ ئەركىن دۇنيادىمۇ بىر ئىشنىڭ ئېپىنى تاپالماي خىتايلارنىڭ ئالدىغا ئىش سوراپ بارىدىغان، خىتايغا يالىنىپ ئىشلەيدىغان، خىتايلار بىلەن ئارىلىشىپ شۇ يەردىمۇ «ئىككى ئايرىلالماسلىق روھى»نى «جارى قىلدۇرىدىغان» مۇناپىق تەبىئەتلىكىمىز بەكمۇ ئېچىنىشلىق. ھەتتا بىر - بىرلىرى بىلەن خىتايچە سۆزلىشىپ كېتىدىغان نومۇسسىزلارمۇ ئاز ئەمەس. ئاۋالقى ئەھۋالىمىز بويىچە بىز گويا دۇنيادا تەڭدىشى بولمىغان نومۇسچان، غورۇرى كۈچلۈك مىللەتكە ئوخشاپ تۇرىمىز. ئەمما، ۋەتىنىمىز (چوڭ مەنىۋىيەت جەھەتتىن

ئېيتقاندا ــ ئانىمىز) ئاياق ئاستى بولۇۋاتسا خىيالىمىزغا ئانچىۋالا ئازاپلىق ئوي كەچمەستىن، «خانلەيلۇن»نى توۋلاپ يۈرۈۋېرىمىز. بۇ جەھەتتىكى نومۇسسىزلىقىمىزمۇ بىزنى «دۇنيادا تەڭدىشى يوق مىللەت» شەرىپىگە مۇشەررەپ قىلىدۇ. ئەمدى چەتئەللەردىكى ئەھۋالىمىزنى خىتايلارنىڭ ئەھۋالىغا روبىرو قىلىپ كۆرەيلى:

بىزنىڭكىلەر باشقا دۆلەتلەرگە بارسا دەسلەپكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تەدرىجى ھالدا بىر ئۆلكىگە، بىر شەھەرگە، بىر رايونغا توپلىنىپ، بىر كوللىكتىپنى شەكىللەندۈرەلەمدۇ؟ بۇ ئارقىلىق مىللى سۈپەتنى، تىلنى، مىللى ئەنئەنىلەرنى ساقلاپ قېلىشنى ئاۋازنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شۇ ماكاندا ئۆزلىرىنىڭ بىرەر ۋەكىلىنى سىياسى سەھنىگە چىقىرىشنى ئويلامدۇ؟ ياق! بىرمۇنچىسى دەسلەپكى مەزگىللىك زېرىكىشكە چىداپ تۇرالماي قېچىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە بەزى كېتەلمەيدىغانلار (ھەقىقى سىياسى قاچقۇنلار)نىڭ ئىلتىجالىرى قوبۇل بولۇشىغا يامان تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ، يەرلىكلەردە ئىشەنچىسىز تەسىر قالدۇرغانلىقلىرى ئۈچۈن، پاسپورت ئېلىش، ئىلتىجا قوبۇل بولۇشلار زور دەرىجىدە قىيىنلىشىدۇ. ئەنە شۇ يىراق ئەللەردىمۇ بارى - يوقى بىرنەچچە ئۇيغۇر بىر - بىرى بىلەن پىتىشالماي، بىر - بىرىنى تەرك ئېتىدۇ. بىر - بىرىنى «جاسۇس» پالان دەپ غەيۋەت قىلىپ داتلىشىدۇ. ھەتتا يەرلىك ھاكىمىيەتكە بىر - بىرىنى چېقىپ، يەرلىكلەرنىڭمۇ نەزىرىدىن چۈشمەكتە. يېڭى كەلگەنلەرگە ياردەم قىلىش، ئارىغا ئېلىش جەھەتلەردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىشنىمۇ بىرخىل تىجارەتكە ئايلاندۇرىۋالغان بولۇپ، سېغىن كالىدەك «سېغىپ ئىچىش» ئۈچۈن داۋانى ئۆزۈنغا سوزۇشقا تىرىشىدۇ ۋە مۇساپىر ۋەتەندىشىنىڭ شارائىتنى، تىلنى بىلمەسلىگىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭدىن پارا

تەلەپ قىلىدۇ. ھەتتا تەتۈر تەرجىمە قىلىش، دۈشمەنلىك نىيىتى بىلەن پايدىسىز گەپلەرنى قوشۇپ تەرجىمە قىلىش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلگەچكە، بۇ ئىشلارنى بىرلا تەرجىمان ئارقىلىق يۈرگۈزۈش خاتاغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان يەرلىك دائىرىلەر بىرلا ۋاقىتتا بىرنەچچە تەرجىمان ئىشلىتىدىغان ئەھۋالارمۇ سادىر بولغان.

ئەنە شۇنداق بولغانلىقىمىزدىن، باشقا مەملىكەتلەر بىزدىن، ھەتتا بىزنىڭ شۇ ئەللەردە ياشىمىش ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرىمىزدىن خىتاي بىلەن بولغان دىپلوماتىيىسىدە تەڭشەك تېشى سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ مىللى تۇيغۇلىرى كاللىسىدىن چىقىرىپ تاشلانغاندەك، قىلچە خىجىللىق ھېس قىلمىغان ھالدا شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسى ياكى شەرقى تۈركىستان مەسىلىسى بويىچە مەسلىھەتچى — مۇتەخەسسىس بولۇپ، مىللى مەنپەتكە قارشى پۈتۈن ئىقتىدارى بىلەن خىزمەت قىلىدۇ (ئۇيغۇرلارنىڭ ئاجىز ھالقىلىرى، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇللىرى ھەققىدە تەدبىر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ). ئۇلار مىللى قېرىنداشلىرىغا مىللى ھېسسىياتى بىلەن ئەمەس، ئەقەللى ئىنسانىي ھېسسىيات بىلەن ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى ھېسداشلىق كەيپىياتىدىمۇ بولمايدۇ. بۇ جەھەتتىكى «ئۈزۈل- كېسىللىك»ى بىلەن خوجايىنلىرىغا تېخىمۇ بەك يېقىشىنى ئىستەيدۇ. باشقا مىللەتلەرگە ئارىلاش ياشىغان كىشىلىرىمىز شۇنچە تېزلا تىلىنى، ئۆرپ - ئادىتىنى يەڭگۈشلىۋېتىدۇ. ھەتتا ئۆي ئىچىدە بولسىمۇ بىر - بىرى بىلەن ئانا تىلىدا سۆزلەشمەس بولۇۋالىدىغانلار كۆپ. باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەممە نەرسىسى ئەزىز، گۈزەل، قالتىس، مەدەنى تۇيۇلسا كېرەك، ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىسىدىن نومۇسى كېلىدىغان غەلىتە بىرخىل ئاسىي ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ.

چەتئەللەردە ئۇلتۇراقلىشىپ قالغان باشقا مىللەتلەر (ھەتتا بىز مەدەنىيەتسىز دەپ ياراتمايدىغان مىللەتلەر) تىرىشىپ بىر رايونغا توپلۇنۇپ ياشايدۇ. بۇنىڭ بىلەن مىللىي مەدەنىيىتى، تىلى ــ يېزىقى، ئەنئەنىسى ساقلىنىپ قالىدۇ. گېزىت- ژورنال چىقىرىدۇ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە تارقىتىدۇ. بىرمۇنچە غەرپ ئەللىرىدە ھەتتا تىبەتلىكلەرنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن تىبەتچە مەكتەپلىرى بار. مانا بۇلار تەبىئىي ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ ـ يۇشۇرۇن ئاڭدىكى مىللىي كىملىك تۇيغۇسىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرىدۇر. باشقا ئەللەردىن گەپ ئېچىشقۇ تەس، ئۇيغۇرلار بىر قەدەر كۆپ ئولتۇراقلاشقان ئەللەردىمۇ بۇنداق ئىجتىمائىي مۇھىت شەكىللەندۇرەلمەيدۇ. دۆلىتى بولغان مىللەتلەرنىڭغۇ دۆلىتىگە يۆلىنىدۇ، دۆلىتى ئەلچىخانىلار ئارقىلىق تەشكىللەيدۇ دېيلى، دۆلىتى بولمىغان، سانىمۇ بىزدىن ئاز بولغان بىرمۇنچە مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرساقلا، ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقلىرىمىز مانا مەن دەپ ئاشكارە بولىدۇ. مەسىلەن: بىشكەكتە بىر نەچچە يۈز ئائىلىلىك دارگىنلار يېزىسىغا ساقچىلار خاھلىغانچە كىرىپ ئاختۇرۇش قىلالمايدۇ، ئەمما تۆمەنلەپ نوپۇسى بولغان ئۇيغۇرلار ھەر يەردە ئىگىسىز ئىتتەك خورلىنىدۇ، بوزەك قىلىنىدۇ.

بىز ئۆزىمىزچە ياراتمايدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەربىر ئاددىي پۇخراسى، ساۋاتسىز قارا ئىشچى ياكى دېھقىنىمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ ئالىنىملىرىگە تارتىشىدۇ. قىيماسلىق تۇيغۇسى، سۆيۈش تۇيغۇسى، ئۆزىنى تونۇش روھى، مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن ھەسسە قوشۇش روھى بولىدۇ (ھەتتا پاھىشە ئاياللىرىدىمۇ مەلۇم بىر زاماندا بۇخىل روھ نامايەن بولىدۇ). مەسىلەن: يەھۇدىلار، خىتايلار، كۇردلار، .... يۈزلەپ يىللار باشقا ئەللەردە ياشاپ، باشقا ئەل ئىجتىمائىي ئاتموسفېراسىغا ئادەتلىنىپ كەتكەندەك قىلسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى نامايەن قىلىشىنىڭ پۇرسىتىنى قولدىن



www.uyghurkitap.com

بەرمەيدۇ.

يەنە بىر تارىخىي مىسال: شىڭ شىسەي ئۆزىنى بىر مەزگىل شەرقى تۈركىستاننى «مۇستەقىل پادىشالىق» قىلىپ سوراپ يېگەندە نەنجىن ھۆكۈمىتى بىلەن مەنپەئەت زىددىيىتى بارىدى، ئۇ ھەتتا بولشىۋىكمۇ بولغان. ئۇ ھالدا ئۇ ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ شۇ يوسۇن دەۋران سۈرۈپ كېتىۋېرىشىگە كۆزى يەتمىگەندە، ئۇ بۇ زېمىننى سوۋېت رۇسسىيىسىگە ئەمەس، بەلكى خىتاي ئىمپېرىيىسىگە سوغا قىلىۋەتتى. ئەگەر ئۇ ئۇيغۇر بولغان بولسا قانداق قىلىشى مۇمكىن ئىدى؟ جەزمەنكى، مەغلۇبىيىتىگە بولغان ئاچچىغى مىللىي مەنپەئەت ئېڭىنى بېسىپ چۈشەتتى ـ دە، يات مىللەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئاچچىغىنى چىقىرىۋېلىپلا، ئۆزىنىڭ ھەمىيىتىنى ئالغىنىچە باشقا بىر تامانغا تىكىۋەتەتتى (چۈنكى، بىزنىڭ مىللىي پسىخىكىمىزدىكى بىر «ئارتۇقچىلىق» شۇكى، ئۆز نەسەپداشلىرىمىزدىن رەنجىگەندە، ئۇلار بىزنىڭ كۆزىمىزگە دۈشمەندىنمۇ يامانراق بولۇپ تۇيۇلىدۇ؛ دۈشمەن بولسا بۇ قېرىنداشلىرىمىزدىن خەتەرسىزراق بىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، شۇ قېيداشچىلىقتا، دۈشمەننىڭ قولى ئارقىلىق ئۇلارغا زەربە بېرىشتىنمۇ ئۆزىمىزنى توختىتالمايمىز)!

خىتايلار جان ئۈزۈۋېتىپ، بالىلىرى ياكى نەۋرىلىرىگە قىساس ئېلىشنى تاپىلىسا، بىز «سىڭگەن نېنىڭلارنى يەڭلار، بالام، مەندەك كۆنگە قالىسىلەر» دەپ تاپىلايمىز! ھەتتا بىزنىڭ بىرمۇنچە «داھى»لىرىمىزدىمۇ ئىسيانكار روھ پەقەت ئوتتۇرا ياشقىچە داۋام قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ بۇ يولدىن جان بېقىش ۋاستىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا باشلايدۇ ... چوڭلار ياشلارغا: «غىت قىسىپ، كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرىۋاتقىنىڭغا شۈكرى قىل» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ! ياشلار بۇنىڭغا قۇلاق سالمىغاندەك قىلسىمۇ، ئۇ ھەم

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرا ياشتىن ئاشقانسىرى قىزغىنلىقى تۆۋەنلەپ، «نەسىھەت» قىلىدىغان «پىشقەدەم»گە ئايلىنىدۇ! بۇ ئەھۋاللارنى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەسىرلەپ داۋاملاشتۇرىدىغان قارشىلىق ھەركەتلىرىگە سېلىشتۇرغىلى بولامدۇ؟ بىزنىڭ خاراكتېرىمىز شۇكى، دەرھال نەتىجە چىقتى، بولمىسا دەرھال زېرىكىمىز-دە، ئۆز ئىشىمىزغا كىرىشىمىز. ئىنقىلاپ ئۈچۈن ئىئانە قىلغان بەزى ساخاۋەتلىكلىرىمىز ھەپتە ئۆتمەيلا «ھوي، قېنى، قىلغان ئىشىڭلارنىڭ نەتىجىسىنى كۆرمەيمىزغۇ؟» دەپ سوراشقا باشلايدۇ. بۇ خۇددى قويغا يەمنى بېرىپلا قويرۇقىنى تۇتۇپ باققاندەك بىر ئىش (گويا ئۇنىڭ شۇ پۇلى بىلەنلا ئىش پۈتۈپ كېتىدىغاندەك)! سەۋرسىزلىك بىزدىكى ئەڭ چوڭ شەيتاندۇر.

بۇلارنىڭ ھەممىسى مەنىۋى دۇنيايىمىزنىڭ قۇرۇقلىقىدىن، مەنىۋى گادايلىقىمىزدىن بولغان بولۇپ، ئادەم مەنىۋىيەتتىن ئايرىلسا، ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلغانغا باراۋەردۇر. بىز مۇسۇلمانمىز، بىزگە نىسبەتەن بۇ مەنىۋىيەت — ئېتىقاتتۇر! بىزدە شۇنداق بىر روھى ھازىرلىق بولۇشى كېرەككى، ”بىز خىتايلار بىلەن دىنداش ئەمەس، نەسەپداشمۇ ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مەڭگۈ قوبۇل قىلالمايمىز! بۈگۈن مەغلۇپ بولساق، ئەتە يەنە قارشىلىق قىلىمىز، ... مىڭ قېتىم مەغلۇپ بولساق، مىڭبىرىنچى قېتىم يەنە كۆرەش قىلىمىز، ... بىز مەغلۇپ بولساق، بالىلىرىمىزغا تاپىلاپ كېتىمىز! ...» مانا بۇ — بىردىن - بىر توغرا يول! ئۇنداق بولمايدىكەن، خىتايلارنىڭ خوجايىنلىقىنى تەن ئېلىش، خىتايغا جىزيە تۆلەش، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويى سۇنۇش بىلەن ئۈزۈل - كېسىل دىنىدىن چىقىمىز. شۇنداقلا بۇ «بىز بىر يارىماس، قورقۇنچاق، مۇناپىق مىللەتمىز» دەپ تەن ئالغانلىقىمىز بولىدۇ، خالاس! بىز بالىلىرىمىزغا «غىت قىسىش» ھەققىدە ئەمەس، بەلكى دىن ۋە

مىللەت ئۈچۈن ئۆلۈش ھەققىدە دادىل نەسىھەت قىلالايدىغان بولغان ۋاقتىمىزدا، سەۋر ۋە چىدامغا ئۈندەپ تەربىيىلەيدىغان، بىر قېتىملىق ئەمەس، مىڭ قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىنمۇ قۇللۇقنى تەن ئالماي داۋاملىق تىركىشىش توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلىدىغان بولغاندا؛ «ھۆكۈمەت بىلەن ئويناشما، بېشىڭغا چىقىسەن» دەپ ئەمەس، «بوي سۇنۇپ نومۇسسىزلىق بىلەن ياشىساڭ، ئەركەك ئەمەسسەن، ئۇندىن كۆرە كۈچۈڭنىڭ يېتىشىچە قارشىلىق قىلىپ ئۆلۈپ كەتسەڭ شەرەپ» دېگەن ئىدىيىنى سىڭدۈرىدىغان دادىلاردىن بولالىساق، بۇ مىللەتنىڭ ئازات بولماسلىقىدىن غەم قىلمىساقمۇ بولىدۇ. ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد بۇخىل روھتا بولۇدىغان مىللەتنى قۇل قىلىش ئۇڭاي بولمايدۇ.

# بىزنىڭ ئاللاھتىن باشقا تايانچىمىز يوق

ئەسىرلەپ داۋام قىلغان زۇلۇم مەزلۇملارنى روھسىزلاندۇرۇپ، ھېچنىمىدىن ئۈمىد كۈتمەيدىغان ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇ ئۈمىدسىزلىك ئەينى ۋاقىتتا يەنە بىمەنىلىككە يېقىن بىرخىل ئۈمىدلەرنى ئىپادىلەشتە كۆرۈلىدۇ. يەنى، ئاخمىقانىلىك بىلەن ھېچبىر قانۇنىيەتلىك ئالاقىسى ۋە مەنپەئەت بىرلىكى بولمىغان ھادىسە ھەم سىياسى كۈچلەردىن قارىغۇلارچە ئۈمىد كۈتۈش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئۈمىدسىزلىك ئاخىرقى چەككە يېتىپ، ئەسەبىلىك دەرىجىسىگە بارغاندا ئەنە شۇنداق «شامالدىنمۇ، يامغۇردىنمۇ» ئۈمىد كۈتىدىغان بىنورمال روھى ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ، رىئاللىقتا ئېرىشىشتىن ئۈمىد ئۈزۈلگەن مەقسەتلەرگە شېرىن خىيالار ئىلكىدە يېتىش بولۇپ، بۇنى «روھى غالىبىيەتچىلىك كېسەللى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ قارىشىمىزنىڭ توغرىلىقى «تەڭلىمە»نىڭ يەنە بىر تەرىپى (ئۈمىد)نى تەكشۈرۈشتىن ئىسپاتلىنىپ چىقىدۇ:

ئۈمىد — ئىنسانلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ تۇيغۇسى ۋە ئىرادىسىدىن بارلىققا كېلىدۇ. ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ئىرادە تاشقى ئامىللارنى شەرت قىلمايدۇ. شۇڭا تاشقى ئامىللارنىڭ پايدىلىق ياكى پايدىسىز بولۇشى — بۇ ئۈمىدنىڭ ئۆچۈشىگە ياكى كۈچىيىشىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىكى كۆلەڭگۈدەك «ئۈمىد» بولسا ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ تۇيغۇسى، مەنىۋى تۈۋرۈك بولغان ئېتىقاد ئېڭىدىن ئىبارەت ئىچكى ئامىلغا ئەمەس، تاشقى ئاملارغا باغلىق بولغاچقا، تاشقى ئامىلدا پايدىسىز نەتىجە سېزىلگەن ھامان، بۇ «ئۈمىد» تېزلىكتە ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئالمىشىدۇ.

بۇخىل «پاسسىپ ئۈمىد»ــ ئەمەلىيەتتە ئۈمىدسىزلىك ــ ئىنسانىنى ھورۇنلاشتۇرىدۇ، ئىجاتچانلىق روھىنى، ئىزدىنىش روھىنى، تىرىشچانلىق روھىنى ئۇخلۇتۇپ قويىدۇ ـ دە، ئۇلار ھامان ئۆز بەختىنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىگىنىڭ سەۋەپ تېزگىنىنى باشقىلارغا باغلاپ قويۇپ، ئۆزى ئىزدەنمەيدۇ. بۇ، دىنىي نوقتىدىن ئېيتقاندا مۇشرىكلىك بولۇپ، ھەر جەھەتتىن خاتا ۋە زىيانلىقتۇر.

بىزنىڭ خەلقىمىز مىللى ئازاتلىق ئۈمىدىنى ئۆزۈن بىر زامان سوۋېت روسسىيىسىگە باغلىدى. بۇخىل پاسسىپ ئىدىيە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغانلار، سوۋېتپەرەستلەر، بولشىۋىكلارنىڭ چوقۇنغۇچىلىرى تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن بىمەنە ئۈمىد ئىدى. بۇ ئۈمىد 60ـ يىلاردىن كېيىن، خېرىششېۋنىڭ ئاتالمىش «مەخپىي دوكلاد» بېرىپ، ستالىننى ۋە ستالىن دەۋرىنى قاغىشىدىن كېيىنكى رۇس ـ خىتاي مۇناسىۋەتلىرىدە يۈز بەرگەن دىپلوماتىيە كىرىزىسى تۈپەيلى تېخىمۇ كۈچىيىپ، شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ زور كۆپچۈلۈكىدە مانا شۇ شەكىلسىز ئۈمىد ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى. بۇ بەختسىز خەلق ئۆزلىرى ئۈمىد باغلىغان ئاشۇ «دۈشمەنىنىڭ دۈشمىنى»گە باغرى تەلپۈنگەن ھالدا رادىئو ئاڭلايتى. خىتايلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ تۇرىدىغان بۇ دولقۇنلارنى ئاڭلاشمۇ ئۇقەدەر قولاي ئەمەس ئىدى. بۇ رادىئولار ئۈمىد كۈتكۈچىلەرگە نېمىلەرنى بېرەتتى؟ بەزى كۈنلىرى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنى بىرەر ئېغىز تىللاپ قۇيۇاتتى. ئاندا ـ ساندا «شەرقى تۈركىستان» دېگەن بۇ سۆيۈملۈك نام تىلغا ئېلىناتتى. ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنى ئاتاشمۇ جىنايەت بولۇپ قالغاچقا، رادىئودىن بۇ مۇبارەك ئىسمىنىڭ ئۆزىنى بىر قېتىم ئاڭلىۋېلىشمۇ قالتىس بەخت ھىساپلىناتتى. قانچىلىك ئادەم ئاشۇ غىژىلداپ تۇرۇك ئۇقۇلى بولمايدىغان، بىرەر ئەمىلىيراق مەزمونمۇ بولمىغان ئاڭلىتىشنى ئاڭلايمەن، دەپ جاسۇسلارنىڭ سېتىشى

تۇپەيلى تۇرمىلەردە ياتقان، ھەتتا قىيناق ئازاپلار دەستىدىن ئۆلۈپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ ھەممە ياقنى زۇلمەت قاپلىغان، ھېچ يوچۇقتىن يورۇغلۇق شولىسى كۆرەلمەيۋاتقان بۇ خەلققە، نۇر مەنبەسى بولۇپ كۆرۈنگەن ئاشۇ «پارقىراق قوڭغۇز»[1] ئۇلارنى ھامان جەلىپ قىلىپ تۇراتتى. شۇڭا رادىئونى ئاڭلىشاتتى، بەزىلەر خەتەرلىك تاغ يوللىرىدىن شۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتەتتى... ئېتىلاتتى، زىندانلارغا تاشلىناتتى...

ھەتتا كېيىنرەك «ۋەتەن قۇتقۇزۇش رادىئوسى» پەيدا بولدى. بۇ رادىئو سوۋېت سىياسىتىدىكى بىر مەيدان شاھمات ئويۇنى بولۇپ، ئۇ خەلققە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەس، بەلكى ۋەتەن ئىچىدىكى «ۋەتەن قۇتقۇزۇش تەشكىلات»لىرىنىڭ تاغ ئارىلىرىدا قۇرغان مەخپى رادىئو ستانسىسى بولۇپ بىلىنگەچكە، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ سىياسى قىلتاقنىڭ — سوۋېت تاشقى سىياسىتىنىڭ — رۇس دىپلوماتىيىسىنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى ...

70- يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا سوۋېت روسسىيىسى يەنە بىر قېتىم سىياسى شاھماتتا بەختسىز شەرقى تۈركىستان خەلقىنى تاراقلىتىدىغان «تېرە«، دەرۋازا قاقىدىغان «كېسەك» قىلدى. ۋيېتنام — خىتاي ئۇرۇشى مەزگىلىدە خىتاينىڭ ۋيېتنام ئۇرۇش مەيدانىدىكى كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشقا ئىمكان بەرمەسلىك ۋە يەنە باشقا ئالىيقانداق مەقسەتلەر ئۈچۈن، «غەرپتىن شەپە بېرىش» نەيرىڭى، «ئوتنى ئورۇپ يىلاننى ئۈركۈتۈش» (ياكى «توخۇنى بوغۇزلاپ، مايمۇننى چۆچۈتۈش») ھىلىسى ئىشلەتتى. ئۇلار خىتايلارنى سۈلھىگە قىستاش، دىپلوماتىيە جەڭگاھىدا كۆزلىگەن مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، ئاتالمىش «ۋەتەن قۇتقۇزۇش

---

[1] «پاقىراق قوڭغۇز» — بىرخىل ھاشارەت بولۇپ قاسىرقىدا پوسپۇر بولغاچقا كېچىسى يورۇق كۆرىنىدۇ. ئەمما ھارارەت بولمايدۇ، — ئا.

ئارمىيىسى»نىڭ ھەربى مانېۋىرىنى لېنتىغا ئېلىپ تارقىتىپ، خۇددى راستتەك تۇيغۇ پەيدا قىلدى. ھەتتا خىتاي كۆچمەنلىرى ئېغىر ـ يېنىك ئۆي جىھازلىرىنى ئەرزان سېتىپ ۋەتىنىگە قاراپ قېچىشقا، پىيىز ۋە ماشىنا بىلەتلىرىنىڭ باھاسى ھەسسىلەپ ئۆسۈپ كېتىشكىچە بېرىپ يەتتى. مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەت كەڭ كۆلەمدە يىغىن ۋە سەپەرۋەرلىك ئۇيۇشتۇرۇپ، «ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارمىيىسى» ھەققىدە بەزى «مەلۇماتلار»نى بەردى. ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىگە كۆرە، بۇ ئارمىيە 20 مىڭ كىشىلىك بولۇپ، ئۈچ دىۋىزىيەمىش، قۇراللىرى زامانىۋى، جەڭگىۋارلىقى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرارمىش. ئۇلارنىڭ ھۇجۇم تېزلىكى خىتايلارنىڭ مۇداپىيە سەۋىيىسىدىن زور دەرىجىدە ئۈستۈن بولغاچقا، ئۇلار ناھايىتى تېز ئارىدا 2ـ3 يۈز كىلومېتىر ئىچكىرلەپ كىرەرمىش...

مانا مۇشۇنداق، ئىككى ئىمپېرىيىنىڭ نەيرەڭلىرىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن ساختا سىياسى كېلىمات، خۇددى چۆلدە چاڭقاپ يىپقىلاي دەپ قالغان يولۇچىغا يىراقتا كۆرۈنگەن ئالۋۇندەك، يېڭى ئۈمىدلەرنى بەخىش ئەتتى. بىچارە خەلق بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا پىچىرلىشىپ: «بىزنىڭ 20 مىڭ كىشىلىك جەڭگىۋار ئارمىيىمىز بار ئىكەن، خىتايلار ئادەتتە بىزگە پايدىلىق نەرسىلەردە ساختا سانلارنى ئېلان قىلىدۇ. بەلكىم خىتايلار 20 مىڭ دەۋاتقان بۇ ئارمىيە يۈزمىڭ كىشىلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن! بۇ ئارمىيىمىز خىتايلار ھۇشىنى تېپىپ بولغىچىلا ، قەشقەرگە يېتىپ كېلەلىگىدەك. ئۇنداقتا بۇ ئارمىيىنىڭ سانى دەرھاللا مىليون كىشىلىك بولۇپ كېتىدۇ، ... ئى، ئاللاھ! بىزنىڭ ئاھىمىز ساڭا يەتكەن بولسا ئەجەپ ئەمەسكى، دۈشمىنىمىزدىن قۇتۇلساق...» دېيىشەتتى...

ئەپسۇس، خىتاي ـ رۇس مۇناسىۋەتلىرىدىكى يۇمشاش خەلقىمىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرىۋەتتى... ئاخىر نەتىجە شۇ بولدىكى،

www.uyghurkitap.com

بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق نەيرەڭلەر بولۇپ، رۇسلار ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلانغان، مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن تاشلىۋەتكەن ، خالاس! مانا مۇشۇنداق ئاساسسىز ئۈمىدلەرگە باغلىنىپ قېلىش، كىشىنى ئۈمىدسىزلىكنىڭ چەكسىز ھاڭلىرىغا ئىتتىرىۋېتەتتى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ھاياجانغا ئاسان بېرىلىدىغان، ئاسان ئىشىنىپ كېتىدىغان يېنىك ۋە يەڭگىلتەك مىللى خاراكتېرىمىزنىڭ نەتىجىسى! بىز ساۋاقلارنى ئەستە تۇتمايمىز، تەجرىبە يەكۈنلىمەيمىز، دۈشمەنلىرىمىز ئوخشاش ۋاستىنى قايتا-قايتا ئىشقا سالسىمۇ سېزىۋالالمايمىز. تارىخ، ئەۋلاتلارنى تەربىيىلەيدىغان تارىخ، تەجرىبە- ساۋاقلارنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى تارىخ ــ ھامان بىزنىڭ دىققىتىمىز سىرتىدا بولۇپ كەلدى. شۇڭا بىز ئوخشاش مەسىلىدە، ئوخشاش ئۇسولدا قانچە - قانچە قېتىملاپ ئالدامچىلىققا دۇچ كەلسەكمۇ، ھېچ سېزىۋالالماستىن دۈشمەننىڭ ھۆل خىشىغا دەسسەپ، ئۇنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئاڭسىز يوسۇندا پايدىلىق رول ئوينايمىز.

ئاشۇ بىز ئۈمىد كۈتكەن رۇسلار كىم؟ ئۇ تارىختا بىزگە قانداق پوزىتسىيەدە بولغان؟ «شاپائەت» قىلىپ باققانمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ بىزگە ياردەم قىلىشى مۇمكىن؟ بۇنىڭ بىرەر مەنتىقىگە ئۇيغۇن سەۋەبى بارمۇ؟ ئۇنىڭ مىللى مەنپەئەتى نېمىنى تەقەززا قىلىدۇ؟ بۇلارنى ھېچ قاچان ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرمەستىنلا، يېنىكلىك بىلەن ئىشىنىپ كېتىمىز!

ئۆتكەن ئەسىردە غەربى تۈركىستاندىكى قېرىنداشلىرىمىزنى مۇستەملىكە قىلىۋالغان رۇسلار، ئۆز مۇستەملىكىسىگە قوشنا يەردە ــ ئېتنىك مەنبەسى، دىنى، تىلى ۋە نەسەپلىرى ئوخشاش بولغان خەلقنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى بولۇشىنى ئۈمىد قىلمايتتى، بۇ بىر ئەقەللى سىياسى ساۋات ئىدى، ئەلۋەتتە. پامىر ۋە تەڭرى

تاغلىرىدىن ئىبارەت تەبىئىي چېگرا توسىقى، روسلارنىڭ بۇ زېمىننىمۇ قوشۇپ يۇتۇۋېلىشىغا ئەپسىز ئىدى. بېسىۋالغان تەقدىردىمۇ مۇداپىيە قىلىشقا قولايسىز — يەنى ئىگىز قارلىق تاغلار مىتروپولىيە بىلەن بولغان باغلىنىشقا كۆچلۈك توسالغۇ بولاتتى. ئۇ ھالدا ئافغانىستان ۋە ھىندىستاندا ماراپ ياتقان ئېنگىلىزلارنىڭ تەسىر دائىرىسىگە تاشلاپ بېرىش، رۇسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مۇستەملىكىلىرىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنى ئۆچۈن خەۋپ ئىدى. قىسقىسى، شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشىمۇ، ئېنگىلىزلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولۇپ قېلىشىمۇ ئوخشاشلا رۇسلارنىڭ مىللى مەنپەئەتلىرى ئۆچۈن تەھدىت ئىدى. ئۇ ھالدا نېمە قىلىش كېرەك؟ تەبىئىكى، شەرقتىكى بۈيۈك قوشنا — خىتايلارغا سوغا قىلىش ئارقىلىق، ئۇلار بىلەن تەڭپۇڭ مۇۋازىنەتنى ساقلاش ئەڭ مۇۋاپىق يول — «بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇدىغان» ئەپلىك ئىستىراتېگىيە ئىدى.

شۇڭا، چاررۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى گېنىرال گوبىرناتورى فون. كائوفماننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، كوروپاتكىن چېگرا كېلىشىمى قىلىش باھانىسىدا شەرقى تۈركىستانغا كېلىپ، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋە بەزەن قانۇنسىز ھالدا تىمىسقلاپ، ھەربى ئاخباراتلارنى توپلىدى. ھەم ۋەتىنىمىزنىڭ توپوگرافىيىلىك خەرىتىسىنى ئالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مانجۇ — خىتاي سۇلالىسىگە سېتىپ، بۇ مەملىكەتنى بېسىۋېلىشقا كۆشكۈرتتى، ھەمدە ئۆزى سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقا ۋەدە بەردى. جاللات زو زۇڭتاڭ قوشۇن باشلاپ چىقىپ، مىليونلارچە خەلقىمىزنى قەتلىئام قىلىپ ۋەتىنىمىزنى ئىستىلا قىلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا ئىسىم قويۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسمىنى ئاتاشنىمۇ جىنايەت قىلىپ قويدى. مانا بۇ — بىز شاپائەت كۈتكەن رۇسلارنىڭ دوستانە «تۆھپىسى»! مانا

www.uyghurkitap.com

شۇ هالدا خەلقىمىز بۇ ساۋاقنى ئېسىدە تۇتقىنى يوق، دۈشمەن بولسا بىزنى داۋاملىق خىتاي قۇللۇقىدا قالدۇرۇش ۋە ئۆزىنىڭ مىللىي مەنپەئەتى ئۈچۈن «قۇربانلىق قوي» قىلىشتىن ھېچ يانمىدى!

ئا. ھاكىمبايېۋ «ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ شەرقى تۈركىستانغا بولغان تەسىرى»① ناملىق ماقالىسىدا ئاشكارىلىشىچە، 1918~1922ــ يىللىرىچە بىرقىسىم «تۈرك»چىلەر غەربىي تۈركىستاننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈمىدى سۇغا چىلاشقاندىن كېيىن، شەرقى تۈركىستاننى بولسىمۇ ساقلاپ قېلىش كويىغا چۈشكەن. تارىخىي ساۋاقلار شۇنى كۆرسەتتىكى، قۇدرەتلىك قوشنىلار بىلەن مەنپەت توقۇنۇشى بولغان ھالدا ئاجىز دۆلەتلەر مۇنقەرزلىككە يۈز تۇتاركەن، شۇڭا تۈركچىلەر يېڭىدىن تۇغۇلغان سوتسىيالىستىك سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئىدىئولوگىيە جەھەتتىن بىردەكلىك ساقلاش ئارقىلىق ئۇلارغا ياخشىچاق بولۇپ، بۇ «چوڭ قوشنا»نىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىپ قېلىشنى، ئەكسىچە، ياردىمىگە مۇيەسسەر بولۇشنى خامخىيال قىلىشقان (چۈنكى ساددا خەلق كوممۇنىستلارنىڭ «ئېزىلگۈچىلەرنىڭ غەمگۇزارى» دېگەن چىرايلىق نامىغا ئالدىنىپ قالغان). شۇنىڭ بىلەن زىيالى تۈركچىلەر«كوممۇنىست» تونىغا كىرگەن. دە، بىر ياچېكا سۈپىتىدە 3. ئىنتېرناتسىيونالغا قاتنىشىپ، دۇنيادىكى كوممۇنىست پارتىيىلەر ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم سورىغان.

---

① ئا. ھاكىمبايېۋنىڭ ماقالىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان «تارىخ مەسىلىلىرى» ناملىق ژۇرنالنىڭ 1982 ـ يىللىق 10 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، مۇئەللىپ ئۇنىڭ خىتايچە تەرجىمىسىنى ئىچكى ماتېرىياللار ئارىسىدا تاسادىپىي كۆرگەنىدى ـــ ئا.

شۇ يوسۇن ئۇلار شەرقى تۈركىستان بىيروسى سۈپىتىدە 3- ئىنتېرناتسىيونالدا كۆپ قېتىم يىغىنلارغا قاتنىشىپ يۈرۈشتى. 3 - ئىنتېرناتسىيونال ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېزگىنلىشىدىكى قورچاق تەشكىلات بولغاچقا، رۇسسىيىنىڭ قاش- قاپىقىغا قاراپ ئىش تۇتاتتى. ئۇلار ئۇيغۇرلارنى ئېنىق بولمىغان دىپلوماتىيە تەلەپپۇزىدىكى قۇرۇق ئېمىزگىلەر بىلەن گوللاپ ۋاقىت ئۆتكۈزدى. 1921- يىلى ئۇيغۇر ۋەكىللىرىنىڭ قاتتىق تەلىۋى بىلەن ياردەم قىلىش - قىلماسلىق مەسىلىسى رەسمى مۇزاكىرىگە قويۇلدى. ۋەكىللەر بىردەك ياردەم قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇشتى. بىراق رۇسسىيە ۋەكىلى قارار چىقىرىدىغان تەشەببۇسكار ئورۇندا بولغاچقا، قارار چىقىرىلماي كېيىنگە سۈرۈلدى. 1922- يىلىغا كەلگەندە رۇسسىيە ئاخىرى قارار چىقاردى: رۇسسىيە كىچىك ۋە ئاجىز شەرقى تۈركىستانى قوللاش بىلەن شەرقتىكى بۈيۈك قوشنىسىنىڭ دوستلۇقىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا قەتئى بولمايدۇ؛ خىتايلار بىلەن زىتلىشىشكە ئېلىپ بارىدىغان بۇنداق قارارنى چىقىرىش، رۇس مىللى مەنپەئەتىگە خىلاپ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە هازىر يىراق شەرقتە خىتاي كومپارتىيىسى قۇرۇلدى، شۇڭا ئۇيغۇرلار خاهلىسا خىتاي كومپارتىيىسىگە قوشۇلۇپ كەتسۇن، خالىسا بولشىۋىكلارغا قوشۇلۇپ كەتسۇن، ئىشقىلىپ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشقا يول قويۇشقا بولمايدۇ! شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر ۋەكىللىرى 1922- يىلى 3- ئىنتېرناتسىيونالدىن رەسمى قوغلاپ چىقىرىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىكىدىن تارقاپ كەتتى؛ بەزىلىرى مىللەتچى سۈپىتىدە يوقۇتۇلدى... مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى ۋەتىنىمىزدە پارتىلىغان مىللى ئىنقىلاپ راۋاجلىنىپ كەڭ كۆلەملىك جىهادقا ئايلانغىنىدا، ئۆزلىرىنى «ئېزىلگۈچى مىللەتلەر ۋە ئېزىلگۈچى خەلقلەرنىڭ دوستى، غەمگۈزارى» دەپ پەدەزلەپ تونۇشتۇرىدىغان

رۇس كوممونىستلىرى قانداق پوزىتسىيىدە بولدى؟ تارىخ ئۇقۇغانلار ئېنىق بىلىدۇكى، شۇ زاماندىكى ئىنقىلابچىلىرىمىزمۇ رۇس مىللى مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن «قۇربانلىق قوي» قىلىندى. ئۇلار 1933- يىلى 12- نويابىردا قۇرۇلغان «شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشتە شۇنچىلىك ئۈزۈل- كېسىل بولدىكى، ھەتتا «ئېزىلگۈچىلەر دوستى» دېگەن چىرايلىق چۈمپەردىسىنىڭ يىرتىلىپ، ياۋۇز ئەپتى- بەشىرىسىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىغىمۇ قارىمىدى! 1937- يىلىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق كۆتۈرۈلۈش شەرقى تۈركىستاننىڭ جەنۇبى قىسمىنى پۈتۈنلەي ئىلىكىگە ئالغان بىر مەزگىلدە، رۇسلار ئىككىنچى قېتىم قۇراللىق مۇداخىلە قىلىپ، ئايرۇپىلان ۋە تانكىلار بىلەن قوزغىلاڭچى خەلق ۋە قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقى بولمىغان خەلقنى ئوققا تۇتۇپ، تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرسىگە قىستاپ ئاپىرىپ، 50 مىڭدىن ئوشۇق ۋەتەندىشىمىزنىڭ جېبىنىغا زامىن بولدى! نەتىجىدە خەلقنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىنغان قۇرالنى ۋە ھاكىمىيەتنى ختاي جاللاتلىرىغا تۇتقۇزدى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ شاھىدلىرى ھەتتا كۈنىمىزگە قەدەر ياشاۋاتقان تۇرۇغلۇق، شۇنچە تېزلا ئۇنتۇلۇشنى ئۇنتۇپ قالدۇق. مانا بۇ، بىز «شاپائەت» كۈتكەن رۇسلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق «بۈيۈك تۆھپىسى»!

40- يىللارغا كەلگەندە، دۇنيا ئۇرۇشىدىن قولى بوشىغان بولشىۋىكلار شەرقى تۈركىستاندىكى ئىمتىيازلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بۇ يەردىن غەرپ تەسىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدا بىر قارشىلىق ھەركىتى پىلانلىدى. قۇمۇل تەۋەسىدە ئامېرىكىلىقلار بىلەن ختايلار بىرلىشىپ قۇرۇۋاتقان كۆرەشچى ئايروپىلان زاۋۇتىنى توختاتماق غەرىزىدە پىلانلىغان بۇ قوزغىلاڭ نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان بولسىمۇ، ختاي ھۆكۈمىتىنى ئۆز

مەقسىتى تەرەپكە قىستاپ كەلتۈرۈشكە ۋاستە قىلىنغان بۇ ئىنقىلاپ، ئىستراتېگىيىلىك پىلان ئەمەلگە ئاشقان، رۇس بولشېۋىكلىرىنىڭ تەلۋى خىتايلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە رۇسلارنىڭ قولى بىلەن كىشەنگە بەنت قىلىنىپ خىتايلارغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. خەلقىمىز يەنە بىر قېتىم رۇس مەنپەئەتى ئۈچۈن «قۇربانلىق قوي» قىلىندى.

بۇ تارىخى ساۋاقلارنى شۇنچە چاپسان ئۇنتۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە يەنىلا «رۇس شاپائىتى»دىن ئۈمىد كۈتۈش، بىزنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىمىز، دۆتلۈكىمىز، تارىخنى ئۇنۇتقان ئاسىي خاراكتېرىمىزدۇر! مىڭلارچە شۈكرىكى، خەلقىنىڭ زور كۆپچىلىكى بۇ نوقتىنى كېچىكىپ بولسىمۇ تونۇپ يەتتى. ئەمما كۆپ ئەپسۇسكى، ئاز بىرقىسىم ئادەملەر، ۋاقتى ئۆتكەن «رۇس شاپائىتى» سەپسەتىسىنى ھېلىمۇ كۆتۈرۈپ يۈرمەكتە. بۇ ئادەملەرنىڭ سالاھىيىتى كىشىنى گۇمانغا سالىدۇ!

ئۆزگىلەردىن شاپائەت تاما قىلىش جەھەتتە قايمۇققان كاللىمىزدا، «تۈركىيەدىن ئۈمىد كۈتۈش»مۇ ناھايىتى زور سالماقنى ئىگەللەيدۇ. رۇسلاردىن ئۈمىد كۈتكۈچىلەر دىنىي ئېتىقادى زەئىپلەشكەن ياكى ئايىنىغان، كوممۇنىزىم تەلۋىلىكى بىلەن كاللىسى چۆگىلەپ كەتكەن ئادەملەرنى يادرو قىلغان بولسا، تۈركىيەدىن ئۈمىد كۈتۈش، ئېتىقاتىدىن چەتنىمىگەن ۋە كۆڭۈللىرى تۈركىسىزىمغا مايىل كىشىلەرنى يادرو قىلىدۇ. نەتىجە ئېتىبارى بىلەن، بۇ ئىككى خىل «ئۈمىد»نىڭ ھەر ئىككىسىلا «خام تاما» بولۇپ، بىمەنىلىكتە ھېچ پەرقى يوق!

تۈركىيە خەلقى سەبداشلىرىمىز بولۇشى سەۋەبىدىن ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، بىزگە ئەڭ كۆيۈنىدىغان خەلق بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز ھالىدىن ئېشىنىپ بىزگە ياردەم قىلغىدەك ھالدا ئەمەس (شەخسلەرگە پاناھلىق بېرىش قاتارلىقلاردا ياردەم قىلالىسىمۇ،

ۋەتەن ئازاتلىغى مەسىلىسىدە ھېچ ئىمكانسىز). ئۇزۇن بىر زامان دۇنيادىكى ئىككى ئاساسلىق كۈچنىڭ بىرى بولغان رۇس كوممونىست ئىمپېرىيىسى تۈركىيەگە تەھلىكە بولۇپ تۇرغان ئىدى. كوممونىستلارنىڭ ئاغدۇرمىچىلىقى، ئىدىئولوگىيە ھۇجۇمى ۋە ھەربى تەھلىكىسى ئىچىدە ياردەمگە ھېچ ئىمكانسىز ئىدى. كېيىن غەرپ كۈچلىرى ۋە كوممونىستلارنىڭ ئورتاق يۆلۈشى نەتىجىسىدە كوردلار مەسىلىسى ئەۋج ئېلىپ، تۈركىيە ئۈچۈن بىر باش ئاغرىقى بولدى. خىتاي كوممونىستلىرى كۇردلارنى قۇراللاندۇرغان ئىدى. بۇ ھالدا خىتاي ۋە تۈركىيە ئارىسىدا بىرخىل «تەقدىرداشلىق» شەكىللىنىپ، بىر كېلىشىمگە كېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغدۇرغانىدى. يەنى خىتايلار كۇردلارنى قوللاش ئارقىلىق تۈركىيەنى ئۆزى كۆزلىگەن دىپلوماتىيە نىشانىغا قىستاپ كەلتۈرگەنىدى. بۇندىن باشقا ئوتتۇرا دېڭىزدا تۈركىيە ۋە گىرىتسىيەنىڭ مەنپەئەت تالىشى مەۋجۇت ئىدى. ئوتتۇرا دېڭىز ئاراللىرى بۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ھەل بولۇشىغا كۆز يەتكۈسىز چىگىش مەسىلە ئىدى. شۇ تۈپەيلى، گىرىتسىيەمۇ تۈركىيەنىڭ خاتىرجەملىكىنى بوزۇش، تېنچ تەرەققى قىلىشىغا ئىمكان بەرمەسلىك ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن بارلىق چارىنى ئىشقا سالاتتى! بۇندىن باشقا يەنە بىر يوشۇرۇن جاراھەت — تۈرك-ئەرمەن ئۆچمەنلىكىمۇ بار ئىدى.تېخىمۇ مۇھىمى، ئامېرىكا تۈركىيەنى كوزىر قىلىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىگىمۇ، كۈچىيىپ كېتىشىگىمۇ قاراپ تۇرمايدۇ. مانا مۇشۇنداق گىرەلىشىپ كەتكەن زىدىيەتلەر ئىچىدىكى تۈركىيە، ياردەمگە ئىمكانسىزدۇر. تۈركىيەدىكى «شەرقى تۈركىستان پالان-پالانى» دېگەندەك ئورۇنلار تۈركىيەنىڭ قولىدىكى كوزىر بولۇپ، تۈرك-خىتاي دىپلوماتىيىسىنى تەڭشەيدىغان ۋاستە، خالاس. شۇڭا تۈركىيە ھاكىمىيىتى تۈركىيە تەۋەسىدە شەرقى تۈركىستان

داۋاسىنىڭ جىمىپ قېلىشىنىمۇ، كۈچۈيۈپ كېتىشىنىمۇ خاھلىمايدۇ. مانا شۇنداق، ھەركىم ئۆز غېمى بىلەن، بىزنىڭ ئۆلۈش ـ تىرىلىشىمىز بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق. كونىلاردا شۇنداق بىر تەمسىل بار: «جانىمۇ ـ جان ئۆزىنىڭ جېنى، كىشىنىڭ جېنى ئىتنىڭ جېنى». مانا بۇ، دۇنيانىڭ مەنپەئەت مەنتىقىسى! ئەگەر ئاق كۆڭۈل تۈرك خەلقىنىڭ ھېسداشلىقى ئەمەلىي ياردەمگە ئايلانسىكەن دەيدىكەنمىز، ئۆزىمىز ئوت يېقىشىمىز كېرەك، ئاندىن باشقىلار ئوتۇن سېلىشى مۇمكىن. بۇ خۇددى «يىغلىمىغىچە ئەمچەك سالماپتۇ» دېگەندەك ئاددى بىر ھەقىقەت!

يەنە بىرخىل خامتامادا بولغۇچىلارمۇ باركى، بۇلار غەرپ دېموكراتىيىسىنىڭ ئىخلاسمەنلىرىنى يادرو قىلىدۇ. ئۇلار ئامېرىكا دۇنيادا ھۆررىيەت ۋە ئەركىنلىكنىڭ ھامىسى، ئاشۇلار ھامان بىركۈنى بىزنىڭ مەسىلىمىزنى كۈنتەرتىپكە قويىدۇ، خىتايغا بېسىم ئىشلىتىپ چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبورلايدۇ، ... دېگەن تامادا بولماقتا. بۇلارنىڭ قارىشىچە ھازىر تېخى ئامېرىكىنىڭ ھەقىقى تۈردە قولى بوشاپ، شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىگە چولىسى تەككىنى يوقمىش، قىرىشقاندەك تۈگىمەس «ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسى»، «پارىس قولتۇغى مەسىلىسى» ئامېرىكىنى بەنت قىلىۋېلىپ، بىزنى پۇرسەتلەردىن مەھرۇم قىلماقتىكەن. ئەگەر ئۇ بۇ ئىشلاردىن بىكار بولسا، جەزمەن بىزنىڭ ئىشىمىزغا قول تىقىدىكەندۇق! مانا بۇ تېخىمۇ بىمەنىلىكتۇر!

ئۈمىدسىزلىكتىن تۇغۇلغان «روھى غالىبىيەتچىلىك» پىسخىكىسى ئۆز- ئۆزىنى خوشال قىلىدىغان، ئۆز- ئۆزىنى بەزلەيدىغان نۇرغۇن ھېكايىلارنى توقۇپ چىقىشقىچە ئېلىپ بارىدۇ. ئامېرىكىنىڭ بىرەر ئەمەلدارى خىتايغا كەلسە، ئۆزىمىزچە

www.uyghurkitap.com

«شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى توغرىسىدا سۆزلەشكىلى كەپتىمىش؛ ب د ت نىڭ نۆۋەتتىكى يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇلغانىكەن، تۆرت دۆلەتنىڭ قارشى تۇرۇشى، 96 دۆلەتنىڭ قوللىشى بىلەن نەتىجىلىنىپتۇ...» دېگەندەك، شېرىن خىيالاردىن تۇغۇلغان گۈزەل ھېكايىلار ئېغىزدىن- ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدۇ... ئامېرىكىدىن شاپائەت تىلەش خاھىشى ھازىرقى كۈندىمۇ داۋام قىلماقتا... ھەتتا، بەزى تەشكىلاتلارنىڭ «داھى»لىرىدىمۇ مۇشۇنداق بىمەنە ئۈمىد ھالەن ياشىماقتا.

يەنە بىر شەيتانى ئۈمىد شۇ بولغانىكى، قانداقتۇر «خوڭكوڭ مەسىلىسى بىلەن بىرگە ھەل بولىدۇ، غەرب دېموگراتىك كۈچلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىگە خوڭكوڭ مەسىلىسى توغرىسىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ‹تەڭ زەمبىل› قىلىپ قويۇپ، ‹خىتايمۇ ئەنگلىيەگە ئوخشاشلا مۇستەملىكىسىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك› دەپ بېسىم ئىشلىتىۋاتقانمىش!...» دېگەندەك ھېكايىلار خەلقىمىزنى تېنچلاندۇرۇش دورىسى سۈپىتىدە ئەنە شۇنداق پەيلەپ ئۇخلىتىپ كەلگەنىدى. بۇنىڭغا قوشۇمچە ھالدا، خوڭكوڭنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش- ئۆتكۈزۈۋېلىش سائەتلىرىدە ئۇرۇش پارتلاپ، خىتاي ئىمپېرىيىسىنىڭ پارچىلىنىشىدا بۆسۈلۈش ئېغىزى بولۇپ قالىدۇ، دېگەندەك خامتاما مەھسۇلاتلىرىمۇ ئېقىپ يۈرگەنىدى. ئۈمىد — كۆلەڭگىدەك جىسمىسىز نەرسىلەرگە باغلىنىپ قالغاچقا، «كۆلەڭگۈ» يوقالغان ھامان، بۇ ئۈمىد كۆپۈككە ئايلىنىپ، بۇنداق خىيال بىلەن ئۆزىنى خوش قىلىپ يۈرىۋاتقانلارنىڭ بىراقلا يېلى چىقىپ، ئۈمىدسىزلىكنىڭ چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. گۈيا ھەممە ياقنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندەك، ھېچبىر تەرەپتىن ئۈمىد شولىسى كۆرۈنمەيۋاتقان، مەڭگۈلۈك ۋە چەكسىز زۇلمەت ھۆكۈمران بولغاندەك بىر كارتىنا شەكىللىنىپ، ئۈمىدسىزلىك مانا شۇ زۇلمەتنى تەن ئېلىش روھى

هالىتىگە كەلتۈردى.

بىمەنە ئۈمىدلەر شۇنىڭ بىلەنلا تۈگىگىنى يوق. تېخىمۇ خەتەرلىك، تېخىمۇ گۆڭگا بىر «ئۈمىد» ھازىر نۇرغۇن زىيالىلىرىمىز، ۋەتەن سىرتىدىكى تەشكىلاتلىرىمىز (خۇسۇسەن شۇ تەشكىلاتلاردىكى «داھىي»لار)، ھەتتا خەلقىمىز چوڭقۇر چۈشەنمەيلا، خاتا ھالدا ئۈمىد باغلاۋاتقان ئايرىم «داھىي» لىرىمىزمۇ «مودا» قىلىۋاتقان ئۈمىد بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ خىتايلار دېموكراتىيىگە ئۆتكەن ھامان بىزنىڭ ئىشىمىز تېنچ يول بىلەن، سىياسى يول بىلەن (سۆھبەت ئۈستىدە) ھەل بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت! بۇ، بەزى داھىيلارنىڭ ئۆمۈرلۈك ئەقىدىسى ئىدى، ئەمدى ئۇ، كېيىنكىلەرگە مىراس قالغاندەك تۇرىدۇ!

بۇ، تارىخنى ئۇنتۇشتىن، ئەسلىنى ئۇنتۇشتىن، ساۋاقلارنى ئۇنتۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ئۇنتۇش بولسا، خائىنلىقنىڭ بىخىدۇر. «ھارۋىدا توشقان ئالىدۇ» دەپ سۈپەتلەنگەن دۈشمەننىڭ دېموكراتچىلىرى نېمە- يۇ، دىكتاتۇرلىرى نېمە؟ بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىن ئىبارەت بۇ گۆھەر زېمىن خىتاي مىللىتىنىڭ گۈللىنىشىدە — سانائەتلىشىشىدە، قۇدرەتلىك چوڭ دۆلەت قۇرۇشىدا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەجەبا، دېموكراتچى خىتايلارنىڭ مىللى گۈللىنىش ئارزۇسى، قۇدرەتلىك چوڭ دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسى يوق بولسا؟! بىزنىڭ مۇشۇنداق ئۈمىدتىكى پۇقرالىرىمىز ۋە ئۆزىچە قانداقتۇر «تەشكىلاتچى» بولۇۋالغان «چوڭ» لىرىمىز بۇ ئۈمىدنى كۈتۈشتە قانداق تارىخى ئاساسقا، قانداق پاكىتقا، قانداق خاراكتېر مەنتىقىسىگە ئاساسلىنىدۇ؟ ھەرقانداق ھەركەتنىڭ تەرەققىيات مەنتىقىسى بولىدۇ. ھەرقانداق خۇي- پەيل، مىجەز- خاراكتېرنىڭمۇ ئوخشىمىغان تارىخي شارائىتتا بىرخىل مەنتىقىلىق ئىپادىسى، مەنتىقىلىق تەرەققىيات باسقۇچى بولىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا،

www.uyghurkitap.com

مەلۇم ئادەمنىڭ ئادەتتە ئىپادىلەيدىغان خۇي ـ پەيلى، ئىلگىرىكى قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى مەلۇم خاراكتېر مەنتىقىسى بويىچە بولۇدۇ. كېيىنكى قىلىدىغان ـ ئېتىدىغانلىرىمۇ ئەنە شۇ مەنتىقىگە ئۇيغۇن ھالدا بولىدۇ. خۇددى مەسىلەن: مۇشۇكنىڭ گۆشخورلۇقى بىر ئارىدا ئۆزىچە ياكى مەجبورەن ئۆزگۈرۈپ قالمايدۇ، ئۇنىڭ ئەسىر ئېلىنغان چاشقاننى بىردەم يىمەي ئوينىشى، ھەرگىز ئۇنىڭ ئۆزگۈرۈپ قالغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. تەمسىلدە شۇنداق كەلگەن: «مۇشۇكنىڭ گۆشكە بويى يەتمىسە، ‹روزا تۇتتۇم› دەر». بۈگۈنكى دېموكراتچى خىتايلارنىڭ ئاغزىدا دەپ يۈرگەن داۋراڭلار خۇددى شۇنداق، «گۆشكە بويى يەتمىگەن»لىكى ئۈچۈن، ئەنە شۇنداق «روزا تۇتقان» قىياپەتتە كۆرۈنمەكتە. ئۇھالدا، خىتايلارنىڭ شەرقى تۈركىستانلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى تارىخىدا قانداق ئىپادىلەر بولغان؟ شۇ ئىپادىلەرنىڭ ئىخچام تەسۋىرى، ئەڭ ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ «خىتايلار ھارۋۋىدا توشقان ئالىدىغان خەلق» دېگەن تەمسىلىدىن ئىبارەت! دېمەك، خىتايلار ــ سۆھبەت ئۈستىدە، دۈۋۈلىۋېتىلگەن تارىخىي پاكىتلار (مۇستەقىل دۆلەت بولغانلىقىمىزغا دائىر دەلىللەر)، مۇستەملىكە بولۇش جەريانىمىز ھەققىدىكى ئىسپاتلار، كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدىكى تەسىرلىك نوتۇقلاردىن يۈزى قىزىرىپ كېتىدىغان، كۆڭلى ئېرىپ كېتىدىغان، ئۇنداق خىجىللىق تۇيغۇسىغا باي مىللەت ئەمەس! ئۇنداقتا مۇشۇنداق بىر مىللىي پىسخىكىنىڭ قانۇنىيەتلىك كېيىنكى ئىپادىسى نېمە بولۇشى مۇمكىن؟ بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئەخمىقانە قاراشقا بىزنىڭ ئاددى پۇخرالىرىمىز ھېچ ئىشەنمەيدۇ، ئەمما بەزى «داھى»لار بۈنىڭدىن بەك ئۈمىدۋار بولماقتا. ئۇلارنىڭ مۇنداق مەۋھۇم «ئۈمىد»لىرىنى مەلۇم سىياسى، تارىخى ئاساسقا تايىنىلغان ھالدا شەكىللەنگەن دېگەندىن كۆرە، ئۇلارنىڭ بۇنداق

«تېنچلىقتا مايىل» ياخشى كۆڭلى بىلەن قىلىۋاتقان تەشەببۇسلىرى، ئۇلار تاللىۋالغان ئالاھىدە شەكىلدىكى «ۋەتەنپەرۋەرلىك» ئۇسلۇبىغا مۇۋاپىق كەلگەنلىكى ئۈچۈن، دېگەن تۈزۈكراكتۇر. يەنى ئۇلارنىڭ «ئۆگزىگە چىقىۋالسا ئىتتىن قورقمايدىغان»، «لاي تۇتماستىن تام ئېتىدىغان»، «تېلېۋىزورنى يوتقاندا يېتىپ باشقۇرۇش»تەك ئالاھىدە (قۇربان بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ ئەپلىك ئۇسۇلى بولغان) «ۋەتەنپەرۋەرلىك» ئۇسلۇبىنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇنداق تېنچلىقپەرەستلىك دۇنيادا مودا بولغان، مەزلۇم خەلقنى تېنچلاندۇرۇش دورىسى بېرىپ ئۇخلىتىدىغان، ھۆكۈمرانلار كەشىپ قىلغان، چىرايلىق پەردازلانغان شۇملۇقتۇر (بىزمۇ تېنچلىقنى سۆيۈمىز، ئەلۋەتتە. ئەمما مەخسەتلىرىمىزگە يېتىپ، بىزمۇ باغچىلىرىمىزدا خاتىرجەم سەيلى قىلىدىغان بولغاندا، بىزمۇ تېنچلىق شۇئارىغا قول كۆتۈرىمىز). بۇنداق تەشەببۇس — خۇددى ھالسىرىغان دۈشمەن سۇلھى تەلەپ قىلىش ئارقىلىق كۈچ توپلاش ئۈچۈن ۋاقىت قازانغاندەك، بۇنداق بىمەنە ئۈمىدلەرنىڭ ھەممىسى خەلقنى گوللاپ، دۈشمەن ئۈچۈن كۈچۈيۈۋېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ؛ تەييارلىق ۋاقتى قازىنىپ بېرىدۇ، خالاس! چۈنكى خىتاي دېموكراتلىرىمۇ ھازىرغىچە شەرقى تۈركىستاننىڭ بېسىۋېلىنغان زېمىن ئىكەنلىكى ھەققىدە ئوچۇق بايانات ئېلان قىلىش سەممىيىتى كۆرسەتكىنى يوق. ئەگەر شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ بۇنداق قۇرۇق گەپلەرگە ئىشىنىش، بىزنى يەنە بىر قېتىم تارىخي پۇرسەتلەردىن مەھرۇم قىلىشى ئېنىق. چۈنكى، كوممونىست خىتايلارمۇ «ئۈچ يىل ئىچىدە چىقىپ كېتىمىز، گومىنداڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلاپ بولۇپلا چىقىپ كېتىمىز، يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇشۇڭلارغا ياردەم بېرىپ ئاندىن چىقىپ

www.uyghurkitap.com

كېتىمىز،...» دېگەن رەڭۋازلىقىنى قىلغان ئىدى. شەرقى تۈركىستاننىڭ شەھەر كوچىلىرىغا ئېسىلغان شۇ مەزمۇندىكى شۇئار- لوزۇنكىلارنى كۆرگەن شاھىدلار تېخى ھايات تۇرۇپلا، ئاسمان - زېمىن ئۆزگۈرۈشلەر يۈز بەردى، ئۆز ۋەتىنىمىزدە ياشاش ھوقۇقىمىزدىنمۇ مەھرۇم قىلىنىۋاتىمىز. بەلكىم بەزىلەر دېموكراتىك خىتايلار دېمەك، كوممونىست خىتايلارغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، دەپ سەۋەپ كۆرسۈتەر. لېكىن بىز تارىختا بىرلا ئادەم تەرىپىدىن ئالداندۇق، پەقەت ئۇ كېيىمىنى ئۆزگەرتىپلا ئالدىمىزغا كەلدى: شىڭ شىسەي دېگەن ياڭ - جىنلارغا ئوخشامتى، بۇ دېگەن تەرەققىپەرۋەر ئىدىيىدىكى كىشى، ئۇ ئالدىمايدۇ دېدۇق. ئوخشاش نەتىجە بولدى؛ گومىنداڭ دېمەك، سۈن ياتسىننىڭ ئۈچ بۈيۈك سىياسىتىنى ئىجرا قىلىدىغان پارتىيە، شىڭ جاللاتقا ئوخشامتى، دەپ ئۆز- ئۆزىمىزنى بەزلىگەن ئىدۇق، ئۇنىڭ قىلمىشىمۇ مىللىي مەنپەئەتنى ئاساس قىلغاچقا، مىللىي خاراكتېرىنىڭ مەنتىقىسى بويىچە ئوخشاش نەتىجىگە ئېلىپ باردى. كوممۇنىستلارنى ئېزىلگۈچىلەرنىڭ بېشىنى سىلايدىغان ماشايىخ دەپ بىلگەن، كوممۇنىست خىتايلارنىڭ تېزەك تېرىپ كېلىشى، چاجاڭ قۇرۇپ ئالدىغا چىققان خەلقنىڭ يېمەك- ئىچمەك، يەم- خەشەكلىرىدىن ھېچنىمىگە تەگمەي «ئالىجاناپلىقى»نى ئىپادىلىشى خەلقنىڭ زور كۆپچىلىگىنى غەپلەتتە قالدۇرۇپ ئالدىغان بولسا، خەلق ئىچىدىكى دانىشمەنلەر خىتايلارنىڭ بۇنداق «ئەدەپ- ئەخلاقلىق»، «يۇمشاق- مۇلايىملىق»نى تېخىمۇ يامان شۇملۇقنىڭ بىشارىتى دېيىشكەندى.

ساۋاقلارنى ھېچ نەزەرگە ئالماستىنلا دۈشمەنگە دەم بېرىدىغان بۇنداق «تېنچلىقپەرەستلىك» يولىنى تۇتقۇچىلار ۋە باشقا شۇنىڭدەك مەۋھۇم «ئۈمىد»لەرگە خەلقنى ئىشەندۈرمەكچى بولۇپ

تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلارنىڭ ھەقىقى سالاھىيىتى ئۈستىدە چوڭقۇرراق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئادەملەر ساختا «ۋەتەنپەرۋەرلىك»، «مىللەتچىلىك» تونى كېيىۋېلىپ خىتاي مەنپەتى ئۈچۈن ئىشلەمدۇ ـ قانداق؟

بىز پەقەت چىش ـ تىرنىقىغىچە قوراللانغان خىتاي ئارمىيىسىلا ھۆرلىكىمىزنىڭ بىردىن ـ بىر توسالغۇسى دەپ قارىساق بەك بالىلارچە ئويلىغان بولىمىز. بىزنىڭ يولىمىزدىكى توسالغۇ كۈچلەر ئىچىدە خىتاي مۇنتىزىم ئارمىيىسىدىنمۇ خەتەرلىكرەك يەنە بىر يوشۇرۇن جەڭگاھتا «خىتاي ئارمىيىسى» مەۋجۇت. بۇ «ئارمىيە» ـــ نەسلى بىزدىن بولغان، بىزگە ئوخشاش سۆزلەيدىغان جاسۇسلار، مۇناپىقلار بولۇپ، ئۇلار دىنىي سەپ، پەننىي سەپ، سىياسىي سەپ، ئاخبارات، تەشكىلاتلىنىش، تەشۋىقات قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. خىتايلار پەقەت ئارمىيە ئارقىلىقلا بىزنى چەكلەش بىلەن قانائەتلەنمەيدۇ. مىليونلارچە ئەسكەرگە، مىليونلارچە ساقچىغا، مىليونلارچە باشقا ھەرخىل ئاتاقتىكى فورمىلىق ۋە فورمىسىز قوراللىق كۈچلەرگە ئىگە خىتاي ھاكىمىيىتى مۇشۇ كۈچلەرنى بىزنىڭ ھەركىتىمىزنى چەكلەشكە يېتىدۇ، دەپ قارىماي، يەنە مىڭلىغان جاسۇسلارنى، مۇناپىقلارنى ئىشقا سېلىۋاتقانلىقىدىن بىز بىر ئەقىلگە كېلىشىمىز كېرەك. يەنى، خىتاي ھۆكۈمىتى شۇنچە كۆپ ئادىمىگە، قوراللىق كۈچىگە تەمەننا قىلىپ، باشقا سەپلەرنى تاشلاپ قويمىغان يەردە، بىزنىڭ ھېچنىمىدىن ھېچنېمە يوق جاھانغا پاتماي قېلىشىلىرىمىز، ھەرخىل ئىتتىپاقلىشىشقا بولۇدىغان كۈچلەرنى چەتكە قېقىشىمىز، كۆلەڭگىدەك «ئۈمىد»لەرگە گول بولۇپ يۈرۈشىمىز چېكىدىن ئاشقان تەلۋىلىك ۋە دۆتلۈكتۇر!

شۇنى ئېنىق تونۇشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ بۇ يەر يۈزىدە

www.uyghurkitap.com

ئۆزىمىزدىن باشقا غېمىمىزنى قىلغۇچى، تايىنىدىغان تايانچىمىز يوق. بىزگە (ئاللاھتىن باشقا) ھېچكىم ياردەم قىلالمايدۇ ۋە قىلمايدۇ. بىز ئۆز غېمىمىزنى ئۆزىمىز قىلىشىمىز، ھەرخىل چەتئەل كۈچلىرىدىن، سىياسىي گۇرۇھلاردىن، خەلقئارا تەشكىلاتلاردىن زىيادە ئۈمىد كۈتۈش بىلەن ھۇشيارلىقىمىزنى، تىرىشچانلىقىمىزنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك. بىز بۇ كۆرەشكە بەل باغلىغان ئىكەنمىز، قانداقتۇر پالانچى - پوكونچىلارغا ئۈمىد باغلاپ ئەمەس، ئۆز ئىمان- ئېتىقادىمىزغا، ئۆزىمىزنىڭ ئىرادىسىگە، ئۆز كۈچىمىزگە ئىشىنىپ مەيدانغا چۈشۈشىمىز كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، تاشقى شەرت قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بىزدە ئۈمىدسىزلىك تۇغۇلمايدۇ. بىز تاشقى ياردەمنى چەتكە قاقمايمىز، ئەمما جىمى ئۈمىدلەرنى ئۇنىڭغا باغلاپ قويساق خاتا بولىدۇ.

« ... **ياردەم پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىنلا كېلىدۇ...**» (سۈرە «ئەنفال» 10- ئايەتنىڭ بىرقىسمى).

«...**ياردەم پەقەت غالىپ ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىندۇر...**» (سۈرە «ئال ئىمران» 126-ئايەت).

بۇ ئايەتلەر ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدۇر. بىزنىڭ ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق تايانچىمىز يوق، ياردەم بەرگۈچىمىز يوق، غەمخورىمىز يوق.

بىز پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمىگە، ئۆزىمىزنىڭ ئىمان- ئېتىقاتىغا، ئىرادىسىگە ئىشىنىمىز، باشقا ھەرقانداق تاشقى ئامىللارغا ئۈمىدىمىزنى باغلاپ قويماسلىقىمىز كېرەك!

# ئاددى جەڭچى بولۇش ئېڭىنى تىكلەيلى

جىھاد ــ ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن بولىدۇ. شۇڭا جىھاد ئىستىلىدىكى بىر نازۇك ھالقا شۇكى ــ بۇنىڭغا قىلچە رىيا ئارلاشماسلىقى كېرەك. يەنى جىھاد قىلغۇچى ئۈزۈل-كېسىل خالىس نىيەتتە بولۇشى، قىلچە شەخسىي مەنپەئەت-مەيلى ماددىي مەنپەئەت ياكى شۆھرەت تاماسى، ئەمەل-مەنسەپ تاماسىنى ئارلاشتۇرماسلىغى كېرەك! ئېتىقادىمىز چىن دەپ ئىشىنىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا دىللىرىمىزدا يۇشۇرغان رىيانى ئاللاھ تائالانىڭ كۆرۈپ تۇرۇدۇغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز لازىم. مەيلى بىز بۇخىل شەخسىي غەرەزلىرىمىزنى قانداق چىرايلىق سۆز ۋە ئۇستۇلۇق بىلەن قىلىنغان ھەرىكەتلەر ئارقىلىق نىقاپلىغان تەقدىردىمۇ ئاللاھتىن يوشۇرۇپ قالالمايدىغانلىقىمىزنى چۈشەنسەك ۋە بۇنىڭغا ئىشەنسەك، ئاندىن رىياكارلىقتا چەك قۇيالايمىز. بۇنىڭدىن شۇنداق بىر ئەقلىي يەكۈن نامايەنكى، جىھاد قىلغۇچىلار ئالدى بىلەن ئۆز نەپسى خاھىشلىرى بىلەن جىھاد قىلىشلىرى ۋە غالىپ كېلىشلىرى كېرەك. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈچۈن جىھاد قىلىش سەيلى قىلغاندەك ئاسان ھەم كۆڭۈللۈك بولۇپ قالىدۇ؛ قورقۇنۇچ، ھەسەت كەبى روھنى غاجىلايدىغان تۇيغۇلار كۆڭۈلدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بۇنداق روھ ئەينى ۋاقىتتا مۇقەررەر غەلىبە قىلىشنىڭ كاپالىتى بولۇپ قالىدۇ!

ھەدىسى رەسۇلۇللاھتا شۇنداق دېيىلىدۇ:

«**ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچى** (ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا

www.uyghurkitap.com

خالىس جىھاد قىلغان كىشىنى ئۇبدان بىلىدۇ) خۇددى **كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ تائالا، ئاللاھ ئۈچۈن جىھاد قىلغۇچىنى شېھىد بولغان ھامان جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ياكى ئۇنى ساۋاپ بېرىپ سالامەت قايتۇرۇشقا، يا غېنىمەت ۋە ساۋاپ بىلەن سالامەت قايتۇرۇشقا كېپىل»** («ئىمام بۇخارى»).

بۇ ھەدىستىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئەگەر جىھاد قىلغۇچى ئارتۇقچە ئۆز غېنىمىنى قىلىپ كەتمىسىمۇ، ئاللاھ ھەر ئىككى دۇنيالىقى ئۈچۈن مۇكاپات بېرىشكە كېپىل ئىكەن.

بىز تارىخنى ۋاراقلاپ كۆرۈدىغان بولساق، كۆرەشلىرىمىزنىڭ غەلىبىگە ئېرىشەلمەسلىكىدىكى تاشقى ئامىللارنىلا ئەمەس، ئىچكى ئامىللارنىمۇ چوڭقۇرراق تەتقىق قىلىدىغان بولساق، غەلىبە قىلىش ئۈچۈن نىيەتنىڭ خالىس بولۇشى نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ جىھاد قىلغۇچىغا خالىس نىيەتتە بولۇشنى بۇيرۇشىدىكى ماددى ھېكمەت (ئەمەلى پايدا)نى ھەم چۈشۈنۈپ يېتەلەيمىز.

مەسىلەن: ياقۇپبەگ دەۋرىدىن مىساللار كۆرۈدىغان بولساق، قوقاندىن كەلگەنلەر مەنپەئەتنى دەپ كەلگەنلەر بولۇپ، ئەگەر پايدا بولسا تەييار تۇرىدىغاان ياكى ئۇرۇشىدىغان، ئەگەر زىيان تارتقۇدەك بولسا قاچىدىغان نىيەتتىكى ئادەملەر ئىدى. ئۇلارنىڭ نىيىتىدە خالىسلىق بولمىغان ئەھۋالدا تەبىئىكى ، جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىش روھى بولمايتتى. شەخسلەردىن نىيازھېكىمبەگنى مىسال قىلساق، بۇ ئادەم ناھايىتى كۆپ ماددى مەنپەئەت ۋە ناھايىتى يوقۇرى ئەمەل تاماسىدىكى شەخس ئىدى. گەرچە ياقۇپبەگ خوتەن ۋىلايىتىنى ئۇنىڭ تەسەررۇپىغا بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ يەردە ھىساپسىز بايلىققا ئىگە بولغان تۇرۇقلۇقمۇ ئۇنىڭ نەپسىگە كىچىك تۇيۇلغانىدى. شۇڭا خىتايلار بېسىپ كېلىشى

بىلەنلا خىتايلاردىن تېخىمۇ چوڭ مەنسەپ ۋە تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشمەنغۇ، دېگەن تامادا بولغان بۇ ئادەم نۇمۇسسىزلىق بىلەن خائىنلىق قىلىپ دۈشمەننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان.

30- يىللاردىكى ئىنقىلاپنى ئەسلەپ ئۆتسەك، نۇرغۇن كىشىلەردە رۇشەن غايە، ئېنىق نىشان يوق ئىدى. ھەتتا سەردارلارنىڭمۇ بىرمۇنچىسى ئاداققى غايىسى ئېنىق بولمىغان، ئىستىخىيىلىك ھالدا ئىنقىلاپقا ئىشتىراك قىلىشقان ئىدى ياكى ئىنتايىن پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەرنى غايە قىلىۋېلىشقانىدى. مەسىلەن: سەردارلاردىن بولمىش خوجانىيازھاجى شەخسىيەت ياكى ئاڭسىزلىق تۈپەيلى شۇ زامان ئىنقىلابىدىكى بىردىن- بىر سىياسى داھى سابىت دامولللىنى دۈشمەنگە تۇتۇپ بېرىشتەك شەرمەندىلىكنى قىلغان ئىدى، ھەتتا ئۆز ۋەتىنىنىڭ جۇمھۇر رەئىسلىكىدىن خىتايلار بەرگەن مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقلىقىنى ئارتۇق كۆرگەن. بۇ خۇددى «بايكامنىڭ يۇندىسى ئۆزۈمنىڭ بەتتىنىسدىن ياخشى» دېگەندەك بىر خىل قۇلچۇلۇق ئىدى.

دېمەك تارىخى ساۋاقلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئەگەر كىمكى جىھاد قىلىشتا مەلۇم ماددى مەنپەئەتنى ياكى مەنسەپنى، شەرەپنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ جىھاد قىلىشتىكى ھەركەتلەندۈرگۈچى ئىچكى ئامىلى ئەنە شۇنداق نەرسىلەر بولسا، تەبىئىكى، ئۇنىڭدىكى ساداقەت سۈنئى بولىدۇ، ئېرىشمەكچى بولغان مەنپەئەتلىرىگە ئېرىشىپ بەھرىمەن بولۇش خىيالىدا بولغاچقا، جېنىنى ساقلاپ قېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ - دە، پىداكارلىق روھىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ كۆزلىگەن مەنپەئەت ياكى مەنسەپلىرىگە ئېرىشەلمىسىلا، ئۇنىڭدا قېيداش روھى ھالىتى شەكىلللىنىدۇ - دە، ئۆزىنى شۇ مەنپەئەتلەردىن «قۇرۇق قالدۇرغانلار»نىڭ سېپىدىن كېتىدۇ. شۇ مەنپەئەتلەرنى بەرگەن ياكى بېرىدۇ دەپ خام تامادا بولغان

www.uyghurkitap.com

(دۈشمەن) تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ قېيداشتا گويا ياقۇپبەگكە، سابىت داموللىغا ياكى ئېلىخان تۆرىگە جەڭ قىلىپ بەرگەندەك (جەڭ قىلىپ بېرىدىغاندەك) بىرخىل مۇجمەل ھىسسىيات، مىننەت قىلىش پوزىتسىيىسى مەۋجۇت. شۇڭا، نىمە ئۈچۈن ۋە كىم ئۈچۈن جەڭ قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مۇددىئا توغرا بولۇشى كېرەك. شۇنى ئايدىڭلاشتۇرىۋېلىشىمىز كېرەككى، بىز پالانچى - پوكونچىلار ئۈچۈن (قايسىدۇر بىر لىدېر ئۈچۈن) جەڭ قىلىپ بەرمەيمىز. مەنىۋى جەھەتتە ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەپ جىھاد قىلىمىز، ماددى جەھەتتە پايدىسى ئۆزىمىز ئۈچۈن بولىدۇ: ۋەتىنىمىز مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلىدۇ، مىللەت ھۆرلۈككە ئېرىشىدۇ، ئۆلۈپ كەتسەك ئورنىمىز جەننەتتە بولىدۇ. بۇ ئىدىيە ئەگەر ئاددى مۇجاھىدلار ئىچىدە ئومۇملاشمىغان تەقدىردىمۇ، رەھبەرلەر قاتلىمى ئىچىدە جەزمەن ئومۇملىشىشى كېرەك! ئۇنداق بولمايدىكەن، «ئەمىر بولسام جىھاد قىلىمەن، خەق ماڭا ئەمىر بولسا قىلمايمەن» دەيدىغان «داھى»لىق تاماسى شەكىللىنىپ، ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى قازىنالمايمىز، ساداقەتمەن ۋە پىداكار بولالمايمىز!

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايات ۋاقتىدىكى جىھادلاردا ھەر قاچان قوشۇنغا بىرسىنى ئەمىر قىلىپ بەلگىلىسە، باشقىلار ئۇنىڭغا گەپ يوق بوي سۇناتتى. ھەتتا ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك بۈيۈك سەردارلار بولغان قوشۇنغا 17 ياشلىق يىگىتلەرنى ئەمىر قىلىپ بەلگىلىگەن بولسىمۇ، ھەممەيلەن ئاددى مۇجاھىد سۈپىتىدە بويسۇنغان. بىز ئاللاھنىڭ يولىدا ماڭىمىز، جىھاد قىلىمىز دەيدىكەنمىز، يولباشچىمىز، ئۇستازىمىز، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك رەھبىرىمىز رەسۇلۇللاھنى ۋە ساھابىلەرنى ئۈلگە قىلىشىمىز، بىزمۇ ئۆزىمىزدە ئاللاھ ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن، ئېزىلگەن مۇسۇلمان خەلقىمىز ئۈچۈن

ئاددى جەڭچى بولۇش ئېڭىنى تىكلىشىمىز زۆرۈر! چۈنكى ئاللاھنىڭ جەڭچىسى بولۇشتىن ئالى شەرەپ بولمايدىغۇ؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# سىياسىدىكى «قارا نۇرلۇق چىراق»

ئالدى بىلەن «قارا نۇرلۇق چىراق»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈشىمىز كېرەك، ئاندىن سىياسىدىكى «قارا نۇرلۇق چىراق» نى چۈشىنىشىمىز ئاسان بولىدۇ.

دېهقانچىلىق پەن - تېخنىكىسى (هاشارەتشۇناسلىقتا)دا ئىشلىتىلىدىغان بىرخىل هاشارەت يوقۇتۇش ئۇسۇلى — قارا نۇرلۇق چىراقتۇر. ئادەتتە هاشارەتنىڭ كۆپچىلىكى نۇرغا ئىنتىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. دېهقانچىلىقتا هاشارەتلەرنىڭ بۇخىل خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ هاشارەتلەرنى تۇپلاپ يوقۇتۇش مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ كونكرېتنى ئۇسۇلى مۇنداق: ئېكىنزارلىقنىڭ ئوتتۇرسىغا بىر دانە چىراق يېقىپ قويۇلىدۇ، چىراقنىڭ قارا سىرلانغان چاقپىلەكسىمان بىرنەچچە قانىتى بولىدۇ. چىراقنىڭ ئاستىغا زەهەرلىك ماددا قاچىلانغان داس قويۇلىدۇ. چىراق ئەتراپىنى ئايلانماقچى بولغان هاشارەتلەر هېلىقى قارا قاناتقا ئۇسۇپ داستىكى زەهەرگە چۈشۈپ ئۆلىدۇ. دە، قايتا چىقالمايدۇ. مانا بۇ، زىياندىش هاشارەتلەرنى توپلاپ يوقۇتۇشنىڭ ئۈنۈملۈك هەم ئەرزان ئۇسۇلى.

ئۇنداق بولسا، سىياسىدىكى «قارا نۇرلۇق چىراق» قانداق بولىدۇ؟ بۇمۇ تۈزۈلۈش قانۇنىيىتى جەهەتتىن هاشارەتشۇناسلىقتىكى قارا نۇرلۇق چىراققا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئوۋلاش ئوبيېكتى هاشارەت ئەمەس، قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر، ئۆكتىچىلەر، ئومۇمەن، مەۋجۇت هاكىمىيەتنىڭ دۈشمەنلىرى، ئەلۋەتتە!

قارشىلىق ئىدىيىسىدىكى كىشىلەر هامان تەشكىلاتلىنىشقا مۇهتاج، ئۇ هالدا مەۋجۇت هاكىمىيەتلەر ئۇلارنى توپلاپ يوقۇتۇش، هەركىتىنى ئۈنۈملۈك كۈزۈتۈش ۋە كونترول قىلىش ئۈچۈن جاسۇسلارنى ئىشقا سېلىپ، «قارشىلىق كۆرسۈتۈش تەشكىلاتلىرى» (پارتىيە ـ گورۇھ قاتارلىقلار) نى قۇرۇپ، يوقۇتۇش ئوبيېكتلىرىنى بۇ «ئىنقىلاۋى تەشكىلات» قا توپلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆكتىچىلەرنىڭ هەركىتىنى كۈزۈتۈش، تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇش، ئەهمىيەتسىز ۋە كىچىك كۆلەمدىكى «ئىنقىلاپ هەركەتلىرى» ئارقىلىق ئۇلارنى گوللاپ تۇتۇپ تۇرۇش (نۇرغۇن ئادەمنىڭ ۋاقتىنى زايا قىلىش، هەقىقىي ۋە ئەهمىيەتلىك قارشىلىق هەركىتى ئۈيۈشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت بەرمەسلىك)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زىرەك، جەسۇرلىرىنى ئۇتتۇرلۇق تۇتۇش، ئاخىرىدا (ئەگەر خالىسا) پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىش قاتارلىق مەقسەتلەرگە يېتىش مۇمكىن! مانا بۇ سىياسىدىكى «قارا نۇرلۇق چىراق» مەسىلىسىدۇر.

سىياسىدا «قارا نۇرلۇق چىراق» ئاپىرىدە قىلىشتىكى زۆرۈرىيەتنى چۈشۈنۈش ئۈچۈن، تۇرمۇشىمىزدا كۆپ ئۇچرايدىغان يەنە بىر مىسالنى سېلىشتۇرما قىلىش مۇمكىن: ياز كۈنلىرى چىۋىن كۆپىيىپ كېتىدۇ. ئۇ هالدا شاپىلداق بىلەن بىر ـ بىرلەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىت ۋە ئادەم ئاۋارە بولىسىمۇ، ئەمما ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش يەنىلا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا چىۋىننىڭ شىرنىگە ئامراقلىق خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ، شېكەر ئارلاشتۇرۇلغان زەهەر سۇيۇقلۇقى ئېلىنغان تەخسە بىلەن ناهايىتى نۇرغۇن چىۋىننى توپلاپ يوقاتقىلى بولىدۇ.

ئىنسانىيەت جەمىيىتى مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ياخشىلىق بىلەن قەبىھلىك ئارىسىدا، هۆكۈمرانلار بىلەن مەزلۇملار ئارىسىدا، ئەزگۈچىلەر ـ ئېزىلگۈچىلەر ئارىسىدا، مۇستەملىكىچىلەر بىلەن

مۇستەملىكە خەلقلەر ئارىسىدا كۈرەش بولۇپلا تۇرىدۇ. بۇ كۆرەش قىيامەتكىچە توختىمايدۇ. شۇڭا قارشىلىق ئىدىيىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەر زامان مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇقەررەرلىك ئىكەن، ئۇ ھالدا قارشى تەرەپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۈنۈملۈك كۈزۈتۈش ۋە چەكلەش ئۈچۈن قانداق چارىگە مۇھتاج بولىدۇ؟ ئۇنداقتا خۇددى ھاشارەتلەرنى نۇرغا ئىنتىلىش خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ، چىۋىنلەرنى شېرىنگە ئامراقلىقىدىن پايدىلىنىپ بىر يەرگە توپلاپ يوقاتقاندەك، قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنى ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان غايە ۋە مەپكۇرە (دىن) بىلەن ئالداپ ساختا «ئىنقىلاۋى تەشكىلات» (غازات تەشكىلاتلىرى) غا توپلاش پىكرى توغۇلغاندۇر.

خۇددى شۇنداق، ئەگەر ھۆكۈمرانلار جاسۇسلارنى ئىشقا سېلىپ بىرمۇنچە ساختا «ئىنقىلاۋى تەشكىلات»، «پارتىيە» ۋە شۇنىڭدەك تەشكىلىي ئاپاراتلارنى قۇرۇپ چىقسا، «ئوۋلاش ئوبيېكتلىرى»نى ئۈنۈملۈك توپلىۋالالايدۇ. نۇرغۇن پىداكار كىشىلەر بۇ «ئادىمى شەيتان»لارنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن مۇشۇنداق ساختا «پارتىيە» ۋە «تەشكىلات»لارغا ئەزا بولىدۇ. بۇ خۇددى ھاشارەتلەرنىڭ قارا قاناتقا ئۆرۈلۈپ، زەھەر دېسىغا چۈشكىنى بىلەن ئوخشاش.

سابىق يۇگوسلاۋىيىنىڭ كىنو فىلىمى «ۋالتېرنىڭ سارايېۋونى قوغدىشى»نى كىتابخانلىرىمىز ئەسلىيەلىسە كېرەك. گېستاپوچىلار ساختا ۋالتېرنىڭ باشچىلىقىدا بىر مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ قويغاندى، نۇرغۇن ۋەتەنپەرۋەر ياشلار دۈشمەننىڭ ھۆل خىشىغا دەسسەپ، بۇ ساختا تەشكىلاتقا ئەزا بولۇشىدۇ ۋە ناھايىتى ئېچىنىشلىق تۈردە قۇربان بولىدۇ.

60- يىللاردىن كېيىن بولشۇۋىك ئىمپېرىيىسى خىتايلارنى دىپلوماتىيىدە ئۆتۈش ئۈچۈن پەيدا قىلغان ئاتالمىش «ۋەتەن قۇتقۇزۇش رادىئوسى» ئەنە شۇنداق «قارا نۇرلۇق چىراق» رولىنى

ئويناپ، نۇرغۇن ياشلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىدى.

مۇخالىفەت كۈچلەر مەۋجۇت بولغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ھاكىمىيەت تەرىپىدىن قۇرۇلغان مەخپىي تەشكىلاتلار بولىدۇ، بۇ تەشكىلاتلار ئەنە شۇنداق چەكلەش، قالايمىقانچىلىق تېرىش، ئىشەنچسىزلىك پەيدا قىلىش، ئاخبارات توپلاش، ئۆكتىچىلەرنى تۇتۇپ بېرىش ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەيدۇ.

ئەمدى بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە كېلىدىغان بولساق، خىتايلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە، قۇل بولۇشقا قارشى ئىدىيىدىكى كىشىلەرنى توپلاش، ئىزىقتۇرۇش، قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن «يېقىپ قويغان» بۇخىل «قارا نۇرلۇق چىراق»لىرى تېخىمۇ كۆپتۇر. بىر خىتاي رازۋېدچىكنىڭ مەست ھالدىكى جۆيلۈشلىرىدىن، ۋەتىنىمىزدە ئوتتۇز نەچچە مەخپىي تەشكىلات بارلىقى ئېنىقلانغان بولسىمۇ، قايسىسى ھەقىقىي خىتايغا قارشى تەشكىلات، قايسىلىرى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئىزىقتۇرغۇچى تەشكىلات ئىكەنلىكىنى ئايرىيالماي، بېشى ئېلىشىپ كەتكەنمىش!

ھەقىقەتەنمۇ خىتاي كوممونىستلىرىنىڭ بىزنى ھۆل خىشقا دەسسىتىش ئۈچۈن قۇراشتۇرۇپ چىققان ساختا تەشكىلاتلار دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆپ بولسا كېرەك. بۇنداق تەشكىلاتلار ھەتتا چەتئەللەردە ــ ئومۇمەن شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرى ياشايدىغان ئەللەرنىڭ ھەممىسىدە دىگۈدەك بولۇشى چوقۇم. بۇ بىزنىڭ ھۇشيار بولۇشىمىزغا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى. چەتئەللەردىكى «قارا نۇرلۇق چىراق»لار ئادەتتە راست تەشكىلاتلارغا قارشى قويۇلغان بولۇپ، زىددىيەت، قالايماقانچىلىق تېرىش، بەزى ئادەملەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىش قىلىش پۇرسەتلىرىنى زايا قىلىش، ھالقىلىق پەيتلەردە شەرقىي تۈركىستانغا ۋەكىللىك

www.uyghurkitap.com

سالاھىيىتىگە ئورۇنۇۋېلىپ، دۈشمەنگە پايدىلىق بەزى ھۆججەتلەرگە قول قويۇپ، خەلقنىڭ قىممەتلىك تارىخى پۈرسەتلىرىنى كۆلگە ئايلاندۇرۇش ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەيدۇ. شۇنداقلا ۋەتەن ئىچىدىكى ھەقىقىي ساغلام يۈرەكلىك ئادەملەر، گۇرۇپپىلار ياكى تەشكىلاتلار بىلەن باغلىنىش قىلالىسا، بۇ ھەقتىكى ئاخباراتلارنى توپلايدۇ ۋە يەتكۈزىدۇ. چەتئەللەردىكى تەشكىلاتلار ئارىسىدا داۋام قىلىۋاتقان تۈگىمەس زىدىيەتلەرنىڭ سەۋەبى ئۇنچە ئاددى ئەمەس، شۇنداقلا بىرەر ئۇنۇملۇك ھەركەت ۋە ئېغىزغا ئالغۇدەك نەتىجىنىڭ بولماسلىقى ۋە شۇ يوسۇن نەچچە ئون يىلنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى ھەم تەسادىپى ئەمەس! يا ئىش قىلىش ئىمكانىيىتى بارلار ساختا «ۋەتەن قۇتقۇزۇش» تەشكىلاتلىرىنىڭ تۇسالغۇسى، بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرايدۇ. دە، ئىشى ئاقمايدۇ؛ يا ساختا تەشكىلاتلار قولىدىن ئىش كېلىدىغانلارنى ئەھمىيەتسىز ئىشلار بىلەن ئاۋارە قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. يەنى، تەشكىلات ساختا بولغاچقا ھەقىقىي ئىش قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ئۆز تەركىۋىدىكى بىر مۇنچە ئاق كۆڭۈل ئىنسانلارنى ئاخماق قىلىپ، ئەرزىمىگەن ئىشلار بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ، خوجايىنلىرىنىڭ باش ئاغرىقىنى ئازايتىپ بېرىدۇ. ۋەتەن ئىچىدە قولغا ئېلىنغان بەزى مۇجاھىدلار، بۇزغۇنچۇلۇققا ئۇچرىغان بەزى تەشكىلاتلارنىڭ پاش بولىشىدا ئاخباراتلارنىڭ چەتئەلدىن كىرگەنلىكى توغرۇلۇق گەپلەر بار.

بۇنداق ساختا تەشكىلات ۋە ساختا مۇجاھىدلارنى سېزىۋېلىش ئانچە ئوڭاي ئەمەس. چۈنكى جاسۇسلۇق ۋە ئانتى جاسۇسلۇق ئىلمىدە مۇھىم جاسۇسلارنى قارشى تەرەپنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىسىگە ئىگە قىلىۋېتىش ئۈچۈن ناھايىتى زور قۇربانلار بېرىلىدۇ. قىلچىلىك گۇمانلىق يوچۇق قالدۇرۇلمايدۇ. مەسىلەن: بىر جاسۇسنى قارشى تەرەپنىڭ ئىچىگە سىڭدۈرىۋېتىش ئۈچۈن

ساختا «تۈرمىدىن قېچىش ۋەقەسى» ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر جاسۇس ئۈچۈن تۈرمىدىكى بارلىق مەھبۇسلارنى قاچۇرۇۋېتىش، ئۆز ئادەملىرىنى دۈشمەنگە كۆرسۈتۈپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىق مىسالار نۇرغۇن. «كۆۋرۈك» كىنو فىلىمىنى ئەسلەپ ئۆتسەك، «ھوقۇش» لەقەملىك ناتسىست ئۆزىنى پارتىزانلارغا ئىشەنچلىك كۆرسۈتۈش ئۈچۈن، ئۆز ئادەملىرىدىن ئوننەچچىنى پارتىزانلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئېتىپ تاشلىشى شۇ جۈملىدىندۇر.

ئۇھالدا خىتايلارنىڭ «قارا نۇرلۇق چىراق»لارنى يېقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلماق بەك ئاددى مەسىلە بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ مەخپىيەت ئېڭى، ھۇشىيارلىقى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى سەۋەپلىك، خىتايلار ناھايىتى ئاسانلا ئارىمىزغا ئادەملىرىنى سۇقۇندۇرۇپ، ئاسانلا مەقسەدلىرىگە يەتمەكتە. يەنى يۇقۇرىدا زىكرى قىلىنغاندەك مۇرەككەپ كۆرۈنۈشلۈك قۇربان بېرىش مەنزىرىسىنى پەيدا قىلىشى ئۈچۈنمۇ ھاجەت قالماستىن، تەننەرقى ئەرزان پۈتمەكتە.

بۇلاردىن باشقا خىتايلارنىڭ ئۆزىچە دىنى ئىنىستىتۇتلارنى ئېچىشلىرىمۇ بىرخىل ساختىلىق بولۇپ، ئەسلىدە توغرا تەرغىباتلارنى ئاڭلاپ، جەڭگىۋار بىر ئەۋلاد بولۇپ يېتىلىش ئېھتىمالى بولغان ئادەملەرنى يىغىۋېلىپ، «پارتىيىنىڭ پارلاق مىللى سىياسىتى» بىلەن رەڭگى ئۆڭگەن، ئىسمى ئوخشاش بولسىمۇ جىسمى (مۇھىم تەشەببۇسلىرى) ئوخشىمايدىغان، كاپىرنى يامان كۆرمەيدىغان، قۇللۇقنى ئار سانىمايدىغان، بىرخىل «دىن» ۋە «دىنى زات»لارنى بارلىققا كەلتۈرۈش مەقسەت قىلىنغاندۇر. خەلق ھەرقانداق چەكلىمىدىن قەتئىنەزەر دىنىدىن ئايرىلالمايدۇ، دىنىي ئوقۇش ھامان توختاپ قالمايدۇ، بۇ بىر مۇقەررەرلىك. شۇڭا ئۇنى چەكلەشكە كۈچ سەرپ قىلىش ھەم بىھۇدە، ھەم ئۈنۈمسىز، تېخىمۇ يامان يېرى، قارشىلىققا سەۋەپ

بولۇدىغان ئىش بولاتتى. ئۇنداق ئىكەن، كونترول ئاستىدا رۇخسەت قىلىش ــ «قورغان ئىچىدە ئەركىنلىك بېرىش» ــ بىلەن ھەم خەلقنىڭ زىيادە «چاڭقاش» تۇپەيلى «يېرىلىپ كېتىش»ىدىن ساقلانغىلى؛ ھەم ھەممە ئىشنى كۆز ئوڭىدا تۇتۇپ، ئۇنۇملۇك كۆزىتىش مەقسىدىگە يەتكىلى، ھەم يېڭى بىر ئەۋلادنى تەدرىجى ھالدا «ئىسلاھ قىلىنغان» ــ تۇغرىراقى بۇرمىلانغان، كوممۇنىستلارنىڭ ئۆز سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان غەلىتە بىرخىل «دىنىي» ئاڭ بىلەن ئۆزگەرتىپ، كەلگۈسىدە كوممۇنىست سىياسىتى بىلەن «دىن» ئارىسىدىكى پەرقنى پۈتۈنلەي تۈگۈتۈش نىشانىغا يەتكىلى بولاتتى! قارىسىڭىز مەسچىتلەر ئوچۇق، ھەتتا خىتايلار موللا-ئۆلىمالارغا مائاش بېرىۋاتقان، دىنى مەكتەپلەرنى قۇرۇپ ئۇيەردە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇش يولغا قويۇلۇۋاتقان تۇرسا، «دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىمىز دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىدى» دېيىشىنىڭ دەلىل ئىسپاتىنى يوققا چىقارمامدۇ؟ كىم بۇ «كەڭ قۇرساق، دانا كومپارتىيە»نى ئېتىقاد خۇسۇسىدا ئەيىپلىيەلەيدۇ؟ ئەگەر كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرىدىن تەكشۈرۈش ئۈمىگى كېلىپ، بۇ ئەھۋالنى كۆرسە نېمە دەر؟ «ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھەقىقەتەنمۇ كەڭ يولغا قويۇلۇپتۇ» دېمەسمۇ؟ مانا بۇ خىتايلارنىڭ مەزكۇر «قارا نۇرلۇق چىراق»نى يېقىشتا كۆزلىگەن مۇددىئاسىدۇر! ھېچكىم سىزنىڭ مەسچىتتە ناماز ئوقۇشىڭىز ياكى ئۆيدە ناماز ئوقۇشىڭىزنى چەكلىمەيۋاتسا، ئوقۇش دېسىڭىز ئۆزلىرى دىنى مەكتەپلەرنى ئېچىپ قويغان تۇرسا، نېمە دېيەلەيسىز؟ دىنى مەكتەپ ئاچىدىغانلارمۇ، قانۇنى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. يەنى ھۆكۈمەت «غەمخورلۇق» قىلىپ دىنى مەكتەپ ئېچىپ بەرگەن تۇرسا يەنە ئۆزئالدىغا مەكتەپ ئاچىمەن دېگەنلىك، تەبىئى ھالدا باشقىچە غەرىزى بارلىقىنى بىلىندۈرىدىغان قىلمىش بولۇپ

قىلىشى تۇرغان گەپ! بۇ بىرقاتار شۇملۇقلار خىتايلارنىڭ ئۆزىگە خاس ھىلىگەرلىكى بىلەن تۈزۈپ چىقىلغان، «قان چىقارماي ئادەم ئۆلتۈرۈش» ھىلىسىدۇر. يۇقۇرىدا دېگىنىمىزدەك، بۇخىل يول قويۇش — «قورغان ئىچىدە ئەركىن قويۇۋېتىش»، ئاغامچىنىڭ ئۇزۇنلىقى دائىرىسىدىكى «مەيلىگە قويۇۋېتىش» بولۇپ، ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي چەكلىگەندىنمۇ زەھەرخەندە ۋە زىيانلىقتۇر! بۇخىل ئۇسۇل «ئۇينى چىمداپ ئۆلتۈرۈش» ھىلىسى بولۇپ، ئادەمنى يا يىغلاشنى، يا كۈلۈشنى بىلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ، زەردىگۈش قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ. بىراق بۇنى ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر ھېس قىلالمىغاي، «پارتىيىنىڭ شەپقىتى»گە ھەشقاللا ئېيتىپ، بۇ «قارا نۇرلۇق چىراق»نىڭ ئاستىدىكى «زەھەر دېسى»غا چۈشمەكتە...

خىتايلار بۇخىل «قارا نۇرلۇق چىراق»لارغىمۇ مەبلەغ سېلىشقا خەلقنىڭ ئاڭسىز دىنىي قىزغىنلىقىدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ. يالاقچىلار «مۇددەرس»لىك شەرىپىگە مۇشەرەپ بولۇشقا ئالدىراپ، ئىئانە توپلاشتا ئىنتايىن قىزغىن پالاقلايدۇ. بىرمۇنچە نەپ نەپسىگە كىرىپمۇ كېتىدۇ... ئەگەر خىتايلار ئاچقان بۇنداق «قارا نۇرلۇق چىراق» تىپىدىكى مەكتەپلەرگە ئىئانە بەرمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىسىڭىز، ئاڭسىز خەلق ئاڭسىز قىزغىنلىق تۈپەيلى سىزنى ئۆلتۈرىۋەتكىدەك غەزەپ قىلىدۇ.

خىتايلار مىللىي قارشىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوق قىلىشتا يۇقۇرىسى ئارمىيىدىن تارتىپ، تۆۋىنى ئەنە شۇنداق «قارا نۇرلۇق چىراق»لارنى يېقىشقىچە ئېتىبارسىز قارىمايدۇ، سۇس قارىمايدۇ، ئاددى قارىمايدۇ، ھېچبىر كۈچنى سەل چاغلىمايدۇ. بىزنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىمىز ئېيتقان: «بىر دۈشمەن ئاز ئەمەس، مىڭ دوست ئاز» دېگەنگە بىز ئەمەس، ئۇلار ئەمەل قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئەمما بىزنىڭ بەزى ئادەملىرىمىز ئۆزى ياشىغان تار بىر

دائىرىنى پۈتۈن جاھان مۇشۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك، ھېچ خۇدىنى بىلمەيدۇ، دۈشمەنگە سەل قارايدۇ، ئۆزىچە (ھېچنېمىدىن ـ ھېچنېمە يوقلا) جاھانغا پاتماي قالىدۇ، ئۆزىنى قىپالتىس چاغلايدۇ... دۈشمەنىنىڭ ھەركىتى، ئۇسۇلى، مەنتىقىسى بىز ئۈچۈن ئەينەك بولسۇن، سەلبىي دەرسلىك بولسۇن! ... ئى، ئاللاھ، بىزنى مەغرۇرلۇقتىن، كىبىر ۋە بىخودلۇقتىن ساقلا! دۈشمەنىنىڭ ئاشكارە ـ يوشۇرۇن شەررىدىن ساقلا، ئامىن!

## «نوپۇز» توغرىسىدا

تەشكىللىنىشتە «نوپۇز» ئىنتايىن مۇھىم. «نوپۇز» بولمىسا تەشكىللىنىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقتا «نوپۇز» دېگەن نېمە؟ فرانسىيىنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى مەشھۇر يازغۇچىسى ۋىكتور ھيوگو مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيادا ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرى بولمىغان ھوقۇقدار يوق، مۇرتلىرى بولمىغان نوپۇز ئىگىسىمۇ يوق». دېمەك، ئومۇمەن، بىرمىللەت، بىر يۇرت جامائىتى، بىر مەھەللە جامائىتى ياكى بىر توپ ئادەم (مۇرت) تەرىپىدىن سۆيۈلگەن، ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان، تونۇلغان، ئىشەنچ باغلانغان ياكى رەت قىلىنىشقا بولمايدىغان ئىناۋەتلىك شەخس — «نوپۇز» دېمەكتۇر.

تەشكىللىنىشتە «نوپۇز» نىڭ مۇھىملىقىنى يۇقۇرىدىكى تەرىپلەرىمىزدىكى «ئومۇم ئېتىراپ قىلغان (قىلىدىغان)» دېگەن مەزمۇندىن قىياس قىلىش مۇمكىن. يەنى، ئاشۇ ئېتىراپ قىلغۇچىلار (مۇرتلار) «نوپۇز» ئەتراپىغا توپلانسا تەشكىللىنىش كېلىپ چىقىدۇ، دېگەن سۆز.

نوپۇز دەرىجىسى ھەرخىل بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بىز تەبىرلىرىمىزدە ئۇنىڭ مىللەتتىن تارتىپ تاكى بىر كىچىك كوللېكتىپقىچە بولغان جامائە ئىچىدە تونۇلۇدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. ھەتتا بەزى نوپۇزلار دۇنياۋى ئېتىراپقا ئېرىشكەن بولۇشى ھەم مۇمكىن.

تەشكىللىنىش بىلەن نوپۇزنىڭ مۇناسىۋىتى شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ تەشكىللىنەلمەسلىكىمىزدە ھەم نوپۇزنىڭ ئەكس رولى (نوپۇز بولماسلىق) ئاساسى سەۋەپمۇ قانداق؟ ئەلۋەتتە شۇنداق!

بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز خەلق ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن «نوپۇز»لارنى قەرەللىك ھالدا يوق قىلىپ كەلدى (ئۇلار نوپۇزنىڭ رولىنى ئوبدان بىلگەچكە، بۇ نوقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە!). ئۇلار يوشۇرۇن تۇتقۇن قىلىش، يوشۇرۇن سۈيىقەست قىلىش، ئابرويىسىزلاندۇرۇش قاتارلىق ۋاستىلاردىن پايدىلىنىدۇ.

شىڭ شىسەي دەۋرىدە (1936ـ يىل) شىڭ ھۆكۈمىتى ھەر يۇرتنىڭ ئاتاقلىق بايلىرىنى يوشۇرۇن تۇتقۇن قىلىپ يوقۇتۇۋەتتى. ئۇ بۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن ستالىن ھۆكۈمىتى ئۈچۈن تۆلىنىدىغان قەرزگە پۇل- مال مۇسادىرە قىلىپ، «ئىقتىسادى مەنبە» قازانغان بولسا (بۇ تەرىپى رۇس بولشىۋىكلىرىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن بولغان)، يەنە بىر تەرەپتىن، يۇرت جامائىتى ئالدىدا گېپى ئۆتىدىغان بىر تۈركۈم «نوپۇز»لارنى يوق قىلىپ تاشلاش ئارقىلىق، تەشكىللىك قارشىلىقنىڭ ئالدىنى ئالدى. بايلار، ئۇقۇمۇشلۇقلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىپ مىللەتنىڭ ئالغا كېتىكەن مۇنەۋۋەر ئادەملىرىنى يوق قىلىۋېتىش بىلەن، بۇ بەختسىز مىللەتنى يەنە يۈز يىللاپ ئارقىغا ـ جاھالەتكە چېكىندۇرىۋەتتى. بۇ مىللەتكە يەنە ھەممىنى «نۆلدىن باشلاش»قا توغرا كەلدى. دۈشمەن بۇنىڭلىق بىلەنلا توختاپ قالماي، يەنە ئۇلارنى «خائىن» دەپ ئېلان قىلىپ،

ئاڭسىز خەلقنىڭ ئۇلارغا قارشى نەپرىتىنى قوزغاپ كەلدى. خەلقىمىز بولسا ئاڭسىزلىقى تۈپەيلى، ئۆزلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغۇل - قىزلىرىنى تونىمىدى، مۇھەببىتىدىن مەھرۇم قالدۇردى، دۈشمەنىنىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئويناپ، ئۇلارنى راستىنلا خائىن دەپ تونىدى، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى قاچۇردى، ئۇلارنىڭ ئائىلە - ئەپرادىنىمۇ «خائىنىنىڭ ئەۋلادى» دەپ پەس كۆردى، چەتكە قاقتى!

نېمىشقىدۇر بىزنىڭ خەلقىمىز ئۆزى دۈشمەن دەپ تونۇيدىغان ھۆكۈمەتنىڭ (خىتايلارنىڭ) گېپىگە شۇنچە ئاسان ئىشىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ باتۇر ئوغۇل- قىزلىرىدىن شۇنچە ئاسان گۇمان قىلىدۇ؟ بۇ بىرخىل روھى ئاجىزلىقتۇر!

بۇ ھال كوممۇنىستلار دەۋرىدە تېخىمۇ پاجىئەلىك تۈس ئالدى، شۇنداقلا ناھايىتى كۆپ تەكرارلاندى. كوممۇنىستلار 50- يىللاردا ئارقا- ئارقىدىن سىياسىي ھەركەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، مىللەتىمىزنىڭ ئالغا كەتكەن كىشىلىرىنى تۈرلۈك بەدناملار بىلەن تۇتقۇن قىلىپ يوقاتتى. ھەتتا خەلقنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ قويۇپ «كۆرەش» قىلدى. خەلقنى توپلاپ تۈرلۈك شەكىلدىكى «دەرت تۆكۈش»، «ئېچىلىپ سايراش» يىغىنلىرى ئويۇشتۇرۇپ، خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن كۆرەشكەن ئوغلانلارنى شۇ خەلقنىڭ ئۆزىگە تالاتتى. ھېچقانداق بىر دۈشمەن بۇقەدەر زەھەرخەندە ۋاستىلارنى ئىشلەتمىگەن ۋە ئىشلەتمەيدۇ، پەقەت بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئەنە شۇنداق رەزىل، ئەنە شۇنداق ئىنسانىيەتكە يات تەبىئەت بىلەن مۇشۇنداق شۇم ۋاستىنى ــ «ئۆز گۆشىنى ئۆزىنىڭ يېغىدا قورۇش» ۋاستىسىنى كەشىپ قىلغان.

مەسىلەن: ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان تەلۋە سىياسىي ھەركەتتە خىتايلار بەزى پىشقەدەم جەڭچىلەرنى (مىللىي ئىنقىلاپقا قاتناشقان ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى)، ئۆتمۈشتە تونۇلغان چوڭ - كىچىك نوپۇز ئىگىلىرىنى يوقۇتۇش

كويغا چۈشۈپ، ئۇلارنى بىرمەھەل «ئامموۋى ھەرىكەت» ئىچىدە «سېپسىتقان»دىن كېيىن، تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ قارا ئىشلارغا سالغاندى. لېكىن خەلق بۇنداق پىشقەدەم جەڭچىلەرنى يەنىلا يوشۇرۇن ھۆرمەت قىلىۋەرگەن، شۇنىڭ بىلەن خىتايلار ۋاستىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ئابرويسىزلاندۇرۇپ، ئاۋال روھى جەھەتتىن يوقۇتۇش ئۈچۈن يالاقچىلارنى ئىشقا سېلىپ، بەزىلىرىنىڭ يانچۇقىغا باشقا بىرسىنىڭ بىرەر نەرسىسىنى سېلىپ قويۇپ، ئارقىدىن ئۇنى «نەق پاكىت» بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ، «ئوغرى» دەپ ئېلان قىلغان؛ يەنە بەزىلىرىنى «پاھىشىۋازلىق» قىلىۋاتقان ھالدا تۇتۇۋالغانلىقىنى ئېلان قىلىپ (ئەمەلىيەتتە تەلۋە ئاكتىپلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن تەييارلانغان بوھتان)، مەنىۋى جەھەتتىن يوقۇتۇپ، جىسمانى جەھەتتىن يوقۇتۇشقا ئاساس ياراتقان.

بىزنىڭ ساددە خەلقىمىز سىياسىدىكى بۇنداق كۆپ قاتلاملىق ئويۇنلاردىن خەۋەرسىز بولغاچقا، بۇنى دۈشمەننىڭ بىرخىل سۈيىقەستى دەپ بىلمەستىن، ھە- دېگەندىلا ئىشىنىپ قېلىپ، بۇ بىچارە ئادەملەر (ئەسلىدىكى قەھرىمانلار، نوپۇز ئىگىلىرى) دىن يىرگەنگەن ھالدا ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان بولۇپ قېلىشقان. بۇ نوپۇز ئىگىلىرىنىڭ روھى ئۈستۈنلىگى مۇشۇنداق ھۇجۇملار بىلەن گۇمران قىلىۋېتىلگەن. ئۇرۇش- قىيىناشلارغا پىسەنت قىلمىغان بۇ ئەزىمەتلەر، مانا مۇشۇنداق رەزىللىك ئارقىسىدا خەلقتىن ئايرىپ تاشلىنىدۇ- دە، روھى جەھەتتىن گۇمران قىلىنىدۇ.

يەنە مەسىلەن: ئاتالمىش «ئاپتونوم رايون»نىڭ سابىق رەئىسى توختى سابىر نېمىشقىدۇر خىتايلارغا يامان كۆرۈنۈپ قالغان، ئۇنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئاۋال بىرەر ئۈنۈملۈك باھانە لازىم بولاتتى. خەلقنىڭ جىددى نەپرىتىنى قوزغاپ، بۇ ئادەمنى چاپسان

ئۆتتۈلدۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئابرويىنى چۈشۈرۈش كېرەك ئىدى. شۇڭا خىتايلار ئۇنىڭ ئۈچۈن مەشھۇر ھىيلە دەستۇرى «36 ھىيلە» دىكى «سەتەڭلەر ھىيلىسى»نى ئىشلىتىپ، ئۇنى بىرلا ۋاقىتتا «ئىككى قىز بىلەن ياتقان» يېرىدىن تۇتۇۋالغانلىقىنى جار سالدى. ئادەتتە بىرەر يوقۇرى دەرىجىلىك كاتىۋاش ئۈچۈن ھەرقاچان «ئۈچىسىنى تۇتۇپ» كۆڭۈللۈك دەم ئېلىشىغا «ياردەملىشىدىغان» چىرايلىق قىزلارنى تەيىن قىلىپ، سۈلامچىلىق قىلىشقا ئادەتلەنگەن، ھەتتا «ئۇلۇغ داھىسى» ماۋ زېدۇڭمۇ خىزمەتكارلىرى بىلەن ئاشنا ئويناپ ھارامدىن بالا تېپىپ يۈرگەن، ھەتتا بالىسىنىڭ لايىقى بىلەن ئويناپ بالا تېپىپ قويۇپ، ئۇنى يەنىلا كېلىن قىلىۋەرگەن، بالىسى بۇ قىز بىلەن (ئۇنىڭ ھامىلىدارلىقى تۈپەيلى) توي قىلىشنى رەت قىلسا، ئانىسى: بەربىر ئۆز جەمەئەتىمىزنىڭ پۇشتى، ھېچنىمە بولمايدۇ، دەپ نەسىھەت قىلغان (چيۇ خۇيزۇ[1]) پەسكەش كوممونىستلارغا، توختى سابىرنىڭ ئىككى قىز بىلەن ياتقانلىقى (ئەگەر راست بولغان تەقدىردىمۇ) نورمال ئەھۋال بولۇشى كېرەك ئىدى، پەقەت يوقۇتۇش ئېھتىياجى تۈغۇلغاچقىلا ئۇلار مانا شۇنداق رەزىل كومېدىيىنى تەييارلىغان. بۇنىڭغىمۇ بىزنىڭ ساددا خەلقىمىز ناھايىتى ئاسانلا ئىشەندى ۋە بۇ «پاھىشىۋاز» رەھبىرىنى تېزلا ئۇنتۇپ كەتتى!

خىتايلار ئۇيغۇر مىنوپ دىگەن نازىرغىمۇ مۇشۇنداق رەزىل ۋاستىلارنى ئىشلىتىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سېلىپ، ئۇنى ئاللىقانداق جەدۋەللەرگە قول قويۇشقا مەجبور قىلىشقان. ئاخىرىدا ئۇنىڭغا بەدىۋىلەرچە ئۇسۇلدا يوق قىلىش پىلانى ئويۇشتۇرۇلغان

[1] لىن بىياۋ ۋەقەسىگە چېتىلىپ يوقۇتۇلغان كاتىباشلاردىن بىرى ـــ ئا.

بولسـمۇ، تەقـدىرنىڭ يازمىشـىغا كـۆرە، ئۇنىـڭ ئورنىـدا قىـزى شادگۇل پارتلاپ ئۆلگەن. قىزىق يېرى شۇكى، بىرەر خىتاينىڭ بـورنىنى قـانىتىۋەتكەن ئـادەمنى تاپمـاي قويمايـدىغان خىتـاي «ئاپشاركا»لىرى ئاشۇ سۈيىقەستنى پىلانلىغۇچىلارنى «تاپالماي» قېلىشتى! ۋاي،... نومۇسسىزلار!

مەرھـوم مۇجاھىـد ئەبەيـدۇللا مەرۇپ دامـوللا مۇنـداق بىـر ھېكايىنى كۆپ سۆزلەيتتى: بۇرۇنقى زاماندا ئىككى ئاغىنە بارىكەن، كـۈنلەردىن بىـر كـۈنى ھـاكىم تەرىپىـدىن تـۆھمەتكە قـاپتۇ، تۆھمەتتىن ئـۆزىنى ئـاقلاش مۇمكىن ئەمەسكەن، شۇڭا ئـۇلاردىن بىـرى ئىككىمىـز تەڭ ئـازاپ چەككەنـدىن كـۆرە، بىرىمىـز ئۈستىمىزگە ئالايلى دەپ ئويلاپ، ئۆزى ئۈستىگە ئاپتۇ. «گۇناھكار» چالمـا- كېسـەك قىلىـش جازاسـىغا بويرۇلۇپتـۇ، كىمكـى چالمـا- كېسـەك ئېتىشـتىن ئـۆزىنى قاچۇرسـا جىنـايەتكە شـېرىك دەپ قارىلىـدىغانلىقىنى ئـېلان قىپتـۇ، ھـاكىم جـازا مەيدانىـدا ئـۆزى ئولتـۇرۇپ ئـادەملەرنى كۆزۈتۈپتـۇ. كىشـىلەر بىـر - بىـرلەپ ئۆتـۈپ، تـاش، چالمـا ،... نـېمە تاپسـا ئېتىـپ ئۆتۈپتـۇ. «گۇناھكـار»نىـڭ ئاغىنىسى چالما ئاتاي دېسە، يۈرىكى چىدىمايدىكەن، ئاتماي دېسە ھۆكۈم ناھايىتى قاتتىق ئىكەن، شۇڭا ئۇ، بىر تال چىلان ئۇرۇقىغا پاختا ئوراپ تۇخۇمدەك چوڭلۇقتا يالغان چالما ياساپ تەييارلاپتۇ. ئـۇ نـۆۋىتى كەلگەنـدە ئەنە شـۇنى ئاتقـانىكەن، يېنىكلىگـدىن ئـارانلا بېرىـپ تېگىپتـۇ. ئەمـما ئويلىمىغـان يەردىـن «گۇناھكـار» ئـاللا- كاللا دەپ، دادۇ - پەرياد كۆتۈرۈپ ۋارقىراپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ھـاكىم دەرھال جازانى توختىتىپ، گۇناھكـاردىن سـوراپتۇ: «خەق سـاڭا تـاش ئاتتى، كېسەك ئاتتى، باش - كۆزۈڭ يېرىلدى، يىغلىمىدىڭ، ھەتتـا ۋاي دېمىدىڭ، ئەجەبا بۇ ئاغىنەڭ شۇنداق بىر نەرسىنى ئاتسا تېگەر - تەگمەيلا ۋارقىراپ كەتتىڭغۇ؟ ئىككىڭلار كىمنى ئالدىماقچى؟ ئۇنىـڭ ئاتقـان نەرسىسـىنىڭ نېمىلىگىنـى، سـاڭا قانچىلىـك

تەككەنلىگىنى مەن ئېنىق كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇپتىمەنغۇ!؟».
بۇنىڭغا گۇناھكار ئېيتىپتۇكى: «خەق بەربىر مېنىڭ دوستۇم ئەمەس، ئۇلارنىڭ غەزەپ بىلەن ھۇجۇم قىلىشى تەساددىپى ئەمەس، كۈتۈلگەن زەربە، شۇڭا ئۇلارنىڭ زەربىسىدىن ھېچ ئازاپ ھىس قىلمىدىم. ئەمما بۇ مېنىڭ دوستۇم، شۇڭا ئۇنىڭ ئاتقىنى مېنىڭ يۈرۈكۈمگە زەھەرلىك تىغدەك سانچىلدى، چىدىيالماي قالدىم».
بۇ ھىكايىدىن مەلۇمكى، دۈشمەننىڭ قىيىن- قىستاقلىرى مۇجاھىد ئۈچۈن كۈتۈلگەن، ئىدىيىۋى تەييارلىقى بولغان ئازاپلاردۇر. يامىنى — ئۆز خەلقىمىزنىڭ تەتۈر چۈشۈنۈپ، دۈشمەننىڭ تۆھمىتىگە قوشۇلۇپ كېتىشىدۇر!
بۈگۈنكى كۈندە خىتايلار تېخىمۇ نومۇسسىزلىق بىلەن سىياسى مەھبۇسلارغا (خەلقئارا جامائەتچىلىكنى ئالداش ئۈچۈن) ئوغرى، قىمارۋاز، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىسى، پاھىشىۋاز، ... قاتارلىق رەزىل بەدناملارنى چاپلاپ، خەلقىمىزنىڭ ساددا ھىسسىياتىدا ئۆز ئوغۇل- قىزلىرىغا قارىتا نەپرەت قوزغاپ دىققىتىنى چاچماقتا. بىزنىڭ خەلقىمىز گوللۇقتا، نادانلىقتا، ئاخماقلىقتا شۇ دەرىجىدىكى: قوشنىمىزنىڭ بىر بالىسى بولۇدۇ، ئۇنى بىز توغۇلغىنىدىن تارتىپلا بىلىمىز. ئۇ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا چوڭ بولغان بولۇپ، ناھايىتى ئەدەپلىك، دىيانەتلىك، يۈزى تۆۋەن بالا. چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ئاجىزلارغا ياردەم قىلىش ئۇنىڭ روھىغا سىڭگەن خۇلقلاردىن بولۇدۇ. بىركۈنى بىز ئىشىك ئالدىمىزدا تۇرغىنىمىزدا، خىتاي ساقچىلىرى بۇ بالىنى تۇتۇپ يالاپ ئېلىپ ماڭىدۇ. بىر ئەجەپلىنىپ: «بۇ بالا ئوبدان بالا ئىدىغۇ، نىمە گۇناھ قىلغان بولغىيتى؟» دەپ قالىمىز (گۇيا خىتايلار پەقەت گۇناھكارلارنىلا تۇتىدىغاندەك). كېيىن بۇ يىگىت ھەققىدە ئوغرى ياكى زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىسى ۋە ياكى تېخىمۇ قەبىھ ھەم سەت

ئاڭلىنىدىغان «نارسىدە قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلغان» دېگەندەك بوھتاننى ئاڭلايمىز. ئەنە شۇ چاغدا بىز: «بىز بۇ بالىنى يىگىرمە يىلدىن بېرى بىلىمىز، ئۇ ئۇنداق قىلىقلارنى قىلىدىغان بالا ئەمەس» دېمەستىن، بۇ تۆھمەتكە (خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ تۆھمىتىگە) ئىشىنىمىز - دە، «تۇۋا، ئادەم دېگەننىڭ سىرتىگە قاراپ باھا بەرگىلى بولمايدىكەن، جۇمۇ! بۇ ئەبلەخنى شۇنداق قىلار دەپ كىم ئويلىغان؟... ھۇ جۇۋاينىمەك!» دەپ تىللىغىنىمىزچە تۆھمەتكە قوشۇلۇپ كېتىمىز. خىتايلارنىڭ سىياسىي تۈسىنى پەردىلەش ئۈچۈن تاپقان سۈيىقەستىگە ماسلىشىپ بېرىمىز! يەنە كىملەر بىزدەك ئاخماق، بىزدەك گول؟ ئۆزىمىزنىڭ قېرىندىشىغا ــ20~30 يىللىق ئەمەلىي ئىپادىلەرگە ئىشەنچىمىز شۇ قەدەر تۇترۇقسىز، ئەمما خىتايلارنىڭ مەۋھۇم (ئاساسسىز) تەشۋىقاتىغا شۇنچە ئاسان ئىشىنىپ، ئاشۇ بىچارە قېرىندىشىمىزغا، پەرزەنتلىرىمىزگە نەپرەت بىلدۈرىمىز. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مىللىتىمىزدە ئۆزئارا سەممىيەت روھى يوق. ھەممىمىز گۇمانخور، ھەممىمىزدە ئازدۇر- كۆپتۇر (ئاشكارە - يوشۇرۇن ھالدا) ھەسەت ئوتلىرى مەۋجۇت. بۇنداق ئەھۋالدا بىز بىر - بىرىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن ئەمەس، مەغلۇبىيىتىدىن بەكرەك سۆيۈنىمىز؛ ئامىتىدىن ئەمەس، ئاپىتىدىن خوش بولىمىز. شۇڭا قەبىھلىك تەرەپكە مايىل تۇرىدىغان كۆڭلىمىز ھېلىقى قېرىندىشىمىز ھەققىدىكى ئاساسسىز بوھتانلارغا ئىشىنىشكە ئارانلا تۇرىدۇ! ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ قەبىلىمىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدە - يوشۇرۇن ئېڭىمىزدا باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكىنى تىلەش ئىستىكى يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ، مانا مۇشۇ سەۋەپ (مانا شۇ مايىللىق) بىزنى بوھتانلارغا ئىشىنىشكە، قېرىندىشىمىزنىڭ شەنى ھەققىدە قاباھەتلىك ھۆكۈم چىقىرىلىشىغا قارىتا خوشاللىنىش نەتىجىسىگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ

پاكىت بىزنىڭ ئەقىدىمىزنىڭ نەقەدەر بۇزۇلۇپ كەتكەنلىگىنى تېخىمۇ روشەن كۆرسۈتۈپ بېرىدىغان ئەينەك.

ئۇندىن باشقا ئۇزۇن بىر زامان ھەممە تونىغان، ھەممىنى ئىدارە قىلىدىغان «نوپۇز» لىرىمىزنىڭ بولماسلىقى تۈپەيلى، بىزدە نوپۇز ئېڭى سۇنغان بولۇپ، ھەممە ئادەم ئۆزىگە «نوچى»، ھېچكىم- ھېچكىمنى ياراتمايدىغان، ئۆزىمىزدىن يېتىشىپ چىققان بىرەر نوپۇز بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشتىن خورلۇق ھىس قىلىدىغان غەلىتە روھى ھالەت يوشۇرۇن ئېڭىمىزغا سىڭىپ كەتكەچكە، بىز ئومۇمەن «نوپۇز»لارغا ناتوغرا مۇئامىلىدە بولىمىز: بىرەر ئومۇم ئېتىراپ قىلىدىغان «نوپۇز» بىرىمىزنىڭ يۇرتدېشى، بالا ۋاقتىدىكى دوستى يا بولمىسا ئاشۇ «نوپۇز» تونۇلمىغان دەۋرىدە بىزنىڭ تونۇشىمىز بولغان بولسا، ئۇنىڭغا تىل تەككۈزۈش، بەدقىلىق چاخچاق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ «نوچىلىقى» نى كۆرسىتىشكە ئورۇنىمىز، يەنى، «ھەممىڭ چوڭ بىلىپ كەتكەن بۇ بىر نىمە ئاكاڭ قارىغاينىڭ ئالدىدا مانا شۇنچىلىكلا» دېمەكچى بولغاندەك قىلىمىز. ئومۇمەن تېگى- تەكتىنى بىلىدىغانلا ئادەم بولىدىكەن، كىيىن ئۇ ئالىم، ھەتتا ”ئەللامە“ بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ بەربىر، ئۇنى ياراتقىمىز كەلمەيدۇ (چۈنكى ئۇ پالانچىنىڭ بالىسى تۇرسا، مەن پالانچى غوجامنىڭ ئەۋلادى تۇرسام، دەيمىز- دە، ئۇنى ئېتىراپ قىلىشتىن ھاقارەت ھىس قىلىمىز). بۇ پوزتسىيە بىزنى تەشكىللىنىش زېمىنى بىلەن تەمىن ئەتكۈچى «نوپۇز» ئامىلىدىن مەھرۇم قىلىدىغان پايدىسىز «كېلىمات» پەيدا قىلىدۇ.

ھەممە مىللەتتە «چولپان»لارغا ئىخلاس بىلدۇرۇش («چوقۇنۇش» دەپ خاتا قوللۇنۇلۇۋاتىدۇ) ئادىتى ــ «چولپان» قىزغىنلىقى مەۋجۇت. مەسىلەن: بىرەر داڭلىق سەنئەتچى، يازغۇچى، ناتىق، سپورتچى، ... قاتارلىقلارغا تەلۋىلەردەك

ھېرىسمەن بولۇش ئادىتى بار. ئەمما بىز ئۇنداقلارنىمۇ چوڭ بىلىپ كەتمەيمىز. «تۆگىنىڭ مازار بىلەن نېمە ئىشى» دېگەندەك، ھەرقانداق داڭلىق شەخسنىمۇ بىر تېيىنگە ئالمايمىز. بۇمۇ بىزنىڭ «نوپۇز»نى مەركەز قىلىپ «توپلۇنۇش» پسىخىكىمىزنىڭ بوزۇۋېتىلگەنلىكى، غەلىتە شەخسىيەتچى، پەقەتلا «مەن ئۇلۇغ» دېمەكچى بولغاندەك خاراكتېر ھاسىل قىلغانلىقىمىزنىڭ بىرخىل ئىپادىسى بولسا كېرەك. كىتاپخان ئوبدان ئويلۇنۇپ، ئەتراپىغا — مۇھىتقا باقسۇن. بىز ئۇيغۇرلار — ئومۇمەن شەرقى تۈركىستانلىقلار يا بىلىملىكلەرنى چوڭ بىلىپ كەتمەيمىز، يا ھەر ساھە چولپانلارنى بېشىمىزدا كۆتۈرۈدىغان ئادىتىمىز يوق، يا بىرەر رەھبەرنى، يا بىرەر قەھرىماننى،... قىسقىسى بىز ھېچ نېمىگە ئۇ قەدەر چوڭقۇر ئىخلاسىمىز قالمىغان، ھەممىگە سوغۇق نەزەر بىلەن، دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن باقىمىز، ھېچنىمە بىزنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ، ھېچنېمە بىزنى ھاياجانغا سالالمايدۇ. بۇ بەلكىم بىزنىڭ پاجىئەگە تولغان ئاچچىق قىسمىتىمىزنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك. نېمىلا بولمىسۇن، بىزنىڭ «نوپۇز» قارىشىمىز، «نوپۇز» چۈشەنچىمىزنىڭ ناتوغرىلىقى بىزنىڭ تەشكىللىنەلمەسلىكىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم، ھەل قىلغۇچ رول ئويناۋاتقان ئامىللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق!

سېلىشتۇرما مىسال ئالساق، ئانچە كۆپ ئوقۇمىغان، كېلىپ چىقىشىمۇ نامرات بولغان گىتلېرگە پۈتۈن گېرمانىيە بەيئەت قىلغان، ھەتتا بۈگۈنگىچە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىرى يۈز مىڭلاپ تېپىلىدۇ. ئەگەر ئۇ بىزنىڭ مۇھىتىمىزدا بولۇدىغان بولسا، ئۇنىڭ ميونخېندىكى «پىۋىخانا سىياسى ئۆزگۈرىشى»دىن كېيىنكى ئىستىقبالى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنى بىرىمىز :«بارە نېرى، دىۋانىنىڭ

ئەۋلادى!» دېسەك، يەنە بىرىمىز: «سەھرالىق گالۋاڭ» دەيتۇق ـ دە، ئۇنىڭغا ھېچكىم ئەگەشمەيتتى. ئۇ بولسا روھىي جەھەتتىن نابۇت بولۇپ تۈگۈشۈپ كېتەتتى! لېكىن ئۇ ياۋروپالىق بولغاچقا، ئۇنىڭغا داڭلىق گېنېراللار، سىياسىئونلار، ئالىملار ئەگەشكەن، ئۇ بولسا دۇنيانى زىل ـ زىلىگە كەلتۈرىۋەتكەنىدى!

مەدەنىيەت ساپاسى جەھەتتىن تۆۋەن بولغان تىبەتلىكلەر، ئۆز ئەنئەنىلىرىگە كۆرە مىللىي ۋە دىنىي رەھبەرلىرىگە ھېچنېمىنى تەڭ قىلمايدۇ، شۇنداق بولغاچقا ئۇلارنىڭ ھەممىسى دالاي لامانى «داھىي» دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. ھەتتا دالاي لاما مۇھاجىر بولۇپ كەتكەندىن كېيىن توغۇلغانلارنىڭ روھىدىمۇ مۇشۇنداق چۈشەنچە، مۇشۇنداق تەن ئېلىش مەۋجۇت. بۇ — شۇ مىللەت يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ئامىل بولۇپ، بۇنىڭ خاسىيىتىدە، تىبەتلىكلەر بىر پۈتۈن كوللېكتىپ، تەشكىللىك جامائە سۈپىتىدە خەلقئارا ساھەدە تونۇشلۇق بولۇپ قالغان ھەم بۇ تۈپەيلى، تىبەت مەسىلىسى خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت نەزىرىدە (ھەتتا خىتايلارمۇ ئەنە شۇ سەۋەپتىن تىبەتتە نىسبەتەن كەڭراق سىياسەت يۈرگۈزىدۇ) بولۇپ كەلمەكتە.

لېكىن، بىز مەدەنىيەت ئاساسىمىز، تارىخىمىز، ئېتنىك تومۇرىمىز، دىنىمىز، تىلىمىز جەھەتلەردىن خىتايلار بىلەن «ئۇلتۇرسە قېنى قوشۇلمايدىغان» ئايرىملىقىقا ئىگە بولساقمۇ، بىزنىڭ داۋايىمىز خەلقارا سەھنىدە ئىنتايىن ئاجىز. بۇنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى، دەل بىرلىككە كەلگەن «نوپۇز»ىمىزنىڭ، نوپۇزنى ئېتىراپ قىلىش پسىخىكىمىزنىڭ بولمىغانلىقى، ھەربىرىمىز بىردىن دۆڭگە تۇغ قادىۋالىدىغان غەلىتە خۇيىمىز، ئۆزىمىزنىڭ قانچىلىك قابىلىيىتى بارلىقى بىلەن ھىساپلىشىپ ئولتۇرمايلا داھىلىق تاماسىدا بولۇپ، باشقىلارنى، ھەتتا ئۇنىڭ ئىقتىدارى بىزدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ تۇرسىمۇ، ئېتىراپ

قىلغۇمىز كەلمەيدىغان چالا كۆرەڭ خاراكتېرىمىزنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئەگەر بىز تەشكىللىنىمىز دەيدىكەنمىز، ئۆزىمىزدىكى «مەن مەركەز» ئىدىيىسىنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىشىمىز، باشقىلارنىڭ ئەيىپىگىلا تىكىلىپ تۇرۇۋالماي، بىزدىن ئارتۇق تەرىپىنىمۇ كۆرۈشكە ئۆزىمىزنى كۆندۈرۈشىمىز لازىم. شۇنداقلا تەشكىللىگۈچى «نوپۇز» ئېتىراپقا ئېرىشىپ، تەسىرى ئېشىپ بارىدۇ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بىر مەركەز ئەتىراپىدا ئۇيۇشۇش نىشانىغا يەتكىلى بولىدۇ.

بىرەر كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ تەشكىلاتچىلىق قىلىشقا باشلىغان ھامانلا ئۇنىڭ ئاتالمىش گۇناھكار ئۆتمۈشى كوچۇلۇنۇپ، ئابرويىنى چۈشۈرۈشكە تىرىشىدىغان ئەھۋاللار (سىياسىي جەھەتتىن چاتىقى بولسا ئەلۋەتتە كوچىلاش ۋە ئاشكارىلاش لازىم، ئەمما بىز ئۇ تەرىپىگە دىققەتسىز، كەچۈرۈشكە بولىدۇغان گۇناھلىرىنى كوچىلاشقا ئامراق) ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ دۈشمەنلىرىمىز تارىختىن بېرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئۇسۇلغا ئوخشاپ كېتىشىدىن قارىغاندا، بۇ ئادەملەرنىڭ ئارقىسىدا خىتاي جاسۇسلۇق سىستېمىسى بارلىقىدا شەك يوق. بۇلاردىن ئالاھىدە ھوشيار بولۇش كېرەك. چۈنكى، پەرىشتىدەك پاك، «بۇۋاق ۋاختىدىمۇ زاكىسىنى ھۆل قىلىۋەتمىگەن» ئەۋلىيالارنى بىز ياسىۋالالمايمىز. شۇڭا ئۆتمۈشكە بەك ئېسىلىۋالماي بۈگۈنگە قارايلى، ئارقىدا قالغاننى- كەتكەننى سۈرۈشتۈرمەي، ئالدىمىزغا قارايلى (چۈنكى مەنزىل ئالدىمىزدا). «نوپۇز»لارنى قوغدايلى!

ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com
كىتاب تورىكتى

# ئىسلام ئېتىقادىنى غەرەزلىك بۇرمىلاشقا، پۇچەكلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرايلى!

كۆرەش ـ (جىھاد، ئىنقىلاپ ۋە باشقا كۆرەشلەر) ـ ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى توقۇنۇش دېمەكتۇر. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا چەككە يەتكەن زىددىيەت يارىسىنىڭ «ئېغىز ئېلىشى» دېمەكتۇر. دېمەك، ئىككى تەرەپ بولماي، كۆرەش بولمايدۇ. تەرەپ بولغانىكەن، تەرەپلەر بىر- بىرىنى يېڭىپ چىقىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان ۋاستىلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سالىدۇ. ئاشكارە — يۇزمۇ- يۈز توقۇنۇش بىلەنلا قالماي، «قورغاننى ئىچىدىن بوزۇش» ھىيلىسى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ھىلە بولۇپمۇ ئىدىيىۋى سەپتە رۇشەن ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا، يېڭىپ چىقىش ياكى مەغلوپ بولۇشتا ئىدىيىۋى سەپنىكى كۆرەش تېخىمۇ مۇھىم، تىخىمۇ جىددى بولىدۇ، بۇ كۆرەشتە يېڭىلىشقا يۈز تۇتۇش — يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى ئېغىشقا باغلىقتۇر.

نۆۋەتتە بىزنىڭ كۆرىشىمىزمۇ جىددى ئىدىيىۋى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە!

بىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىمىز — نەزەرىيىۋى ئاساسىمىز — ئىسلام، ئاللاھنىڭ كىتابى ئىكەنلىگى كۆپچىلىككە ئايان. شۇڭا قولىمىزدا رۇشەن كىتاپ بولغان ھالدا يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە ئېغىش بولغىنى قانداق گەپ؟ دېگەن سۇئالار توغۇلۇشى مۇمكىن. گويا بۇ جەھەتتە خاتالىقلارنىڭ بولۇشى- خاتا چۈشەنچە، خاتا تونۇشلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەستەك تۇيۇلۇشى چوقۇم. لېكىن، دۈشمەنلىرىمىز بىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىدىن ئېغىشىمىزنى، يول تاپالماي قايمۇقۇپ، ئۆز- ئۆزىمىزدىن يوق

بولۇشىمىزنى كۆزلەپ، ئۆزىمىزنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمىز، باھالاش مىزانىمىز ۋە مەنتىقىمىزدىن «پايدىلىنىدۇ»، «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» ئۇسۇلى بىلەن تاقابىل تۇرىدۇ. يەنى، ئۇلار مۇناپىق غالچىلارنى ئىشقا سېلىپ دىنى تون بىلەن ئوتتۇرغا چىقىدۇ. بۆلگۈنچىلىك، ئېچكى نىزاھ پەيدا قىلىشتا «پولاتتەك پاكىت»لارنى ياسايدۇ. بۇ — پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى قانداق ئىزاھلاش، دىننى قانداق چۈشۈنۈش ۋە قانداق تەپسىر قىلىشتا كۆرۈلىدۇ. بۇندىن باشقا، دىننى دوگما ئۇسۇلدا ئۆزلەشتۈرگەن، ھەقىقى چۈشەنمەيدىغان ياكى چۈشەنسىمۇ شەخسى ئىززەت تۇيغۇسىنى مۆمىنلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەمدە مىللى كىملىك تۇيغۇسىدىن، ئومۇمخەلقنىڭ ئىززەت تۇيغۇسىدىن ۋە مەنپەئەتىدىن يۇقىرى قويىدىغان ئايرىم شەخسىيەتچى شەخسلەرنىڭ قىتىغۇر خاراكتېرى دۈشمەننىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىدە پايدىلىنىدىغان «ئىتتىپاقچى كۈچ» بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ شەخسلەر شەخسي ئاداۋەت تۇيغۇلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى تۈپەيلى دۈشمەننىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماستىن (ھېس قىلسىمۇ مەنمەنلىكى تۈپەيلى، بۇ «رىقابەتچىلەر»نى خىتايلاردىنمۇ خەۋپلىك دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ھېچنېمىگە پىسەنت قىلماستىن) ھە دەپ كۈچەپ، بارغانسىرى نېرۋىسى قىزىپ، ئاساسى دۈشمەنگە بولغان ئۆچمەنلىكى ئورنىغا، پۈتۈن دىققىتىنى ئېچكى ئاداۋەتكە سەرپ قىلىدۇ. دۈشمەننى بىر ئېغىز تىللاش ئورنىغا، ھە دەپ ئۆزلىرى «رىقابەتچى كۈچ» دەپ تونۇۋالغان ئۆز قەۋمى ـ قېرىنداشلىرىنىلا سۆكىدۇ.

مانا مۇشۇنداق سۆكۈشتە قارشى تەرەپنى (ئەمەلىيەتتە ئۆز قېرىنداشلىرىنى) خەلققە سەت كۆرسىتىپ، ئۆزىنى ئەڭ توغرا يولدا كېتىۋاتقاندەك تونۇشتۇرۇشتا ئۇلار خۇددى «بۆرى بىلەن قوزىچاق»

تەمسىلىسىدىكىدەك، ئالدى بىلەن (كۈلكىلىك بولسىمۇ) بىرەر ئەيىپ ئارتىپ، ھۇجۇملىرى ئۈچۈن سەۋەپ قىلىپ كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، مۇشۇنداق «سەۋەپ- نەتىجە» مۇناسىۋەتنى قۇراشتۇرۇپ چىققاندىلا خەلقنى ئالداپ، بۆلگۈنچىلىك مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ ئويلاپ ئەنە شۇنداق قىلىشىدۇ.

«تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەش»، «يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىش» قاتارلىق دۈشمەنلىرىمىز دائىم ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن ھىلىلەر ئۇلارنى پەسكەش مەخسىدىگە يېتىشتە تەدبىر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

«تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەش» — ئادەتتە ياخشى نىيەتلىك دوستلار بولسا سەمىمى تۈزۈتۈش بېرىپ تولۇقلاپ كېتىشكە بولۇدىغان كىچىك مەسىلىلەرنى پىرىنسىپقا كۆتۈرۈپ، «لوپا ئەينەك بىلەن كۆرسۈتۈش» دېمەكتۇر.

«يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىش» بولسا — ئۈنۈملۈك «جىنايى پاكىت» تاپالمىغاندا، جامائەت پىكرىنى ئالداش ئۈچۈن باھانىگە مۇھتاج بولغاندا بۇنداق جىنايەتنى ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقىپ، بىرەر بەدنامنى چاپلاپ، ئاندىن ئۇنى ئەيىپلەشنىڭ ئاساسى قىلىۋېلىش دېمەكتۇر.

كۆپ ھاللاردا، دۈشمەن بۇ ئىككى ئۇسۇلدىن بىرلا ۋاقىتتا پايدىلىنىشى مۇمكىن. دۈشمەنلىرىمىز بۇنداق قارشىلىقنى پەردازلاش ئۈچۈن ھامان «ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنى باپلاش» ھىلىسىنى ئىشلىتىپ، كۆرۈنۈشتە گويا بىرخىل مۇقامنىڭ توغرىسىنى تووۋلاۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەپكار ئاممىنىڭ پىكرىنى قالايماقانلاشتۇرۇپ، كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنى كوممۇنىستلار «قىزىل بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ، قىزىل بايراققا قارشى تۇرۇش»، «ئاغزىدىن ماركسىزىمنى چۈشۈرمەي تۇرۇپ،

ماركسىزمغا قارشى تۇرۇش» دېگەن ئىبارىلەرگە ئىخچاملىغاندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىياسى شاھمات ئويۇنى بولۇپ، كۆپ ئادەملەرنى قايمۇقتۇرۇپ، يېتەكچى ئىدىيىدىن ئاسانلا تايدۇرىۋېتىدۇ.

خەلقئارادا مۇنداق بىر ئادەت قارىشى بار: مەلۇم بىر مەدەنىيەتسىز كىچىك مىللەتنىڭ مەلۇم چوڭ مىللەت «ھامىيلىقى»دا تۇرۇشىنى ئەقىلغا ئۇيغۇن، ئەگەر ئۆز- ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى بولمىغان بۇنداق مىللەتلەر مەلۇم چوڭ مىللەتنىڭ «ھامىيلىقى»دا بولمىسا خۇددى «يولۋاسنى تاغقا قويىۋەتكەندەك» دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن تەھدىت دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتايلار بىزنى كونسېرى مەدەنىيەتسىزلەشتۈرۈپ، ئۆزىمىزنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىمىزدىن مەھرۇم قىلماقتا. بۇ ئارقىلىق دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بىزنى «ئۆز- ئۆزىنى ئىدارە قىلغۇدەك ھالى يوق» قىلىپ كۆرسىتىشنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ «ھامىيلىقى»نى يوللۇق دەپ ئىسپات قىلىشنى كۆزلەۋاتىدۇ. ھالبۇكى، بەزىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ كالامىنى جان بېقىش دەسمايىسى، «سىياسى مۇداپىيە كونىلۇكى» قىلىۋېلىپ، ھە دەپ داۋراڭ قىلىۋاتقان «ئىسلامى» شوئارىدىكى ساۋاتسىزلىق، دۆتلۈك — خەلقئارادا بىزنى ئىنتايىن پايدىسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشى تەبىئى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئادەتتە سۆزلەپ يۈرگەن قالتىس «سىياسەت»، «يۆنۈلۈش» ھەققىدىكى (ئىپتىدائى ئاڭ باسقۇچىدىكى) پىكىرلىرى چەتئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىدىغان بولسا شەكسىزكى، دۇنيا ئەھلى ئالدىدا قاتتىق كۈلكىگە قېلىش بىلەنلا قالماي، يەنە جاھان ئەھلىنى خەلقىمىز ھەققىدە: «بۇ مىللەتنىڭ لىدېرلىرى مۇشۇنداق پىكىر قىلىدىغان بولسا، باشقىلىرى قانداق بولماقچى، دېمەك، بۇ مىللەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى يوق ئىكەن»

www.uyghurkitap.com

دېگەن چۈشەنچىگە كەلتۈرۈشى چوقۇم.

ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىكى مەنتىقسىزلىق، ئىچكى ئىزچىللىقىنىڭ يوقلۇغى، خۇددى بۇ يەر شارىدا ياشىماي‌ۋاتقاندەك، دۇنيانىڭ هايات قانۇنىيەتلىرىگە قىلچە ئالاقىسى يوق پىكىرلىرى ئۇلارنىڭ سالاهىيىتى، ئىقتىدارىنى مانا مەن دەپلا ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ، ناهايىتى نادان بولغان خەلقىمىز ئۇلارنىڭ قۇرئان ۋە هەدىسلەرنى سۇيىئىستېمال قىلىپ چالۋاقاشلىرىدىن گاڭگىراپ، نىشانىدىن ئادىشىپ كېتىشى مۇمكىن (خىتايلار خەلقىمىزدىكى ئەنە شۇ ئاجىزلىقنى بىلگەچكە، سىياسى كېڭەش ئارقىلىق موللىلارنى تىزگىنلەپ، موللىلار ئارقىلىق خەلقنى كولدۇرلىتىدىغان باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى تاپقانىدى. ئەمدى جىهاد هەركىتىمىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈنمۇ يەنە شۇنىڭغا ئوخشاشلا مۇناپىق ۋە شەخسىي مەنمەنلىككە بېرىلگەن موللىلاردىن پايدىلىنىۋاتىدۇ). شۇڭا ۋەتەنداشلىرىمىزنى دۈشمەن هىلىسىدىن ئاگاهلاندۇرۇش، ئاساسى غايىمىز ئۈچۈن بۆلۈنۈشتىن ساقلاپ قېلىش ئىنتايىن مۇهىم بورچىمىزدۇر. يۇقۇرىدا سۈپەتلىگەنلىرىمىزدەك، دۈشمەن نۆۋەتتە غالچىلاردىن پايدىلىنىپ، دىنى بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ دىنغا، مۆمىنلىكنى داۋا قىلىپ تۇرۇپ، مۆمىنلەرنىڭ مەنپەئەتىگە قارشى ئىش تۇتماقتا! ئەمەلى مىساللىرى ۋە مۇهىم تۈرلىرى مۇنداق:

## 1. ئىسلام دىنىدا «ۋەتەنپەرۋەرلىك» مەسىلىسى

ۋەتەن ــ ئۇيغۇر تىلىدىكى لۇغەت مەنىسى بويىچە «تۇغۇلغان يۇرت» دېگەننى بىلدۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. هازىرغىچە «ۋەتەن» (تۇغۇلغان يۇرت)نىڭ دائىرىسى ئوخشىمىغان دەۋىردە ئوخشىمىغان كۆلەمگە ئىگە بولۇپ كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە مەلۇم

ئېتنىڭ گۈرۈپپىسىڭ توپلۇشۇپ ياشايدىغان تېررىتورىيىسىنى — ئېنىقراقى، دۆلەت تەۋەلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىبارىگە ئايلاندى.

ۋەتەن— ۋەتەن ئەھلىگە ئەجداتلىرىدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان، ئۇنىڭ پۈتۈنلۈكى، دەخلى- تەرۇزسىزلىكى ئۈچۈن مىليونلارچە قۇربانلارنى بەرگەن مۇقەددەس تۇپراقتۇر. تېخىمۇ ئوچۇقى پۈتۈن زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ ھەر قەۋم (مىللەت)كە مىراس قىلىپ بەرگەن مۇبارەك دىياردۇر.

ئاللاھ سۇبھان ۋەتائالا مۇقەددەس كىتابى قۇرئانى كەرىمدە شۇنداق دەيدۇ:

«مۇسا ئۆز قەۋمىگە: ‹ئاللاھتىن مەدەت تىلەڭلار، سەۋر قىلىڭلار، يەر يۈزى ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، (ئاللاھ) ئۇنىڭغا بەندىلەردىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ۋارىس قىلىدۇ؛ ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ› دېدى» (سۈرە «ئەئراف» 128- ئايەت).

دېمەك، شۇ خۇلاسىگە كېلىمىزكى، شەرقى تۈركىستان ئاللاھنىڭ مۈلكى ئىچىدىن بىزگە ۋارىسلىق ھوقۇقى بېرىلگەن ۋەتەندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز ئاللاھنىڭ تەۋەرۈكى بولغان بۇ ۋەتەننى ئانىمىزنى سۆيگەندەك سۆيۈشىمىز، ئانىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشىمىز، ئانىمىزنى قوغدىغاندەك قوغدىشىمىز، ئانىمىزغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنۈشىمىز ئەقەللىي ئىنسانى بۇرچىمىزدۇر. مانا شۇ مەجبورىيەت تۇيغۇسىنىڭ ئۆلچەملىك ئاتىلىشى — ۋەتەنپەرۋەرلىكتۇر! مانا شۇ مەجبورىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى بىزنى قۇربان بېرىشكە، جاپاغا چىداشقا، شەخسىيىتىمىزدىن كېچىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئۈندەپ تۇرىدۇ. بۇ تۇيغۇ ئاللاھ سۆيگۈسىدىن تۇغۇلغان بولغاچقا، ئاللاھ سۆيگۈسىدىن قالسىلا ھاياتىمىزدىكى ئەڭ مۇقەددەس تۇيغۇ — ۋەتەن تۇيغۇسىدۇر!

www.uyghurkitap.com

ئەلۋەتتە شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، ئۆز شەخسىيىتىدىن باشقا غايىسى بولمىغان، سۆيگۈ نېمە، نەپرەت نېمە چېگىرىسىنى ئاجرىتالمايدىغان، ھەممىنى «مەن»نىڭ مەنپەئەتىگە كۆرە باھالايدىغانلارغا بۇ مۇقەددەس تۇيغۇ نېسىپ بولمىغان. ئۆزىنى سۆيۈش تۇيغۇسى ئەڭ يوقۇرى تۇرىدىغان بۇ ئادەملەردە بۇنداق گۈزەل تۇيغۇنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

لېكىن، شۇنىڭدىن ئالاھىدە ھوشيار بولىشىمىز كېرەككى، ئۇلار ئۆزىنىڭ نەپسى- خاھىشىنى پەدەزلەپ، رەزىللىك ئۇۋىسى بولغان تار كۆڭلىگە لەنەت قىيانىنىڭ بېسىپ كىرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇبارەك ئىسلام دىنىنى سۈيئىستىمال قىلىپ، دىنىمىزنىڭ يۈزىگە كۆپىرى دېغىنى چاپلاپ، ئىسلام دىنى بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىكنى قارىمۇ ـ قارشى قىلىپ قويماقتا!

ئۇلار قۇرئانى كەرىمنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ، ئىسلام دىنىنى سۆيىدىغان خەلقىمىزنى قايمۇقتۇرۇشقا ئورۇنماقتا. ئۇلار خۇددى تاتلىق شىرىنىگە ئامراق جانىۋارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن زەھەرنى شېكەر بىلەن نىقاپلاپ بەرگەندەك ئىش قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: ئۆزلىرىنى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا ئەڭ سادىق قىلىپ كۆرسۈتۈش ئۈچۈن ھە دېسىلا «ئىسلام»، «قۇرئان» دەپ ۋارقىرايدۇ ـ يۇ، تەلۋە قىلىقلىرى ئىسلامغا، مۆمىنلەرنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە خىلاپ كېلىدۇ؛ «ساداقەتمەنلىكتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان»دەك كۆرۈنۈش ئۈچۈن «پەقەت ئاللاھ دەپ ئۆلۈش» تەشەببۇسى بىلەن بىرگە، «ۋەتەن دەپ ئۆلسە شېھىت بولمايدۇ!» دېگەندەك تەلۋە قاراشنى ئارىلاشتۇرىۋېتىپ، گويا ئىسلام دىنى ۋەتەنپەرۋەرلىكنى چەتكە قاقىدىغاندەك چۈشەنچىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. بۇنىڭ ئاقىۋىتى پارچىلىنىشقا، نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم قېلىشقا، دۈشمەننى كۆپەيتىشكە ئېلىپ بارىدۇ! تېخىمۇ يامىنى، ئىسلام دىنى بىلەن

يېقىندىن تونۇشۇۋاتقان، دىللىرى ھىدايەت يولىغا يېقىنلىشىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ھەققانىيىتى، ئىلمىلىكى، پۈتۈن دۇنيانىڭ ھايات تەرزىگە ئۇيغۇنلۇقى، بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنى، ياخشى ئىش، ئېسىل خىسلەتلەرنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىلغارلىقىغا بولغان تونۇشىغا شەك چۈشۈرۈپ، دىنىمىزنىڭ پارلاق سەلتەنىتىگە داغ تەككۈزۈشتەك جىنايەتلەرنى سادىر قىلماقتا!

يۇرتىنى سۆيۈش — (ۋەتەنپەرۋەرلىك) — ئاللاھنىڭ مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش بىر گۈزەل ئەخلاقتۇر. ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى گۈزەللىككە تەۋسىيە قىلىدۇ؛ رەزىللىكتىن چەكلەيدۇ. ياخشى خىسلەتنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ يامان قىلىقتىن توسايدۇ. ئۇنداقكەن، ۋەتەن سۆيۈشتىن ئىبارەت ياخشى خىسلەت ئىسلام روھى بىلەن زىت كېلىشى مۇمكىنمۇ؟

**«ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇغلۇق، ئۆلۈمدىن قورقۇپ يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ ئاللاھ ئۇلارنى ‹ئۆلۈڭلار› دېدى** (ئۇلار ئۆلدى)...» (سۈرە «بەقەرە» 143-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). بۇ ئايەتتە يۇرتىنى سۆيمىگەنلەرنىڭ لەنەتكە، قارغىشقا قالىدىغانلىقى ناھايىتى روشەن كۆرسۈتۈپ بېرىلگەن.

يەنە بۇ ئايەتنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى:

**«... پەيغەمبەر ‹سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىنسا جىھاد قىلماي قالارسىلەرمۇ› دېدى. ئۇلار: ‹يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئوغۇللىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق قانداقمۇ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلمايلى؟› دېدى...»** (سۈرە «بەقەرە» 246-ئايەتنىڭ بىرقىسمى). بۇ ئايەتلەردىن شۇنى چۈشىنىش تەس ئەمەسكى، يۇرتلىرى (مىللەت مۈلكى)، ئوغۇللىرى (شەخسى مۈلۈك) ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغانلىق ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئاللاھ يولىدا

جىھاد قىلغانلىق بولىدۇ!

يەنە بۇ ئايەتنىڭ دىققىتىڭىزلارغا ھاۋالە قىلىمىز:

**«... سىلەرنى يۇرتلىرىڭلاردىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرمۇ ئۇلارنى يۇرتىدىن چىقىرىۋېتىڭلار،...»** (سۈرە «بەقەرە» 191-ئايەتنىڭ بىرقىسمى).

يۇقىرىقى ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «يۇرت» نىمىنى كۆرسىتىدۇ؟ كەنتنىمۇ؟ مەھەللىنىمۇ؟ ياكى دۆلەتنىمۇ؟ بۇنى چۈشىنىش ئانچە يۇقۇرى ساۋات تەلەپ قىلماس دەپ ئويلايمىز.

ۋەتەن سۆيۈش گۈزەل پەزىلەت سانىلىدىغانلىقى، ئىسلام دىنى بولسا بارلىق گۈزەل شەيئىلەرنىڭ تەشەببۇسچىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچكىمنىڭ گۇمانى بولمىسا كېرەك. ئۇ ھالدا ۋەتەن ئۈچۈن ئۆلۈشنىڭ ئاللاھ يولىدا ئۆلگەنلىك بولۇش- بولماسلىقى يەنە مۇنازىرە تەلەپ قىلامدۇ؟ شۇنداق بولسىمۇ گۇمان ۋە شەك- شۈبھىلەرنى تەل- تۆكۈس سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن بۇ ھەدىسنى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سەمىگە سېلىشنى ئارتۇق ھىساپلىمايمىز.

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرە (ر. ئە) شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: «**بىر ئادەم ئۆزىنىڭ مېلىنى قوغداپ ئۆلۈپ كەتسە شېھىد بولىدۇ**» («بۇخارى»).

مۇنازىرىگە ئورۇن يوقكى، ئۆزىنىڭ مېلىنى قوغداپ ئۆلۈپ كەتكەن (مۆمىن) ئادەم شېھىد بولغان يەردە ۋەتەندىن ئىبارەت ئاللاھ مىراس قىلىپ بەرگەن مۈلۈكنى — تېخىمۇ مۇھىم، تېخىمۇ بۈيۈك، تېخىمۇ قىممەتلىك مۈلۈكنى، كۆپكە تەۋە بولغان مۈلۈكنى قوغداش يولىدا ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ شېھىد بولۇشى ئەقەللى مەسىلە ئەمەسمۇ! مۇشۇ ئەسىردىكى ئاتاغلىق ئالىم ۋە سىياسىيون، مىسىردا قۇرۇلغان «ئىخۋالىل مۇسلىمىن»



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

پارتىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ھەسەنىل بەننا[1] «تەلىماتلار» ناملىق ئەسىرىنىڭ «ئەمەل» بابى 4- ۋە 6- ماددىسىدا شۇنداق يازىدۇ: «ۋەتەننى روھى، ئىقتىسادى، سىياسى جەھەتلەردە (مۇسۇلمان بولمىغان) چەتئەل كۈچلىرىنىڭ كونتروللىقىدىن قۇتقۇزۇش لازىم». «ئىسلام ئۈممەتلىرىنى قوغداپ، بىرلىكنى ساقلاپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇپ، شەرىئەتنى تىرىلدۈرۈپ، ھۆكۈمەت مۇستەقىللىقىنى ۋە خىلافەت ئورنىنى ساقلاپ، مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرىدىغان بىر ئىسلام دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ھەسسە قوشۇش لازىم». مەلۇمكى، ۋەتەن چۈشەنچىسى بىلەن ئىسلام چۈشەنچىسى ئارىسىدا بىر- بىرىنى چەتكە قاقىدىغان زىدىيەت يوق (پەقەت ھەركىمنىڭ نىيىتىگە باغلىقتۇر). چۈنكى بۈيۈك (دۇنياۋى) غايە ئالدى بىلەن مەلۇم تېررىتورىيىدە، مەلۇم مەملىكەتتە ئىشقا ئېشىپ، ھاكىمىيەت ھىمايىسىدە كۈچىيىدۇ، تەرەققى قىلىدۇ. ئەكسىچە، بەش قولنى ئېغىزغا بىرلا سالغىلى بولمايدۇ، بۇ مۇقەددەس بايراق ئۈچۈن بىر ھۆر زېمىن، ھېچ بولمىغاندا ئۆزىمىزگە تەۋە بىر ئۆگزە بولۇشى زۆرۈر. مەلۇم بىر ۋەتەندە بىر ھاكىمىيەت قولغا كەلتۈرۈلمەيدىكەن، ھەرقانچە چوڭ شۇئارمۇ بىزنى قۇتقۇزالمايدۇ. تارىختىكى ئەندەلۇس مۇسۇلمانلىرىنىڭ قولىدىن كېتىپ ئىسپانىيەگە ئايلىنىۋىدى، ئۇ يەردە ئىسلام قانۇنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەق- ھوقۇقىلا ئەمەس، ھەتتا ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشلارمۇ چېقىپ تاشلاندى. ھاكىمىيەت

---

[1] ھەسەنىل بەننا ـ مىسىرنىڭ يېقىنقى زامان سىياسى تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم ئەرباپلاردىن بىرى. 1928-يىلى مارت ئېيىدا ئالتە كىشى بىلەن «مۇسۇلمان قېرىنداشلار (ئىخۋالىن مۇسلىمىن)» پارتىيىسىنى قۇرغان. 1949- يىلى 12-فېۋرالدا فارۇقنىڭ قول چوماقلىرى تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن شېھىت قىلىنغان. «تەلىماتلار» ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى ۋە پارتىيىنىڭ ھەرىكەت پروگراممىسىدۇر.

بولمىسا ھەرقانچە چوڭ شۇئارمۇ كىرەككە كەلمەيدۇ.

يۇقۇرقى بايانلىرىمىز ئىسلام دىنىدا «ۋەتەنپەرۋەرلىك» مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشتا يېتەرلىك دەپ ئويلايمىز.

www.uyghurkitap.com

## 2. ئىسلام دىنىدە «مۇستەقىللىق» مەسىلىسى

مۇستەقىللىق — مەلۇم ھۆكۈمران كۈچ چاڭگىلىدىن ئازات بولۇپ ئۆز زېمىنىدە (ئۆز يۇرتى، ئۆز ۋەتىنىدە) ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلماق دېمەكتۇر. دېمەك، بىر ئادەم ياكى بىر ئېتنىك گورۇپ ئۆزىنىڭ ئارزۇسى، خاھىشى، كىشىلىك قەدىر - قىممىتى بىلەن ياشايمەن، چەكلىمىگە ئۇچرىمايمەن، دەيدىكەن، ئاشۇ ئۆزى ئالقىشلىمايدىغان، نەسەبى يات، دىنى غەيرى ھۆكۈمراندىن ئازات بولمىغى لازىم. بۇ ئىنتايىن ئاددى ۋە ئەقەللىي ساۋاتتۇر. بۇنى ئەقلى نورمال ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلالايدىغان ھەقىقەت. زامانىمىزدا ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر خەلقى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ھازىر پۈتۈن دۇنيانىڭ ئورتاق تەشەببۇسىغا ئايلانغان «كىشىلىك ھوقۇق» پرىنسىپىنى 1400 يىلنىڭ ئالدىدىلا ئۆز روھىغا سىڭدۈرگەن ئىسلام دىنى «مۇستەقىللىق، ئازاتلىق» مەسىلىسىگە ئىنتايىن يۈكسەك ئورۇن بەرگەن بولۇپ، قۇرئانى كەرىمدە نۇرغۇن گۇناھلارنىڭ كاففارىتى سۈپىتىدە «قۇل ئازات قىلىش» كۆرسىتىلگەن. قۇل ئازات قىلىشنىڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىشى ئىسلام دىنىنىڭ ئالىجاناپ ھۆررىيەت ئىدىيىسى — ياخشى ئەمەللەر ئىچىدە يۇقۇرى سانىلىۋاتقان «قۇل ئازات قىلىش» مەسىلىسىدىن روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ:

**«... كىمكى بىر مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ**

**قوْيــــدىكەن، ئــۇ بىـــر مــۆمىن قــۇلنى ئـــازات قىلىشــى ۋە ئۆلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلىشى لازىم»** (سۈرە «نىسا»

92- ئايەتنىڭ ئاخىرى).

**«.... ئـــاللاھ ســــىلەرنى ســـەۋەنلىك بىــــلەن قىلغــــان قەسەمىڭلار ئۈچۈن جاۋاپكارلىققا تارتمايدۇ. لېكىن سىلەرنى قەستەن قىلغان قەسەمىڭلار ئۈچۈن جاۋاپكارلىققا تۆرتىدۇ.** (بۇنـــداق قەســـەمىڭلارنى بۇزســـاڭلار) **ئۇنىـــڭ كاففـــارىتى ئائىلەڭلەرگە بېرىلىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاق غىزالاندۇرۇشتۇر ياكى ئۇلارغا بىر قۇر كىيىم بېرىشتۇر. ياكى بىر قۇل يا بىر چۆرىنى ئازات قىلىشتۇر...»** (سۈرە «مائىدە» 88 - ئايەت).

قۇرئانى كەرىمنى ئەستايىدىل ئوقۇپ كۆرۈدىغان بولساق، بۇ مەزمۇندىكى ئايەتلەرنى كۆپ ئۇچرۇتىمىز. قۇل ئازات قىلىش نېمە ئۈچۈن گۇناھلارغا كاففارەت بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئەمەللەرنىڭ ياخشىسى ھېساپلىنىدۇ؟ بۇلارنى چوڭقۇرراق تەپەككۇر قىلىپ كۆرسەك ئاندىن ئىسلام دىنىنىڭ تۈپكى ئىدىيىسى نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز. بۇ ئايەت قاراشلىرىمىزنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ:

**«ئۇ داۋان ئاشمىدى. داۋان ئېشىشنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەتتىڭ؟** (داۋان ئېشىش دېگەن) **قۇل ئازات قىلماقتۇر»** (سۈرە «بەلەد» 12~13 - ئايەتلەر).

ھەدىسى رەسۇلۇللاھتىن بۇ مەزمۇن تېخىمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ:

ئەبــــۇ ھـــۇرەيرە (ر. ئە) رىـــۋايەت قىلىــــدۇكى، پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«كىمكى مۇسۇلماننى ئازات قىلسا، ئازات قىلغان شۇ مۇسۇلماننىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ بارابىرىدە ئازات قىلغۇچىنىڭ شۇ ئەزاسى** (دوزاقتىن) **ئازات**

**بولىدۇ»** («بۇخارى»، «مۇسلىم»).

سەمۇرەتە ئىبنى جوندەپ (ر. ئە) رىۋايەت قىلىدۇ، رەسۇلۇللاھ شۇنداق دېگەن: «**سەدىقىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئازاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغان شاپائەت»** («بەيھەقى»).

ئەبى زەر (ر. ئە) رىۋايەت قىلىدۇ:

**«مەن رەسۇلۇللاھتىن: ‹ئازات قىلىشنىڭ قانداقى ئەۋزەل؟› دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹پۇلى قىممەتنى ئازات قىلغان ياخشى› دەپ جاۋاپ بەردى»** («بۇخارى»، «مۇسلىم»).

ئاخىرقى ھەدىستە باھاسى يۇقىرى بولغان قۇل ــ ئېتىبارى يۇقىرىراق بولغان قۇلنى ئازات قىلىشنىڭ ساۋابى تېخىمۇ چوڭ بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بەلكىم بەزىلەر ئايەت ۋە ھەدىسلەردە زىكرى قىلىنغان قۇل ئىلگىرىكى زامانلاردا ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان قۇللارنى كۆرسىتىدۇ، بىزنىڭ ئازاتلىق ۋە مۇستەقىللىقىمىزگە خاراكتېرى ماس كەلمەيدۇ، دەپ گەپ يورغىلىتىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا سىز قۇل بولماي نېمە؟ شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئۆز - ئۆزىگە خوجىمۇ؟ ھەرقانداق قۇلدا ئۆزىنىڭ قەۋمىنىڭ ۋە يۇرتىنىڭ ئىسمىنى ئاتاش ھوقۇقى بولىدۇ، بۇ ئەڭ ئىپتىدائى جەمىيەتتىكى ئىنسانلاردىمۇ، ئەڭ مۇدھىش قۇللۇق تۈزۈمىدىمۇ چەكلەنمىگەن ئەقەللىي ئەركىنلىك. بىراق شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئىسمىنى ئاتىيالامدۇ؟ دۇنيانىڭ نەرىدىكى مۇستەملىكىدە بۇ دەرىجىدە يولسىزلىق، ھەقسىزلىق بولغان؟ قۇللۇقنىڭ بۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن دەرىجىلىرى بارمۇ؟ ئەگەر كىمكى شەرقى تۈركىستانلىقلار قۇل ھېساپلانمايدۇ، دەيدىكەن، ئۇ كوممونىستلار بىلەن ئەينى بىر مۇقام تۇۋلىغان بولىدۇ. ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئىسلامدىن، مۆمىنلىكتىن گەپ ئېچىش سالاھىتى بولمايدۇ.

بەزىلەر بۆگۈنكىدەك ھالقىلىق پەيتتە پىكىر ئىختىلابى پەيدا قىلىپ مۇجاھىدلار قوشۇنىنى ئىچكى ئاداۋەتكە، بۆلۈنۈشكە گىرىپتار قىلىش مەخسىتىدە «مۇستەقىللىق» پىكرى مۇشرىكلىك دەپ پىتنە تارقىتىپ، بىرقىسىم نادان ئاممىنى قايمۇقتۇرماقتا. بۇنداق پىكىرلەر ئىككى خىل ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىقىشى مۇمكىن. بىرى خىتاي ئاگېنتلىرى؛ ئۇلار ھەرخىل پىكىر ئىختىلابى توغدۇرۇپ، كۈچنى بۆلۈشنى، ئاساسى نىشاندىن دىققەتنى چالغىتىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئىدىئولوگىيە سېپىدىكى «خىتاي ئارمىيىسى» دېمەكتۇر. ئىككىنچى خىلى، پسىخولوگىيە جەھەتتىن بىنورمال ئادەملەر؛ ئۇلار ئىلگىرى ھەرخىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن «ئۇلۇغ ئەرباپ» ئاتىلىپ قالغان، لېكىن، ئەمدىلىكتە ئەمەلى ئىش ئۈستىدە كېرەككە كەلمەيدىغان سامان قۇرساقلىقى مەلۇم بولغان، ئەمما بۇنى ئۆزلىرىنىڭ زىنھار - زىنھار ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدىغان، ئاشۇ كونا «ئۇلۇغ»لۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جان - جەھلى بىلەن پالاقلاۋاتقان، روشەن سىياسى يۆنۈلۈش، ئېنىق سىياسى نىشانى بولمىغان (ھەم بۇنداق بىر نېمىلەرنىڭ كېرەكلىكىنىمۇ چۈشەنمەيدىغان)، يەنى ھېچقانداق ئىدىيىۋى سىستېمىغا ئىگە بولمىغان، ئەھمىيەتلىك ۋە ئەمەلى قوللۇنۇشغا بولۇدىغان پىلان - پروگراممىسى بولمىغان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېڭى ھېلىلا ئېتىزلىقتىن كەلگەن دېھقاندىن پەرقسىز، ئۇلار قىلىنماقچى بولۇۋاتقان ئىشقا گويا زەيكەش چاپىدىغان ياكى ئوت ئوتايدىغان ئىشتەك غەلىتە ئاددى مۇئامىلىدە بولۇۋاتقىنىغا قارىماي، ھەرھالدا شېرىن خىياللىرىدىكى تاما خېلى بۈيۈك: ئۇلار ئاشكارە ھالدا ھوقۇقنى «ئۆزىمىز» تۇتۇشىمىز كېرەك دېيىشمەكتە (بەجايىكى، تۇتۇلماقچى بولۇۋاتقىنى كەتمەننىڭ سېپى ئەمەسلىكىنى دىققىتىدىن كۆتۈرۈۋەتكەندەك؟)! قىلماقچى بولۇۋاتقان

ئىشىمىزنىڭ زارىخەتمە ياكى ئۆلۈم مەرىكىسى كەبى بۇ ئەپەندىلەرنى تۆرگە ئالمىسا ئەپلەشمەيدىغان ئىش ئەمەسلىكىنى قايتا- قايتا ئەسلىرىگە سېلىشقا توغرا كەلسە كېرەك. ئەگەر شۇنداق ئىش بولسىدىغۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئېپى بارلىقى، «تۆر»دە بولۇشىنىڭ مۇۋاپىقلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايتتى. بىراق، قىلماقچى بولۇۋاتقىنىمىز دۇنيادا «دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت» ئاتىلىۋاتقان كۈچلۈك بىر ئىمپېرىيىنىڭ قولىدىن ۋەتىنىمىزنى ئازات قىلىشتۇر (ئاۋۇلارنىڭ غايىسى بويىچە بولسىغۇ تېخىمۇ چوڭ — پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان ئىش). ئۇلار قايسى كەسىپ، قايسى ساھەدىكى بىلىمگە تايىنىپ بۇ ئەلنى ئاشۇ مەنزىلگە باشلاپ بارماقچىدۇ؟ داستىخان مەيدانىدىكى ئېپىگە تايىنىپمۇ؟ شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولۇدۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆكتىچىلىكى قانداقتۇر ئىدىيۋى ئىختىلاپ، سىياسىي نىشاندىكى ئىختىلاپتىن پەيدا بولمىغان (چۈنكى ئۇلار بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئۇقۇمغا ئىگە ئەمەس)، شەخسىيەتچىلىكنى ئاساس قىلغان تەتۈرلۈك (بۇ خۇددى سەن كىرگەن جەننەتكە كىرگىنىمدىن دوزاقتا كىرگىنىم ياخشى، دېگەندەك جاھىلانە شۇملۇق - خالاس). ئۇلارنىڭ ئىنكارچىلىقىدا ھېچقانداق ئىلمى مەنتىق، سىياسىي ياكى ئىدىيۋى ئۆلچەم يوق (چۈنكى بۇ بايقۇشلارنىڭ بۇنداق ئىشلارنى چۈشەنگۈچىلىكى يوق)، پەقەت بىرخىل بىشەملەرچە پوزىتسىيە بىلەن سەن قىلغاننىڭ تەتۈرسىنى قىلىمەن دېگەنلىكتۇر. مانا شۇنداق قىلىپ، ئۆزىچە باشقا (بەلكىم ئەڭ توغرا) يولدا كېتىۋاتقاندەك قىلىپ كۆرۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىچى قۇرۇق پاخ- پاختىن باشقا نەرسە ئەمەس!

مەسىلەن، ئۇلارنىڭ «مۇستەقىللىق داۋاسى مۇشرىكلىك» دېگەن بىمەنىلىكىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇنىڭ ھېچقانداق دىنى

ئاساسى يوق. بۇ ھەقتە يېتەرلىك دەلىل كەلتۈردۇق. شۇنداق بولسىمۇ تېخىچە قانائەتلەنمىگۈچىلەرگە يەنە بىر ھەدىسنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىمىز:

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ (ر. ئە) رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: «**كىمكى بىر مۇجاھىدقا مۇستەقىل بولغىچە ياردەم قىلسا شۇ ئادەمگە مۇجاھىد** (تاكى شېھىد بولغىچە ياكى تېرىك قايتقىچە) **بىلەن ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ**» («ئىبنى ماجە» ـ «فازائىلۇل ئەئمال» 447 ـ ھەدىس).

خۇددى شۇنداق، ئۇلار «مۇستەقىللىق ـ مۇشرىكلىك» دېگەن تەلۋىلىكنى «مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئەمەس، ئىسلام ئۈچۈن» دەپ نىقاپلايدۇ. لېكىن بۇ گەپلەر ياخشى تەھلىل قىلىپ چۈشۈنۈلسە، بۇ چىرايلىق شۇئار ئاستىدا مىزى چۆۋۈلۈپ تۇرغان ئىقتىدارسىزلىق مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرىدۇ. «ئىسلام ئۈچۈن، ئاللاھ ئۈچۈن، ...» دېگەن گەپلەر قارىماققا ھەيۋەتلىك، قۇسۇرسىز تۇيۇلىدۇ (ئەلۋەتتە سۆز ئۆزى قۇسۇرسىز). ئەمەلىيەتتە بىز ئاللاھنىڭ كىتابىنى ھەقىقى چوڭقۇر چۈشۈنىدىغان بولساق، بۇ «ھەيۋەتلىك» چۈمپەردە ئارقىسىغا قانداق نىيەت يۇشۇرۇنغانلىقىنى ئاسانلا بايقىۋالىمىز. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئىبادىتىگە بىھاجەت بولغىنىدەك، باشقا ئەمەللىرىگىمۇ بىھاجەت، جىھادىغىمۇ بىھاجەت! ئىسلام دىنىنىڭ چۈشۈرۈلۈشى ئىنسانلارنىڭ پايدىسى (ئىنسانلارغا ئەڭ توغرا، ئەڭ پايدىلىق يولنى كۆرسۈتۈپ بېرىش) ئۈچۈن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھېچ بىرى ئاللاھقا پايدا ـ زىيان كەلتۈرەلمەيدۇ. دېمەك بىز دە ـ تالاشتا بولۇۋاتقان جىھادمۇ خۇددى شۇنداق، ئاللاھقا پايدا ـ زىيان كەلتۈرەلمەيدۇ! ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، پۈتۈن دۇنيادىكى كاپىرلارنى دەقىقە ئىچىدە يەر يۈزىدىن يوق قىلغان بۇلاتتى. «ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش» دېگەن سۆزنى بەزى ساختا تەقۋالار

«ئاللاھنىڭ پايدىسى ياكى مەنپەئەتى ئۈچۈن جەڭ قىلىش»، دەپ چۈشۈنۈۋالغان بولسا كېرەك، شۇ فورما بويىچە بولغاندا «ئاللاھ يولىدا نەزرە قىلىش»، «ئاللاھ يولىدا قۇربانلىق قىلىش» دېگەنلەرنى نېمە دەپ چۈشىنىدىكىنە؟ قۇربانلىق ھەققىدە ئاللاھ شۇنداق دېگەن:

**«ئاللاھقا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى، قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، ئاللاھقا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر...»** (سۈرە «ھەج» 37- ئايەتنىڭ بىرقىسمى).

روشەنكى، ئاللاھ نامى بىلەن كەلگەن ياخشى ئىش، ياخشى ئەمەللەرنىڭ ھېچ بىرىنىڭ ئاللاھقا پايدىسى يوق، زىيانمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ، ھەممىسى مېھرىبان ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بويرىغان ئىشلاردۇر. خوش، ئۇنداق ئىكەن، ئاللاھ يولىدا قىلىنغان جىھادنىڭ ئەمەلى نىشانى (بۇ دۇنيادىكى نەتىجىسى) مەلۇم قۇل قىلىنغان مۇسۇلمان قەۋمنى ئازات قىلىش بولمىسا، يەنە نېمە بولماقچى؟ كاپىرلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان مۇسۇلمان زېمىننى مۇستەقىل قىلىش بولمىسا يەنە نېمە بولماقچى؟ تېخىمۇ ئاددى بىر ساۋات شۇكى، بۇ ئادەملەر پەش قىلىۋاتقان دىنى بايراقنى مۇشۇنداق بىر زېمىن بولمىسا قولتۇقلىرىغا قىسىپ يۈرەمدىكىنە؟!

ئاتاغلىق دىنى ئالىم، ئاللاھنىڭ ھارماس جەڭچىسى، قەھرىمان مۇجاھىد ۋە شېھىد ــ ئابدۇللا ئەززەمنىڭ «جىھاد ئەھكامى» ناملىق كىتابىدا شۇنداق قۇرلار بار: «ئىسلامدا ئۇرۇش (جىھاد) ــ مەھكۇم ھالەتتىكى خەلقلەرنىڭ ‹بەشەرى ئىلاھ›لارغا قۇل بولغان جامائىتىنى قۇتقۇزۇش زۆرۈرىيىتىدىن كېلىپ چىقىدۇ ۋە بۇ ‹بەشەرى ئىلاھ›لارنى قۇللۇقتا چۈشۈرمەك ھەم ئىنسانلارنى قۇلغا قۇل بولۇشتىن قۇتقۇزۇپ ھۆرىيىتىنى قايتۇرۇپ بەرمەك ئۈچۈن كېرەكتۇر».

يۇقۇرىدا بايان قىلغانلىرىمىز «مۇستەقىللىق — ئازاتلىق» مەسىلىسىنى ئىسلام ئېتىقاتىغا قارمۇ قارشى قىلىپ قويۇشتەك ساراڭلارچە كۆز قاراش (؟!)لارغا بېرىلگەن جاۋاپتۇر. خۇلاسە شۇكى، ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن دىندۇر. بۇ دىن بارلىق گۈزەل ئەخلاق، گۈزەل خىسلەت، ئىنسانغا پايدىلىق ئىشلارنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بىزنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىمىزنىڭ مەنىۋىيىتى ئاللاھقا ئاتالغان بولىدۇ، ماددى جەھەتتىن بولسا، پايدىسى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر. مانا بۇ — ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتى.

## 3. ئىسلام دىنىدا «مىللەتپەرۋەرلىك» مەسىلىسى

مىللەت — تەبىئى مەۋجۇدىيەت بولۇپ، ئىنكار قىلساقمۇ، ئېتىراپ قىلساقمۇ، بەربىر ئاللاھ ياراتقان بارلىق.

ئەبى مۇسا (ر. ئە) شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

**«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ‹ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا زېمىنىنىڭ بارلىق يېرىدىن ئالغان بىرچاڭگال تۇپراقتىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتتى. شۇڭا ئادەم بالىلىرى تۇپراقنىڭ مىقدارىغا كۆرە كەلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم بالىلىرى ئىچىدە ئاق تەنلىك، قارا تەنلىك، قىزىل تەنلىك ۋە باشقىلار بار. سىلىق، قوپال، ناباپ ۋە ياخشىلىرىمۇ بار› »** («ئىمام ئەھمەد»، «ئەبۇ داۋۇت»، «تىرمىزى»).

قۇرئان كەرىمدە شۇنداق ئايەتلەر بار:

**«ئى، ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن** (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) **بىر ئاتا، بىر ئانىدىن**

www.uyghurkitap.com

**ياراتتۇق. ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇغ قىلدۇق،...»** (سۈرە «ھۇجۇرات» 13 ـ ئايەت).

**«قانداق بىر پەيغەمبەر ئەۋەتمەيلى، بىز ئۇنى ئۆز قەۋمىگە** (ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى) **بايان قىلىش ئۈچۈن، پەقەت ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن** (سۆزلەيدىغان قىلىپ) **ئەۋەتتۇق...»** (سۈرە «ئىبراھىم» 4 ـ ئايەت).

بىزنىڭ قانداق مىللەت بولۇپ تۇغۇلۇش ئىختىيارىمىز بولمايدۇ (خۇددى ئەركەك ياكى قىز بولۇپ تۇغۇلۇش ئىختىيارىمىز بولمىغاندەك). بىزنى قانداق مىللەت قىلىپ يارىتىش ئاللاھنىڭ مەيلىدىكى ئىش. بىز بولساق ئاللاھ ياراتقان رىئاللىقىقا قۇللۇق بىلدۈرۈشكە، باش ئېگىشكە، قايىل بولۇشقىلا تېگىشلىك! چۈنكى بىز بۇ مەيدانغا كېلىپ بولغان رىئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس. شۇنداقلا ئاللاھنىڭ بىزنى قانداق مىللەت قىلىپ يارىتىشتىكى مەيلىگە قارشى چىقىش ياكى ئۇنىڭدىن تېنىشقىمۇ ھەققىمىز يوق! چۈنكى ھەدىستە شۇنداق دېيىلىدۇ:

**«كىمكى ئۆزىنى نەسەپ مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر مىللەتتىن دەپ داۋا قىلسا ئۇنىڭ جايى دوزاقتىن ھازىرلىنىدۇ»** («بۇخارى» ـــ قىسقارتىلمىسى ـــ 1396 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم» 2518 ـ ھەدىس). بۇ ھەدىس شۇنى چۈشەندۈرىدىكى، بىز ئاللاھ ياراتقان بارلىقتىن (مەۋجۇدىيەتتىن) تانساق گۇناھكار بولىمىز.

دېمەك، بىز شەرقى تۈركىستانلىقلار ئاللاھ تەرىپىدىن تۈرك ئېرقى قىلىپ يارىتىلغانمىز، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئىرنى بىلەن شەرقىي تۈركىستان بىزنىڭ ۋەتىنىمىز بولغاندۇر. بۇ رىئاللىق ـــ ئۆزگەرمەس رىئاللىق بولۇپ، بىز بۇنىڭدىن تانساق گۇناھكار بولىدىغانلىقىمىزنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرىدىن بىلدۇق. گۇناھنىڭ ئەكسى خەير، يەنى مىللىتىمىزدىن (ئاللاھنىڭ يارىتىش ھەققىتىدىن) تانساق گۇناھكار بولغان ئىكەنمىز،

ئەكسىچە بولغاندا ــ بىز بۇ رىئاللىقنى ئېتىراپ قىلساق، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا بۇ مىللەتنى سۆيسەك قانداق بولىدۇ؟ ئەمدى بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددى ئەلۋەتتە. بۇ خۇلاسىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە يەنە ھەدىسى رەسۇلۇللاھتىن بىر ھەدىس كەلتۈرىمىز:

ئۇبادە ئىبنى كەسىر (ر. ئە) رىۋايەت قىلىدۇ: **«مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ‹ئى رەسۇلۇللاھ، بىر ئادەمنىڭ ئۆز مىللىتىنى سۆيىشى مىللەتچىلىك بولامدۇ؟› دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاپ بېرىپ: ‹ياق، ئۆزىنىڭ زالىم مىللىتىگە** (زۇلۇم قىلىشتا) **ياردەم بەرگەنلىك مىللەتچىلىك بولىدۇ› دېدى»** («ئىمام ئەھمەد»، «ئىبنى ماجە»).

14 ئەسىر ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ قاراش ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھنىڭ مۆجىزىسىدۇر. چۈنكى ئوننەچچە ئەسىر ئۆتكەن بۈگۈنكى مەدەنىيەت دەۋرىدىلا ئەينى شۇ قاراش ئىنسانلارنىڭ باھالاش مىزانى بولۇپ قالماقتا. «ئۆزىنىڭ زالىم مىللىتىگە ياردەم بېرىش» تەك «مىللەتچىلىك» بۈگۈن «شوۋىنىزىم» ياكى «چوڭ مىللەت شوۋىنىزىمى» دەپ ئاتالماقتا. بۇنداق لەنەتگەردى ئاتاق زالىم، زوراۋان، باسقۇنچى مىللەتلەرگە خاس بولۇپ، ئېزىلگۈچى مىللەتلەرگە توغرا كەلمەيدۇ. مۇشۇ ئەسىردە گىتلېر ئەنە شۇنداق «مىللەتچىلىك» ئىدىيىسى بىلەن ئىنسانلارغا بالايى- ئاپەت ئېلىپ كەلگەنىدى، پەقەتلا نېمىس ئىرقىنىلا ئېسىل ئىرق، خوجايىن بولۇشقا، باشقا مىللەتلەرنى قۇل قىلىشقا لايىق دەيدىغان بۇنداق جۇنۇن ــ ئاللاھنىڭ يارىتىش ھەقىقىتىگە مۇخالىپ ــ ئىدىيە ھەققە قارشى بولغىنى ئۈچۈن ناھايىتى تېزلا مەغلۇپ بولغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە «چوڭ خىتاي شوۋىنىزىمى» بىزنى ۋە بىزدىن باشقا نۇرغۇن مىللەتلەرنى زۇلۇم ئىسكەنجىسىدە تۇتماقتا. ئۇ ھالدا مۇشۇنداق زۇلۇمغا دۇچ كېلىۋاتقان

مىللىتىمىزنى سۆيىشىمىز ئاللاھ ياراتقان بارلىقتا شۈكرى كەلتۈرگەنلىكىمىزدۇر. بولۇپمۇ مۇشۇنداق ھايات- ماماتلىق ئېلىشىشىنىڭ (يا مەھكۇملۇقتا يوقۇلۇش ياكى مەۋجۇتلىقىمىزنى ساقلاپ قېلىشىنىڭ) ھالقىلىق پەيتىدە تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك مىللىتىمىزنى سۆيۈشىمىز كېرەك. بىزنىڭ مىللىتىمىزنى سۆيۈشىمىز گۇناھ بولۇدىغان يامان ئىش ئەمەس، چۈنكى بۇ سۆيگۈ باشقا مۆمىنلەرنى سۆيۈشنى چەتكە قاقمايدۇ. ئاساسى ئاھالىسى مۇسۇلمان بولغان مىللىتىمىزنى سۆيگەنلىكىمىز ئىسلامنى، مۆمىنلەرنى سۆيگەنلىگىمىزنىڭ ئەمەلىي ئۆرنىكىدۇر. باشقا مۆمىنلەرنىڭ ئەھۋالى ھەرھالدا بىزگە قارىغاندا ياخشىراق، ھېچ بولمىغاندا ۋەتىنى بار، ھېچ بولمىغاندا دۇنيا جامائەتچىلىكى ئۇلارنىڭ ھەققىنى، كىملىكىنى تونۇيدۇ؛ بىز كەبى خار ئەمەس، بىز كەبى سۆيگۈگە مۇھتاج ئەمەس، بىز كەبى ھىسداشلىققا مۇھتاج ئەمەس.

ئىككىنچى تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ مىللىتىنى سۆيگۈچى سۆيگۈنى بىلىدىغان كىشىدۇر. ئۇنداقكەن، ئۇنىڭ مېھرىبان دىلىغا پۈتۈن دۇنيا مۆمىنلىرىنىڭ سۆيگۈسىمۇ سىغىدۇ. ئۆز ئائىلە ئەپرادىنى، بالا- ۋاقىسىنى سۆيمىگەن ئادەمنىڭ (مۆمىنلەرنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن، شۇلارنىڭ زېمىنلىرى ئۈچۈن) باشقا يەردە جان بېرىشكە ئىشىنىدىغانلار بارمۇ؟

شۇنداق، سۆيگۈگە تولغان قەلبلا مېھرىبان قەلبىدۇر، ساداقەتلىك قەلبىدۇر. ئۆز يېقىنلىرىنى سۆيمىگەن، ئۆز يېقىنلىرىغا جان قاقمايدىغان ئادەملەرنىڭ قەلبىدە سۆيگۈنىڭ بولۇشى، باشقا مۆمىنلەر ئۈچۈن جان پىدا قىلىشى گۇمانلىق ئەمەسمۇ؟ مۆمىنلەر شۇنى بىلىشلىرى كېرەككى، بىزنىڭ ئاللاھىمىز «رەھمانىررەھىم» ـ ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك زات؛ بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز بولسا كەتكەنلەر ۋە كېلىدىغانلار

ئىچىدە تەڭدىشى بولمىغان مۇلايىم، باغرى يۇمشاق پەيغەمبەر. شۇڭا زالىملىق، قوپاللىق، سۆيگۈنى بىلمەيدىغان قىتتىغۇر-كىنچىلىك مۆمىنلەرنىڭ سۈپىتى ئەمەس! يەنە شۇ ھەدىسلەر بىلەن سۆزىمىزنى خۇلاسىلايمىز:

**«زېمىندىكى كىشىلەرگە رەھىم قىلىڭلار، سىلەرگە ئاسماندىكى زات رەھىم قىلىدۇ». «كىشىلەرگە مېھرىبان بولمىغان ئادەمگە ئاللاھ مېھرىبان بولمايدۇ». «مېھرىبانلىق پەقەت شەقى ئادەمدىنلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ»** («بۇخارى»، «مۇسلىم»).

يۇقىرىقى دەلىللەردىن ۋە مۇلاھىزىلەردىن مىللەتنى سۆيۈش بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ياكى دىنىي ۋە باشقا مۆمىنلەرنى سۆيۈشنىڭ قارمۇ- قارشى ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنداقكەن، بۇگۈنكى دۇنيادا مېھرىبانلىقتا، ھېسداشلىقتا، سۆيگۈگە ھەممىدىن بەك مۇھتاج بولغان مىللىتىمىزنى سۆيسەك، ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلساق نېمىشكە بولمايدىكەن؟ بۇنىڭ نەرى گۇناھ؟ ئەجەبا، بىزنىڭ مىللىتىمىز مۆمىنلەرنىڭ ئەۋلادى ئەمەسمىكەن ـ يا؟!

ئاللاھ بىزنىڭ سۆيگۈمىزگە مۇھتاج ئەمەس، يۇقىرىقى مەزمۇنلاردا ئىپادىلەنگەن روھ بۇيىچە «مەنىۋىيەت ئاللاھقا ئاتالغان، ماددا (كونكرېت پايدا - مەنپەئەت) ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىگە تېگىشلىكتۇر». يەنى، ئاللاھ بىزنىڭ سۆيگۈمىزگە مۇھتاج ئەمەسكەن، ئۇ ھالدا ئاللاھقا بولغان سۆيگۈ كونكرېت ھالدا ئاللاھ ياراتقان مەخلۇققا (خۇسۇسەن مۆمىن مىللىتىمىزگە)بولغان سۆيگۈلەردە ئىپادىلىنىدۇ، ئاللاھ ياراتقان «يارىتىلىش ھەقىقىتى»نى سۆيۈشتە ئىپادىلىنىدۇ.

بەزى كىشىلەر مىللەتكە بولغان سۆيگۈنى ئىسلامغا بولغان سۆيگۈ بىلەن قارىمۇقارشى قويۇپ، غەرەزلىك ھالدا ئىسلام

ئېتىقادىنى بۇرمىلىدى. ئۇلارنىڭ تار كۆڭلىگە ئىككى سۆيگۈ بىرلا ۋاقىتتا سىغماسمىش! بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ يەردە قانداقتۇر «ئىككى خىل سۆيگۈ» مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى بىر خىل نەرسىنىڭ ئىككى خىل ھالىتى ـــ ماددا ھالىتى ۋە ئىدراك (مەنىۋىيەت) ھالىتى خالاس. ئەمما بۇ بىچارىلەرنىڭ جۇنۇن ئەقلى پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنى چۈشۈنۈش ۋە ئىپادىلەشكە يارامسىز بولغانلىقتىن ئەنە شۇنداق بىلجىرلىغان. مەسىلەن: ئىسلامنى سۆيۈش بىر خىل ئابستراكت چۈشەنچە خالاس. ئۇنىڭ كونكرېت شەكلى مۇسۇلمان خەلقىنى سۆيۈشتە ئىپادىلىنىدىغاندۇ؟ ئۇنداقكەن، ئەسىرلەردىن بېرى مۇسۇلمان سۈپىتىدە ياشاپ كېلىۋاتقان مىللىتىمىزنى سۆيگەنلىكىمىز مۇسۇلمانلارنى سۆيگەنلىكىمىز بولماي نېمە بولاتتى؟

بۇ ئادەملەر ئەنە شۇ جۇنۇنلارچە سەپسەتىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان مۇنداق تەلۋە قاراشنى ئوتتۇرغا ئاتتى. ئۇ بولسىمۇ «مىللەت ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىپ ئۆلگەنلەر شېھىد بولمايدۇ!» دېگەندىن ئىبارەت. يۇقارقى دەلىل ۋە مۇلاھىزىلىرىمىز بۇ بىمەنە پىكىرنىڭ مېزىنى چۈۋۈپ تاشلاشقا يېتەرلىك بولسىمۇ، «سۇغا چۈشكەن ئىتنى ئۇستىلەپ ئۇرۇش» تەمسىلى بويىچە بىر ھەدىس ئارقىلىق قاراشلىرىمىزنى مۇستەھكەملەيمىز:

سەئىد ئىبنى زەيد (ر. ئە) رىۋايەت قىلىدۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن): **«بىر ئادەم مېلىنى قوغداپ ئۆلۈپ كەتسە شېھىد؛ ئۆزىنىڭ ئەھلىنى قوغداپ ئۆلۈپ كەتسە شېھىد؛ ئۆز دىنىنى قوغداپ ئۆلۈپ كەتسە شېھىد؛ ئۆزىنى قوغداپ ئۆلۈپ كەتسىمۇ شېھىد»** («بۇخارى»، «ئەبۇ داۋۇت»، «تىرمىزى»، «نەسەئى»).

روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، «ئۆزىنىڭ ئەھلى» بۇ يەردە

مىللەتكە ئىشارەتتۇر. بۇنىڭدىنمۇ شەك بار دىگۈچىلەر **«ئۆزىنى قوغداپ ئۆلۈپ كەتسە شېھىد»** دېگەنگە نىمە دەيدىكىن؟ ئۆزىنى (شەخسىنى) قوغدىغاندىن ئۆزىنىڭ مىللىتىنى(جامائەتنى) قوغدىغانىنىڭ ئالىجاناپراق ئىش بولۇدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ مېلىنى(شەخسىي مۈلۈكنى) قوغدىغاندىن ۋەتىنىنى (جامائەتنىڭ مۈلكىنى) قوغدىغانىنىڭ ئالىجاناپراق ئىش بولۇدىغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمىسا كېرەك!؟

بىز بۇ مۇنازىرە ۋە سېلىشتۇرما بايانلاردىن ئېنىق ھىس قىلالايمىزكى، بەزىلەر ئىسلام دىنىغا كۈپرى دېغى چاپلاشقا، كىشىلەرگە ئىسلام دىنىنى قاپقاراڭغۇ جاڭگال قىلىپ كۆرسۈتۈشكە، پۈچەك، زىت پىكىرلەرگە تولغان، تار ۋە ئىنسانىنى قىينايدىغان بىمەنە بىر نەرسە قىلىپ كۆرسۈتۈشكە ئۇرۇنماقتا!

## 4. ئىسلام دىنىدا «دېموكراتىيە» مەسىلىسى

ئالدى بىلەن «دېموكراتىيە» دېگەن نىمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، قارغۇلارچە ياكى بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن پىكىر بايان قىلىدىغان «ساختا بىلىمدانلارنىڭ ئۇسلۇبى»دا پىكىر قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ ـ دە، ئۇ ھالدا ئېغىر خاتالاردىن ساقلىنىش قېيىن.

«دېموكراتىيە» ــ گىرىك تىلىدىن كەلگەن سۆز بولۇپ، خەلق ھوقۇقى، خەلقنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇشى دېگەن ئاڭلامدا كېلىدۇ. ئۇ قۇللۇق دەۋرىدىكى تەڭسىزلىككە، پادىشاھلىق ۋە سوتسىيالىزىم قاتارلىق بىرلا ئادەمنىڭ دېگىنى دېگەن بولۇدىغان، بارلىق خەلق قۇل ھالىتىدە بولۇپ، پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى بولمايدىغان مۇستەبىتلىككە ــ ھاكىممۇتلەقلىققە قارشى ئېيتىلغان سۆزدۇر. دېمەك، ئۇ ــ

ئەركىنلىك، باراۋەرلىكنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى سۈپىتىدە ھېچقانداق يامانلىقتىن، قاباھەتتىن دېرەك بەرمەيدۇ. گەپ دېموكراتىيەنى قانداق قوللۇنۇش، ئۇنىڭ دائىرىسىنى قانداق بەلگىلەشتە. گەرچە بۇ سۆز ئاڭلام ھالىدا ھېچقانداق يامان سۆز بولمىسىمۇ، ئۇ يەنە نىسپىلىككە ئىگە، يەنى قوللانغۇچىنىڭ ئۆزىگە باغلىق. بۇ خۇددى چۈمبەل ئىچىدە تۇرۇپمۇ ئاشنا ئويىنغىلى، سەللە يۆگىۋېلىپمۇ دىن دۈشمەنلىرىگە يالاقچىلىق قىلغىلى بولغاندەك ئاددىي بىر ئۇقۇم. چۈنكى ھەرقانداق دەبدەبىلىك، گۈزەل ۋە يېقىملىق ئاتالغۇ ياكى كۆرۈنۈش ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت ھەل قىلغۇچ ئامىل بولغىنىدەك بىر ئىش. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، كۆرۈنۈشى قوپال، ئىسمى يېقىمسىز، ئەمما قەلبى گۈزەل ئادەملەرمۇ بولىدۇ؛ ئىسمى يېقىملىق، ئۆزى چىرايلىق، ئەمما ئىچى قوتۇر، زەھەرخەندە ئادەملەرمۇ بولىدۇ، ھاياتتا بۇنداق زىددىيەتلىك ھاللارغا ھەمىشە دۇچ كېلىپ تۇرىمىز.

ئەسلى تېمىغا كەلسەك، نۆۋەتتە بىز توختۇلۇۋاتقان دېموكراتىيە جەمئىيەت تۈزۈمى (سىياسىي تۈزۈم) ئۇقۇمى ئۈستىدە بارىدۇ. بۇخىل ئىجتىمائى تۈزۈم ئەسلىدە ئاددىي پۇقرالارنىمۇ ئۆزىگە يارىشا ئېتىبارغا، ھوقۇققا ئېرىشتۈرىدىغان، ئىلگىرىكى مۇستەبىتلىككە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بىرخىل تۈزۈم ئىدى. خۇددى ھاياتتا نۇرغۇن نەرسىلەر سۈيىئىستېمال قىلىنغان، بۇرمىلانغانغا ئوخشاش، دېموكراتىيىنىڭمۇ سۈپىتى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، بۇزۇپ قوللۇنۇلغان تەرەپلىرى بار. ھازىر بىرمۇنچە پادىشاھلىق دۆلەتلەر بولسىمۇ دېموكراتىك تۈزۈم يۈرگۈزۈۋاتىدۇ؛ بەزى جۇمھۇرىيەتلەر بولسا مۇستەبىت تۈزۈمدە باشقۇرۇلىدۇ. بولۇپمۇ كوممۇنىستلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئاتالمىش جۇمھۇرىيەتلەردە ئەڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەت شەكلى بولسىمۇ،



www.uyghurkitap.com

ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنى دېموكرات دەپ پەدەزلەيدۇ. غەرپ دۆلەتلىرىدە دېموكراتىيە كۆنۈلۈكى ئاستىدا بەزى چېكىدىن ئاشقان شەھۋانىلىقمۇ مەۋجۇت. ئۇلار بۇنى ئىنسانلارنىڭ ئەركىنلىكى دېگەن شۇئار بىلەن يېپىشقا ئۇرۇنۇدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق بۇزۇقچىلىقنى «دېموكراتىيە» دېگەن ئۇقۇم بەلگىلىگەن ئەمەس (چۈنكى ئۇ مەۋھۇم ئىسىم، خالاس)، شۇنداقلا بۇنداق چېكىدىن ئاشقان قىلمىشلار «بولمىسا بولمايدىغان ‹دېموكراتىيىنىڭ رۇكنىلىرى›مۇ ئەمەس. بەلكى باتىل دىن مۇخلىسلىرىنىڭ ئازغۇن تەبىئىتى بەلگىلىگەن (بۇزۇقچىلىق قىلىۋاتقىنى دېموكراتىيە ئەمەس، بەلكى كاپىرلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ تەبىئىتى شۇنداق!). بۇ خۇددى، دۈشمەنگە سېتىلغان بەزى مۇناپىقلار دىنى تون بىلەن ئوتتۇرغا چىقىپ نۇرغۇن بىدئەت قىلىقلارنى، مۇشرىكلىكنى، خۇراپاتنى، قالاقلىقنى دىن قىلىپ كۆرسەتكەندەك، بۇنىڭغا قاراپلا، دىن دېگەن مانا شۇنداق خۇراپىي نەرسە دېيىشكە بولمىغاندەك، بۇنىڭغا ئەنە شۇ مۇناپىقلارنىڭ مۇناپىق تەبىئىتى ئەيىپدار بولۇشى توغرا بولغىنىدەك بىر ئىش. مەسىلەن: ۋەتىنىمىزدە سىياسى كېڭەشكە باغلانغان جان باقار موللىلار ئەنە شۇنداق بىدئەت قىلىقلارنى مۇشرىكلىكنى، خۇراپاتنى، قالاقلىقنى ئەۋج ئالدۇرۇۋەتتى (يا جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە شۇنداق قىلدى، يا توغرا- خاتالىقىنى ئايرىغۇچىلىكى بولمىغىنىدىن شۇنداق قىلدى ۋە ياكى خىتاي خوجايىنلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى شۇنداق)، مۇشۇنىڭغا قاراپلا، دىن دېگەن مۇشۇنداق قاملاشمىغان نەرسە دېيىش توغرا بولامدۇ؟ دىن ئۆزى توغرا ئەمما ئەيىپ ئاشۇ دىننى سۇيىئىستىمال قىلغۇچىلاردا. خۇددى شۇنداق، دېموكراتىيە ئەسلى مەنىسى تەشەببۇسى بىلەن توغرا، ئەيىپ غەرپلىك دىنسىزلارنىڭ دېموكراتىيىنى چەكتىن ئاشۇرىۋەتكەنلىكىدە!

ئومۇمەن، دېموكراتىيە دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تىكلەشتە خەلقنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى جارى قىلغان ھالدا سايلام قىلىشى ئارقىلىق ھاكىمىيەت ئورگىنىنى سايلاپ چىقىشقا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ ئىلگىرىكى ۋارىسلىق تۈزۈمىگە قارىغاندا زور دەرىجىدە ئىلغارلىققا ئىگە. بۇخىل سايلام پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خەلىپە سايلاشتا مۇسۇلمانلار ئىچىدە قوللىنىلغان. ئۇ ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن جۇمھۇرىيەت سايلاملىرىدىن ئونىنەچچە ئەسىر بۇرۇن بولۇش بىلەن بىرگە، مۇسۇلمانلارنىڭ باي-كەمبەغەللىكىگە ئېتىبار بېرىپ كەتمەسلىكى جەھەتتىن ئېيتقاندا ياۋروپا سايلاملىرىدىن زور دەرىجىدە ئىلغارلىققا ئىگە.

قىسقىسى، دېموكراتىيە دۆلەتنى بىر رەھبەرلەر كوللېكتىۋى مەسلىھەت - كېڭەش بىلەن باشقۇرۇش، ھەربىر پۇقرانىڭمۇ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق كېڭەش بىلەن دۆلەت باشقۇرۇش — مۇستەبىتلىككە قارشى قويۇلغان دۆلەت تۈزۈمى بولۇپ، ئۇنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە كونكرېتنى ئورنى ئالى كېڭەش، يوقۇرى كېڭەش، ئالى مەجلىس، پارلامېنت دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. جەمىيەتنىڭ ئىچكى قاتلىمىدا بولۇدىغان جىنايى ئىشلار، چەكتىن ئاشقان قىلمىشلارنى دېموكراتىيە تونىدا كۆرسۈتۈش توغرا ئەمەس (چۈنكى بۇنداق قىلىقلار دۆلەت تۈزۈمىدىن قەتئىي نەزەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئىنسانلار تاشقى — چەكلىمىگە قارىغاندا ئىچكى چەكلەش كۈچىگە، «ئېتىقادقا» ئىگە بولسا تېخىمۇ پايدىسى بولۇدۇ). دېمەك، دېموكراتىيە — بىر خىل نام بولۇپ، مەڭگۈ گۈزەللىك ئۇقۇمى ياكى مەڭگۈ رەزىللىك ئۇقۇمىنى ئاڭلىتىشى ناتايىن. چۈنكى، رەزىللىك ياكى گۈزەللىك نامغا باغلىق ئەمەس، بۇنىڭغا يېتەرلىك مىساللارنى كەلتۈردۇق.

ئىسلام دىنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا نېمىنى

www.uyghurkitap.com

تەشەببۇس قىلىدۇ؟ كېڭەش ـ مەسلىھەتنىمۇ؟ ياكى بىر ئادەمنىڭ قارارىنىمۇ؟ بىز بۇنى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن كۆرۈپ باقايلى:

**«...ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن ...»** (سۈرە «ئال ئىمران» 159ـ ئايەت).

قۇرئان كەرىمدە كېڭەش ۋە مەسلىھەت قىلىش ناھايىتى يوقىرى باھالانغان، ناھايىتى مۇھىم پەرزلەر بىلەن بىر قاتارغا قويۇلغان. بۇنى تۆۋەندىكى ئايەتتىن روشەن كۆرۈۋالالايمىز:

**«...ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا... ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋاپ تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر»** (سۈرە «شۇرا» 36~38ـ ئايەتلەر).

بىز يەنە بىر ئايەتنى مىسال كەلتۈرىمىز:

**«ئۇ (بىلقىس) ئېيتتى: ‹ئى ئۇلۇغلار! مېنىڭ (بۇ) ئىشىمدا مەسلىھەت بېرىڭلار، سىلەرنى ئۇستىدە قويماي تۇرۇپ ھېچ ئىشنى بېكىتكىنىم يوق› »** (سۈرە «نەمل» 32ـ ئايەت).

كېڭەش ـ مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىش ئىسلام دىنىدا ناھايىتى يۇقىرى ئېتىبارغا ئىگە. بۇنى ھەدىسلەردىنمۇ كۆرۈش مۇمكىن:

**«ياخشىلىرىڭلار ئەمىر بولغاندا، بايلىرىڭلار سېخى بولغاندا، ئىشىڭلار ئۆزئارا مەسلىھەت (كېڭەش) بىلەن بولغاندا زېمىننىڭ ئۇستى زېمىننىڭ ئاستىدىن ياخشىدۇر (ئۆلگەندىن ھايات ياشىغان ياخشى)»** («تىرمىزى»).

ھۇزەيفە (ر. ئە) شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

**«ساھابىلار: ‹ئى رەسۇلۇللاھ بىزگە خەلىفە بەلگىلەپ بەرسەڭ› دېگەندە رەسۇلۇللاھ شۇنداق دېگەن: ‹ئەگەر مەن سىلەرگە خەلىفە بەلگىلەپ بەرسەم، ئاندىن سىلەر ئاسىي بولساڭلار (بوي سۇنمىساڭلار) ئازاپقا قالىسىلەر، لېكىن، خەلىفە**

**بەلگىلەپ بەرمىسەممۇ ھۆزەيفە قانداق ھەدىس بايان قىلسا ئىشىنىڭلار، ئابدۇللا** (ئىبنى مەسئۇد) **قانداق قىرائەت قىلسا سىلەرمۇ شۇنداق قىرائەت قىلىڭلار› »** («تىرمىزى»).

بۇ ھەدىستىن شۇنى چۈشىنىش مۇمكىنكى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىدىن كېيىنكى ئىسلام خەلىفىسىنى ۋارىسلىق ئۇسۇلىدا بەلگىلەپ بېرىشنى رەت قىلغان، ئەكسىچە سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى قۇۋۋەتلىگەن. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق، ئاياللار ھوقۇقى، ھۆررىيەت ئىدىيىسى ۋە كېڭەش - دېموكراتىيە پىرىنسىپى جەھەتتە قانچە ئەسىر ئىلگىرى كەتكەنلىكىنى، ئەگەر بىز غەرپنىڭ تاپتىن چىققان دېموكراتىيىسىنى دورىمىساقمۇ ئىسلام دىنىمىز بارلىق مەدەنىي جەمئىيەت ئامىللىرىنىڭ ھەممىسىنى تەقدىم قىلىدىغانلىقىنى ھىس قىلالايمىز.

ئەمدى بۇ ھەقتە ئىسلام ئالىملىرىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى كۆرۈپباقايلى.

ئابدۇلقادىر ئەۋدە[1] «ئىسلام» ناملىق كىتابىدا شۇنداق يازىدۇ:

«قۇرئان ھاكىمىيەتنىڭ مەسلىھەت (دېموكراتىيە) ئارقىلىق بولۇشىنى ۋاجىپ قىلدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ‹**ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن**› (سۈرە «ئال ئىمران» 159- ئايەت). (دېموگراتىك) ھاكىمىيەتنى بەرپا قىلىش ئىسلام ھاكىمىيىتىنى، ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئىسلام دىن

[1] ئابدۇلقادىر ئەۋدە ـ 1930- يىلى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتى قانۇن پاكۇلتىتىنى پۈتتۈرۈپ، ھاكىم ۋە مۇپەتتىش بولغان. «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» پارتىيىسىنىڭ دەسلەپكى ئەزالىرىدىن. ئۇ پارتىيىگە تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش ئۈچۈن 1951- يىلى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئادۋوكاتلىق قىلدى. 1953- يىلى لىۋىيە ئاساسى قانۇنىنى ھازىرلاشقا تەكلىپ قىلىندى. 1954- يىلى ئابدىناسىرغا قەست قىلىشتا تۆھمەت قىلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. 1954- يىلى 9- دېكابىردا پارتىيىنىڭ ئۈچ نەپەر ئەزاسى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلگەن ـ ئا.

بىلەن دۆلەتنى ئايرىيدىغان بولسا ھۆكۈمەتنىڭ شەكلى ۋە تۈرىنى (دېموگراتىك شەكىلدە بولىدۇ دەپ[1]) بايان قىلمىغان بۆلاتتى[2].

«ئىسلام شەرىئىتى ئىنسانلار ئارىسىدا شەرتسىز بارابەرلىك پىرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: **‹... ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېساپلىنىسىلەر** (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەپ بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)**...›** (سۈرە «ھۇجۇرات» 13-ئايەت). پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: **‹ئىنسانلار بىر تاغاقنىڭ چىشىغا ئوخشاش باراۋەردۇر، ئەرەپنىڭ ئەجەمدىن تەقۋادارلىقتىن باشقا ئارتۇقچىلىقى يوق›.**

«شەرىئەت بۇ پىرىنسىپنى بۇندىن 13 ئەسىر بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان، لېكىن، بىلىمسىز جاھىلار تۈزگەن قانۇن پىرىنسىپىنى (بارابەرلىك پىرىنسىپىنى) 18- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاندىن چۈشۈنۈپ يەتكەن ۋە ھازىرغا قەدەر ياۋرۇپا دۆلەتلىرىنىڭ كۆپۈنچىسى ۋە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى بۇ پىرىنسىپنى شەرتلىك ھالدا يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. شەرىئەت چۈشكەن كۈندىن باشلاپلا پىكىر ئەركىنلىكى پىرىنسىپىنى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئوتتۇرىغا قويدى. يەنى پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇھەقتە كۆپ ئايەتلەر بار بولۇپ، بۇنىڭدىن بىر قانچىسىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز: **‹مۇجىزىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ** (پەيغەمبەرلەرنىڭ) **ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمگە پايدىسى بولمايدۇ›** (سۈرە «يۇنۇس» 101-

---

[1] تىرناق ئىچىدىكى ئىزاھ كەمىنىگە ئائىتتۇر.

[2] ئا. ئەۋدەنىڭ «ئىسلام» ناملىق كىتاۋىنىڭ «ئىسلامنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق، دېگەن داۋا» بابىدىن.

ئايەت). ‹(ئى، مۇھەممەد!) ئۇ (ئاللاھ) ساڭا كىتابنى (قۇرئاننى) نازىل قىلدى. ئۇنىڭدا مەھكەم (مەنىسى ئوچۇق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار كىتابنىڭ (يەنى پۈتۈن قۇرئاننىڭ) ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ (يەنى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلەر باردۇر. دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ (يەنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئۆز نەپسى- خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ)، بۇنداق ئايەتلەرنىڭ (ھەقىقى) مەنىسىنى پەقەت ئاللاھلا بىلىدۇ. ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇ: ’ ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان‘ (بۇنى) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ› (سۈرە «ئال ئىمران» 7- ئايەت). ‹دىنىدا (ئۇنىڭغا كىرىشكە زورلاش يوقتۇر، ...› (سۈرە «بەقەرە» 256- ئايەت). ‹سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ...› (سۈرە «ئال ئىمران» 104- ئايەت).

«بۇ ئەركىنلىك پرىنسىپىنىڭ ئۈچ قىسىملىق تەرىپى بىلەن بىرگە، ئىنسانلار تۈزگەن قانۇن پەقەت فرانسىيە ئىنقىلابى (18- ئەسىر) دىن كېيىنلا بەلگىلەنگەن، لېكىن بىلىمسىزلەر شەرىئەتنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تارتىۋېلىپ ئۇنى بەشەرى (ئىنسانلار تۈزگەن) قانۇنلارغا مەنسۇپ قىلىدۇ. ئىسلام شەرىئىتى ئۇنىڭغا ئاساسەن تۈرغۈزۈلغان پرىنسىپلاردىن بىرى مۇتلەق ئادالەتلىك پرىنسىپتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ‹شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ...› (سۈرە «نىسا» 58- ئايەت). ‹... ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا

**ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەپ بولمىسۇن،** (دۈشمىنىڭلارغا) **ئادىل بولۇڭلار، بۇ** (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) **تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر ...›** (سۈرە «مائىدە» 8- ئايەت). **‹ئى، مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا- ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا** (گۇۋاھلىق بېرىشكە) **توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار،** (گۇۋاھلىق بەرگۈچى) **باي بولسا** (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن) **ياكى پېقىر بولسا** (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) **هامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار، ...›** (سۈرە «نىسا» 135-ئايەت).

«ئىسلام شەرىئىتى كەلگەن كۈندىن باشلاپ كېڭەش پىرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: **‹ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن›** ئىسلام شەرىئىتى ئىنسانلار تۈزگەن بۇ پىرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا 11 ئەسىر بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان. ئېنگىلىز قانۇنى بولسا بۇ پىرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ئىسلامدىن 10 ئەسىر كېيىن قالغان. ئىنسانلار تۈزگەن قانۇن كېڭەش پىرىنسىپى (دېموكراتىيە) نى ئوتتۇرىغا قويۇشتا يېڭى بىر ھۆكۈم ئەكەلمىدى، پەقەتلا شەرىئەت كەلتۈرگەننى ئەكەلدى. ئىسلام شەرىئىتى چۈشكەن كۈندىن باشلاپ ھاكىمنىڭ ھوقۇقىنى شەرت قىلىش بىلەن كەلگەن. ئۈممەتنىڭ ۋەكىلى بولۇش سالاھىتى بىلەن ئۇنىڭ قىلغان تاجاۋۇز خاتالىرىنى ئاشۇنىڭ مەسئۇلىيىتىگە يۈكلىگەن. شەرىئەت ھاكىمگە ۋە ھاكىم بولمىغانلارغا (يەنى خەلققە) ئوخشاش بولۇپ، ئىجرا قىلىشتا خەلقتىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقى يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسى بولسا باراۋەرلىك پىرىنسىپىنى يۈرگۈزۈشتۇر. ھازىرقى زاماننىڭ ھۆكۈمەتلىرى ئۇنىڭ ئاساسىدا قۇرۇلغان مۇشۇ پىرىنسىپلارنى ئىنسانلار بىلىشتىن 11 ئەسىر بۇرۇن ئىسلام ئەكەلگەن تۇرسا

شەرىئەتنى قانداقمۇ ھازىرقى زامانغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، دېگىلى بولىدۇ؟»[1].

يوقۇرىدا نەقىل كەلتۈرگىنىمىز بىر ئىسلام قانۇن تەتقىقاتچىسىنىڭ يازغانلىرىدۇر. ئاشۇلاردىن شۇنى چۈشۈنۈۋالالايمىزكى، غەرب دۇنياسى ئىلغار جەمىيەت تۈزۈمى، ئىلغار قانۇنغا ئىگىمىز، دەپ داۋا قىلىۋاتقان شۇ چۈشەنچىلەر، پىرىنسىپلار ئىسلام شەرىئىتىدىن ھالقىپ كېتەلىگىنى يوق. بەلكىم ئىسلام شەرىئىتىدىن مىڭ نەچچە يۈز يىل كېيىن قالغان. دېموكراتىيە قانداقتۇر غەرىپلىكلەرنىڭ كەشپىياتى ئەمەس، بەلكى قۇرئان كەرىمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە ئىنسانلارغا بەلگىلەپ بېرىلگەن ھاكىمىيەت شەكلىدۇر.

چۈنكى، ھاكىمۇتلەقلىق بىر ئاللاھقا خاس، ئۇ زېمىننىڭ ۋە كائىناتنىڭ ئىگىسى. ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ھېچكىم، ھېچقانداق كۈچ قارشى چىقالمايدۇ. زېمىندا يارىتىلغانلار ھاكىم مۇتلەق بولۇشقا، مۇستەبىت بولۇشقا، تەڭسىزلىك قىلىشقا ھەددى ئەمەس! بۇ ئىسلامنىڭ بارابەرلىك، ھۆرلۈك ۋە كېڭىشىش روھى بىلەن ھېچ ۋە ھېچ سىغىشالمايدۇ!

دېمەك، مۇسۇلمانلارنىڭ دېموكراتىيىسى ئەلۋەتتە قۇرئاندا بەلگىلەنگەن چەك ئىچىدە، ئىسلام پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن ھالدا بولىدۇ. بۇ ھاكىمىيەت شەكلى، پۇخرالارنىڭ پىكىر ھۆرىيىتى قاتارلىق ساھەلەرنى مەزمۇن قىلىدۇ. ئاياللارنىڭ يۈرۈش- تۇرۇشى (يالىڭاچ يۈرۈشى)، ئوخشاش جىنىسلىقلارنىڭ مۇھەببەتلىشىشى قاتارلىقلار دېموكراتىيە ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇنلار ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائى ئەخلاق مەسىلىسىدىن ئىبارەت

[1] ئابدۇلقادىر ئەۋدە: «ئىسلام» نىڭ «شەرىئەت ھازىرقى زامانغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، دەپ داۋا قىلغۇچىلار» بابىدىن ــ ئا.

(غەرپلىكلەرنىڭ چەكتىن ئاشقان شەھۋانىلىقىنى دېموكراتىيە بەلگىلىگەن ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ كاپىر تەبىئىتى بەلگىلىگەن)!

يەنە بىر مىسالنى كىتاپخانلىرىمىز دىققىتىگە سۇنساق ئارتۇقچىلىق قىلماس، تارىختا ئەجداتلىرىمىز قۇرغان ئىسلامى ھاكىمىيەتلەر (مەسىلەن، 1933 ـ يىلىدىكى شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى) ئىسلام شەرىئىتىدە بەلگىلەنگەن ھاكىمىيەت شەكلىنى قوللانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسى قانۇنىدا («جۇمھۇر باشقانىنىڭ ۋەزىپىلىرى» بابىنىڭ 5~6 ـ ماددىلىرىدا) شۇنداق دېيىلگەن: «جۇمھۇر باشقانى كابىنېتنىڭ قارارلىرىنى تەستىق ۋە رەت قىلىشتا كۆپچۈلۈكنىڭ پىكىرىنى ئالىدۇ. چۈنكى، شەرقى تۈركىستان ئىسلام ھۆكۈمىتى مەسلىھەت ۋە مۇزاكىرىگە تايىنىدۇ»[①].

لېكىن بەزىلەر ئىسلام دىنىنى ئىنتايىن دوگما چۈشۈنۈۋالغان بولغاچقا، ئىسلام دىنىنىڭ بەندىلەرنىڭ پايدىسى ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەنلىكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكىدىن ئىبارەت ماھىيەتنى چۈشەنمەستىن، ئاللاھ نامى بىلەن غەرەزلىرىنى نىقاپلاپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرماقتا. ئۇلار دېموكراتىينى «خەلق ئىرادىسى» دەپ تەپسىر قىلىشتى ـ يۇ، ئەمما خەلق ئىرادىسىنى (بۇ يەردە مۇسۇلمان خەلقىنىڭ ئىرادىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئىسلام روھى بىلەن زىت دەپ چۈشەندۈرۈشتىن ھېچ نومۇس قىلمىدى! مەسىلەن ئۇلار: «دېموكراتىيە دېگەن خەلق ئىرادىسى دېگەن

① ئاندېرۋ. د. ۋ. فوربىس [ئامېرىكا] نىڭ «شەرقى تۈركىستاندىكى مىللىتارىستلار» («1911~1949 ـ يىلىغىچە شەرقى تۈركىستاننىڭ سىياسى تارىخى») ناملىق كىتابىدىن (تۈركچە نەشرى).

بولۇدۇ، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى خەلقنىڭ ئۆزىگە قانۇن قىلىپ بەلگىلەش دېموكراتىيە دېگەن شۇ، ئەمما بىز قۇرئانى كەرىمنى قانۇن قىلماقچى،... ۋاھاكازالار» دېيىشتى. بۇ گەپچە قۇرئان كەرىم خەلق ئىرادىسىگە قارشى، خەلق رايىغا قارشى، دېگەن ئۇقۇم كېلىپ چىقىدۇ ۋە بۇ ئۇقۇم قۇرئانى كەرىمدە كۆپ جايدا تەكىتلىنىدىغان **«بىز بەندىلەرگە ئاسانلىقنى ئىرادە قىلىمىز»** دېگەن ئىدىيە، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەنلىكىدىن ئىبارەت تۈپ مۇددىئا بىلەن زىت كېلىدۇ! ئۇلار قۇرئانى كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن چاقناپ تۇرغان ئىسلام دىنىنىڭ ئىلغارلىق، تەرەققىپەرۋەرلىك، ئىلمىيلىك خەلقنىڭ پايدىسى ۋە ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلۇقىدىن ئىبارەت سەلتەنىتى، دۇنيا ۋە ئىنسانلارنىڭ ھايات تەرزىگە شۇ قەدەر باپ ۋە مۇۋاپىقلىقىدىن ئىبارەت شانۇ - شەۋكىتىگە قارا سۇۋاشتى (ئىسلام دىنى دەل بىز چۈشەنگەندەك بولغاچقىلا بۈگۈنكى كۈندە يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلغان غەرپ جەمئىيىتى ئىچىدە، ئىلىم - پەن خادىملىرى، ئالىملار ئىچىدە تەن ئېلىنماقتا، كېڭەيمەكتە. تەبىئىكى ئۇلار تەسەۋۋۇرلىگەندەك ئۇنداق تار ۋە ئىنساننى قىينايدىغان، دۇنيانىڭ ھايات ۋە تەرەققىيات مەنتىقىسىگە زىت شەكىلدە بولغان بولسا ئىدى، بىز بۈگۈن بۇنداق مەنزىرىنى كۆرمىگەن بولاتتۇق)!

ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىدە ئىچكى ئۇيغۇنلۇقنىڭ يوقلىقىنى، چوڭقۇر چۈشۈنۈشنىڭ مەھسۇلى ئەمەسلىكىنى، دەۋاتقىنى بىلەن قىلماقچى بولۇۋاتقىنى ئارىسىدىكى باغلىنىشنىڭ قايسى تەرىقىدە ئىكەنلىكىنىمۇ ئاڭقىرالمايدىغانلىقىنى روشەن كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى ئەمەلىيەت ئۈستىگە قويۇپ، ھىسسى تەجرىبە ئېلىپ باقساقلا كۇپايە قىلىدۇ: ئۇلار «قۇرئاننى قانۇن» قىلماقچى، ئەگەر قۇرئاننى قانۇن قىلغاندا

قانداق نەتىجە كۆرۈلۈدۇ؟ يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر شۇنداقلا ئابدۇلقادىر ئەۋدەنىڭ تەتقىقات قۇرلىرىدىن ئايانكى، نەتىجە: قۇرئانى كەرىمدە جەمىيەت تۈزۈمىنىڭ دەل دېموكراتىك شەكىلدە بولۇشى بەلگىلەپ بېرىلگەن! ئەمما بۇ بىلىمدانلار (ئەرەپ تىلى تەرجىمانلىرى) بۇ نوقتىنى چۈشەنمىگەن، ئۆزلىرى چۈشەنمىگەچكىلا ئۇلار بۇلارنى ئۆزئارا زىت دەپ ئويلاپ قالغان.

ئۇلارنىڭ شۇ قەدەر گۇناھى كەبىرلەرگە پېتىشىغا نىمە سەۋەپ بولدى؟ شەخسىيەت، پەقەتلا شەخسىيەت! سۆزىمىزنىڭ كىرىش قىسمىدا سۈرەتلىگىنىمىزدەك، دۈشمەن ئۆزىگە قارشى دەپ بىلگەن بىرسىنى ئەيىپلىمەكچى بولغاندا «يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىش» ھىلىسى ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئالدى بىلەن بىرەر جىنايى بەدنامنى ئۇيدۇرۇپ چىقىرىپ، ئاندىن ئۆزى ئۇيدۇرۇپ چىقارغان بۇ بەدنامنى ئۆزىنىڭ تەشۋىقات نەيرىڭىدە «پاكىت» سۈپىتىدە كۆتۈرۈپ چىقىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. ئۇلار خۇددى شۇنداق قىلىدى. ئاۋۋال ئۆزىگە ئەگەشمىگەنلەرنىڭ بىرمۇنچىسىنى مۇناپىق دەپ جاكارلىدى. يەنە بەزىلەرگە (گەرچە ئۆزلىرى نېمىلىگىنى چۈشەنمىسىمۇ) «دېموكراتچى» دەپ بەدنام چاپلىدى. ئارقىدىن «دېموكراتىيە»نى غەرپ دېموكراتىيىسى مىسالى ئارقىلىق چۈشەندۈردى (قۇرئاندا ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان «كېڭىشىش» روھى بىلەن ئۇلار مىسال قىلىۋاتقان غەرپ دېموكراتىيىسىنىڭ بىرەر ئوخشاشلىقى بارمۇ؟). ئارقىدىنلا ئۇلار «بۇنداق دېموكراتىيىدىن سوتسىيالىزىم (بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدە خىتاي ھۆكۈمرانلىقى) مىڭ ياخشى» دېگەن يەرگە بېرىپ يەتتى. بەلكىم ئۇلارنىڭ شۇنچە گەپ يورغىلىتىپ — «سۇنى لېيىتىپ» تۇتماقچى بولغان «بېلىق»ى شۇ بولسا كېرەك (يەنى، خىتاي ھۆكۈمرانلىقىنى ھەرھالدا خېلى ياخشى، شۈكرى قىلىشقا،

www.uyghurkitap.com

كۆنۈكۈشكە بولۇدۇ، دېيىشنى مەخسەت قىلغان بولسا كېرەك).
ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز يوسۇندا خىتاي غالچىلىقىنى قىلىشتەك ئاساسى مەخسەتنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قۇرئاننى ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەيۋاتقانلىقى ئەنە شۇ «سوتسىيالىزىم مىڭ ياخشى» دېگەن قالتىس خۇلاسىلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ (ئويلايلى، قېرىنداشلار: ئۇلار ياخشى دەۋاتقان سوتسىيالىزىم قانداق نەرسە؟ قىرىق يىلدىن بېرى بېشىمىزغا نېمە بالالارنى كەلتۈرمىدى؟ ئادەمدەك ياشاشقا، يىلدا بىر لوقما گۆش كۆرۈشكە، ئۆمۈرىدە پۈتىغا ئاياق كېيىپ بېقىشقا نېسىپ بولماي ئۆمرى ئۆتىدىغان خەلقىمىزنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلى، ئاي- ئايلاپ ئۆيگە كېلەلمەستىن زەيدە يېتىپ هاشارغا ئىشلەيدىغان دېهقانلىرىمىزنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلى، بىز مېهماندارچىلىقتا پوشكال يەپ يۈرۈپ، هەممە خەلق بىزدەك پوشكال يەپ يۈرۈۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالمايلى، ئۇلار ئاچ، زاغرىغىمۇ قۇسىقى تويماي هاياتى ئۆتىدۇ؛... بىزنىڭ سەرگەردانلىقىمىز، نەگىلا بارساق خار، بوزەك بولۇشىمىزنىڭ سەۋەپلىرىنى ئويدانراق ئويلايلى، مانا بۇلارنىڭ هەممىسى ئاۋۇ جانباقارلار ماختاۋاتقان سوتسىيالىزىمنىڭ مېۋىلىرى ئەمەسمۇ؟).

غەلىبە قىلىش ئۈچۈن خەلق شۇنداق ئىرادىگە كەلمىكى لازىمكى، «خىتاي مۇستەملىكىسى جەننەت بولغان تەقدىردىمۇ، بىزگە مۇستەقىللىقنىڭ دوزىقى ئەۋزەل!» خەلق ئىچىدە شۇنداق بىر هېكمەتلىك سۆز بار: «قەپەز — ئالتۇندىن ياسالغان بولسىمۇ بەرىبىر قەپەز!» مانا بۇ خەلقنىڭ رايى، خەلقنىڭ ئىرادىسى، خەلقنىڭ خاهىشى ۋە قەلب مايىللىقىدۇر!

مىللەتنىڭ تەقدىرى هايات - ماماتلىق مومېنتلىرىغا كېلىپ قالغان مۇشۇنداق بىر دەۋردە تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولۇدىغان نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ

ياخشى كۆڭلىگە زەربە بېرىپ دۈشمەن تەرەپكە ئۆتتىرىدىغان بۇنداق يامان خاھىشلارنى نۆۋەتتە ئىككى خىل ئادەم قىلىشى مۇمكىن. بىرى، خىتاي جاسۇسلىرى (چۈنكى ئۇلارغا ھەق-ناھەقنىڭ پەرقى مۇھىم ئەمەس، خىتاي خوجايىنلىرىنىڭ بەرگەن بۇيرۇقى بويىچە سەپنى مالىمان قىلىش مەقسىدىگە يەتسىلا بولىدى)؛ ئىككىنچىسى، تەلۋىلەر. ئۇلارنىڭ ھەق-ناھەقنى چۈشەنگىدەك ھالى يوق، بىر گېپى ئۈچۈن ھەر نېمە دەۋېرىدۇ!

## 5. باشقا مەسىلىلەر ھەققىدە

ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەش، ئۆزىمىزنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلىش – دۈشمەننىڭ كۈچىنى ۋە ئۆزىمىزنىڭ كۈچنى توغرا باھالاش — غەلىبە قىلىشتا بىزنى بىرخىل ئىدىيۋى تەييارلىق بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. «ئاغزىدىن كەلگەن قۇلىدىن كەلسە ھەركىم پادىشاھ بولىۋالار» دېگەندەك، ئاچچىق ئەمەلىيەتنى توغرا تونىماي لاپنى چوڭ- چوڭ ئېتىۋەرگەنگە ئىش پۈتۈپ قالمايدۇ. شۇڭا ئاساسى دۈشمەننى توغرا تونۇش، دوست- دۈشمەننى توغرا ئايرىش ناھايىتى مۇھىم. بۇ ھەقتە «جەننەتنىڭ ئاچقۇچى» قاتارلىق كىتاپلاردا تەپسىلى توختالغان، شۇنداقلا ئىسلامدا ئىتتىپاقداشلىق ئەھدىنامىسى (سىياسى كېلىشىم مەسىلىسى) قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن دەلىل كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈلگەن ئىدى. بىز بۇ يەردە بۇ مەسىلە ھەققىدە تەكرار توختالمايمىز. پەقەت، «سۈنى لېيىتىپ بېلىق تۇتقۇچىلار»نىڭ پاكىتنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، ھەق- ناھەقنى بۇرمىلاپ، خاتا چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سەمىگە سېلىش بىلەن بۇ سۈيىقەستتىن ئاگاھلاندۇرىمىز.

«دوستلۇق»، «مېھرىبانلىق»، «ھىسداشلىق»، «ئىتتىپاقچى

كۆچ» سۆزلىرىنىڭ لۇغەت مەنىسىمۇ، ئىستىمال مەنىسىمۇ بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: دوستلۇق بىلەن ھىسداشلىق تۈيغۇسىنى تەڭ ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ، ھىسداشلىق تۈيغۇسى ھەرقانداق ئادەمگە، ھەتتا ھايۋانلارغىمۇ قارىتىلىشى مۇمكىن. لېكىن دوستلۇق ئۇنداق ئەمەس. شۇڭا بۇيەردە «كاپىرلارنى دوست تۇتۇش»، «مۇشرىكلارنى دوست تۇتۇش» قا دائىر ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى شىپى كەلتۈرۈپ ھۇجۇم قىلىش ئادىللىق بولمايدۇ. كاپىر مۇشرىكلارنى «دوست تۇتۇش» مەسىلىسىمۇ يۇقۇرىدا زىكىرى قىلىنغان كىتاپلاردا ناھايىتى ئېنىق شەرھىلەنگەن. بۇ مەسىلىنى «ئەمەتنىڭ دوپپىسىنى سەمەتكە كەيدۈرۈش» ئۇسۇلى بىلەن گەپ يورغۇلۇتۇپ، جامائەتنىڭ كۆزىنى بوياپ، ئادەم تىللاش بىمەنىلىك! دوستلۇق نېمە، ئىتتىپاقداشلىق نېمە؟ پەرقىنى ئاجرىتالمايدىغان بىچارىلارنىڭ بۇ ھەقتە پىكىر قىلغۇدەك، دىندىن«ساۋاق» بەرگىدەك نېمە سالاھىيىتى بولسۇن!؟ چۈنكى بۇ «ئۆلۈغ» ئەرباپلار تارىخنى بىلمەيدۇ، سىياسىنى بىلمەيدۇ، تاكتىكىنى بىلمەيدۇ، پەقەتلا ئەرەپ تىلى تەرجىمانلىقىدىن باشقا نېمە ئارتۇقچىلىقى بولسۇن؟ بىز يىراققا كەتمەي، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىنى ئەسلەپ كۆرۈدىغان بولساق، كوممونىست ھۆكۈمرانلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن غەرپ كاپىتالىزىمىنىڭ ۋەكىللىرى بولغان ئەنگىلىيە - ئامېرىكا، ناتسىستلار گېرمانىيىسىدىن ئىبارەت ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاقداشلىق ئەھدىنامىسى تۈزۈشكەندى. بۇ ئىتتىپاقداشلارنىڭ ئېتىقادى — سىياسى مەسىلىگى ئوت بىلەن سۇدەك قارمۇ- قارشى ئىكەنلىكىنى كۆپچۈلۈككە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز بولسا كېرەك. يەنە خىتايلار ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن بىر - بىرىگە قارشى ئىككى سىياسى پارتىيە مىللى بىرلىكسەپ قۇرغانىدى. بۇنداق مىسالار

دۇنيا تارىخىدا ناھايىتى نۇرغۇن. ئەمما بۇنى دۇنيادىن بىخەۋەر، ئارقا ھويلىنىڭ تار بۇلۇڭىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرمىگەن بىچارىلارغا چۈشەندۈرۈشنىڭ ئىمكانى يوق.

ئاساسى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتىكى بىرلىك مۇئەييەن زاماندا ئەنە شۇنداق رولىپقا چىقىدۇ. بۇ قانۇنىيەتكە ئايلانغان بىر ئىش. لېكىن ، بىزنىڭ ئاتالمىش «ئەڭ توغرا يول تۇتقۇچى» قارا قورساقلارنىڭ مۇنۇ ئاجايىپ سۆزلىرىنى نېمە دەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك، ئويلۇنۇپ كۆرۈڭلار: «ئالدى بىلەن ئۇيغۇر زىيالىلىرىنى، مىللەتچىلەرنى، ۋەتەنپەرۋەرلىرىنى، ‹دېموكراتلار›نى پاكىزە يوقىتىپ، سەپنى تازىلىماي تۇرۇپ، خىتايغا قارشى بىر پاي ئوق ئېتىلمايدۇ!». جامائەت ياخشىراق ئويلاپ كۆرسۇن، بۇنداق قاراشتىكى ئادەملەرنىڭ نىيىتى نېمە بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇلارنىڭ تۇتقان يولىنى كىم يەنە توغرا دېيەلەيدۇ (دىنى تېرمىنلار بىلەن ھەرقانچە پەدازلىغان تەقدىردىمۇ!)؟ كىم ئۇلارنى خىتاي مەنپەئەتىگە پايدىلىق ئىش قىلىۋېتىپتۇ دېمەي تۇرالايدۇ؟ ئۇلارنىڭ تەشۋىقات لېنتىلىرىنى ئەسلەپ كۆرۈڭلار، خىتاينى تىللايدىغان بىر ئېغىز گەپ بارمۇ؟ زىيالىلارنى، ئاتالمىش «دېموكراتچىلار» نى، ۋەتەنپەرۋەرلەرنى، مىللەتچىلەرنى تىللايدۇ، مەخسىدى نېمە؟ ئۇلارنىڭ ھەدەـ سىڭىللىرىنى ئاياق ـ ئاستى قىلىۋاتقانلارنىڭ زىيالىلار، ۋەتەنپەرۋەرلەر، مىللەتچىلەر، «دېموكراتلار» ئەمەسلىكىنى، بەلكى خىتايلار ئىكەنلىكىنى ئەسلىرىگە سېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندەك قىلىدۇ (بىچارە ھاماقەتلەر!) ئەنە ئۇلارنىڭ ھالى!

كۆرەش ـــ خۇددى كەلكۈنگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا لۆجىلەرمۇ ئاقىدۇ، ئېتىنىڭ ئۆلۈكىمۇ ئاقىدۇ... ئۇنىڭ سۈزۈك بولۇشىنى تەلەپ قىلغىلى، تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ ھەم ئەقىلگە سىغمايدۇ، ھەم بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. لېكىن كەلكۈن

ئۆتۈپ كەتكەندە ئېقىم جەزمەن سۈزۈلىدۇ، بۇنىڭغا جەزمەن ئىشىنىش كېرەك! ئاۋال سەپنى پاكىزە تازىلىۋېتىپ، ئوخشىمىغان قاراشتىكىلەرنى (گەرچە ئۇنىڭ مەقسىتىدى هەم خىتاينى يوقۇتۇش بولسىمۇ) دۈشمەن قاتارىدا يوقۇتۇۋېتىپ، ئاندىن دۈشمەنگە قارشى ئاتلىنىمەن دېگەن بىمەنىلىك ئەمەسمۇ؟!

مۇنداق بىر مىسال ئارقىلىق چۈشۈنەيلى: بىر ئامبارغا ئوت كەتسۇن، بىر توپ ئادەم ئوت ئۆچۈرۈش ئۈچۈن چىققان بولسۇن. ئۇلارنىڭ نىيەتلىرى هەرخىل بولۇشى مۇمكىن: بەزىلىرى خىزمەت كۆرسۈتۈپ ئۆسۈشنى مەقسەت قىلىشى، بەزىلىرى ماددى مۇكاپات ئېلىشنى ئويلاپ چىققان بولۇشى، يەنە بەزىلىرى هەقىقى خالىسلىق بىلەن، دۆلەت مۈلكىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشتىن باشقىنى ئويلىمىغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ئۇسۇلىمۇ هەرخىل بولۇشى چوقۇم. مانا شۇنداق بىر جىددى ئەهۋالدا كىمنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ئۇسۇلى توغرا، كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكى هەققىدە، كىمنىڭ نىيىتى قانداقلىقى هەققىدە تالىشىپ ئولتۇرۇش، بىرەر ئەمەلى هەرىكەت (هەتتا نەتىجىلىك بولمىسىمۇ) قوللۇنۇشنىڭ ئەكسىچە هە دەپ مەجلىس ئېچىپ، سۇ سېپىۋاتقان باشقىلارنى «توغرا سەپمەيۋاتىدۇ» دەپ ئەيىپلەپ، مۇهاكىمە ئېلىپ بېرىش قانداق بولار؟

ئەلۋەتتە ئوت ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئۆلچەملىك ئۆچۈرۈش سۈيۈقلىقى ۋە ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى بولسىغۇ ياخشى، بۇنىڭدا گەپ يوق. بىراق، چېلەك- داس، هەتتا قازان كۆتۈرۈپ چىققانلارنىمۇ ئەيىپلەشكە ئاساسىمىز يوق. مۇكاپاتنى نىيەت قىلىپ چىققانلارنىمۇ، مەنسەپ تاماسىدا چىققانلارنىمۇ كەتكۈزۈۋەتەلمەيمىز. چۈنكى، مەخسەت ــ ئوتنى ئۆچۈرۈش! ئەڭ

مۇھىم ۋەزىپە — بىرىنچى نومۇرلۇق ۋەزىپە — ئۆتنى ئۆچۈرۈش!
ئۆت ئۆچۈرۈش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىسى ھەرقانچە توغرا بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆت ئۆچۈرۈشنى قويۇپ تۇرۇپ، مېنىڭ توغرا، چىلەك تۇتقانلارنىڭ خاتا دەپ پىتنە تارقىتىپ، كەيپىياتنى بۇزىدىغان بولساق، بۇنىڭ ئاقىۋىتى نەگە ئېلىپ بارار؟!
شۇنىسى ئاددى ساۋاتكى، ئۆت ئۆچۈرگۈچىلەردىن ئاۋال چېلەك ۋە باشقا قاچىلارنى تۇتقانلارنى سەپتىن چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن شىلەنكە بىلەن ئۆچۈرۈش تەلەپ قىلىنمايدۇ. ئاللاھ چېلەك كۆتەرگەنگە، داس كۆتەرگەنگە ياكى شىلەنكە تۇتقانغا قانچىلىك ئەجىر بېرىشنى ئۆزى بىلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەققى ئارلىشىپمۇ كەتمەيدۇ. بىرى تۆپەيلى يەنە بىرىنىڭ ئەجرى كېمەيتىلمەيدۇ، ھەر كىمنىڭ ھېسابى ئايرىم بولىدۇ. بۇنىڭدىن گۇمانلىنىدىغانلار دەلىل كەلتۈرۈپ باقسۇن!
خۇددى شۇنىڭدەك، مەيلى ۋەتەنپەرۋەر بولسۇن، مىللەتچىلەر بولسۇن، «دېموكراتلار» بولسۇن، كونسېرۋاتىپلار ياكى رادىكاللار بولسۇن،... قىسقىسى، نېمە بولسا بولسۇن، مۇستەملىكىچى خىتايلارغا قارشىلا بولىدىكەن، ئۇ بىزنىڭ ئىتتىپاقچىمىز! ئۇلارنى ئەڭ توغرا يولغا دەۋەت قىلىش، چۈشەندۈرۈش بىزنىڭ بۇرچىمىز، تاللاش ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش (چۈنكى، دىندا زورلاش يوق). ئۇنىڭ شېھىد بولۇشى، جەننەتكە كىرىش - كىرمەسلىكى، ئەجرىگە ئىگە بولۇشى ياكى گۇمراھ ھالدا كېتىشى ئاللاھنىڭ ئىلىكىدىكى ئىش، ئۇنى بىز بىلمەيمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى نىيىتىگە باغلىق ئىشلار. ھېساپ ئالغۇچى ئاللاھ، ھېساپ بەرگۈچى ھەركىم ئۆزى. ئاللاھ ئۇنىڭ تۆپەيلى بىزگە (ئەڭ توغرا يولدا يۈرگۈچىلەرگە) جازا بەرمەيدۇ ياكى بىزنىڭ ئەجرىمىزدىن ئۇلارغا ئېلىپ بەرمەيدۇ (بىراۋ سەندىن جەننەت تالاشمىغاندىن كېيىن ياكى جەننەتكە كىرىشىڭنى توسۇۋالمىغاندىن كېيىن

خەق بىلەن كوچىلاشماي، ئۆزەڭنىڭ ئەمىلىنى قىلىۋەرمەمسەن. يا سېنىڭ باشقا شۇم نىيىتىڭ بارمۇ؟) شۇڭا، ئاساسى ئىشنى قويۇپ، ئابستراكىت مۇھاكىمىگە؛ ئاساسى دۈشمەننى قويۇپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان كۈچلەرگە ئېسىلىۋالمايلى، ۋاقىت زايا قىلمايلى، دوست بولۇدىغانلارنى ئۆزىمىزدىن ئۈركۈتىۋەتمەيلى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز بىلەن ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنى يەمەنگە ئەۋەتكەن چېغىدا ئۇلارغا مۇنداق تاپىلىغان ئىدى: **«ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار، كىشىلەرگە بىشارەت بېرىڭلار، ئۈركۈتىۋەتمەڭلار، ئىناق بولۇڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار»** («بۇخارى»).

خۇددى شۇنداق، بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە كىشىلەرنى ئۆزىمىزگە مايىل قىلىدىغان يول تۇتساق، بەلكىم ئاشۇ دەسلەپ ھەرخىل ناتوغرا پىكىر ئېقىمىدا، ناتوغرا نىيەتتە سەپكە قېتىلغانلار كۆرەش جەريانىدا جىھادنىڭ ئۆزىگە خاس پەزلى، مۆجىزىسى، تەسىرى بىلەن ھەقىقى تۇردە ئاللاھنىڭ جەڭچىسىگە ئايلانسا ئەجەپ ئەمەس، ئىنشائاللاھ!

ئەبۇ ھۇرەيرە (ر. ئە) شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: **«مۆمىن ئادەم چىقىشقاق كېلىدۇ، خەق بىلەن چىقىشالمايدىغان، خەقمۇ ئۇنىڭ بىلەن كېلىشەلمەيدىغان كىشىلەردە ياخشىلىق بولمايدۇ»** («ئىمام ئەھمەد»، «بەيھەقى»).

**«پۈتۈن خالايىق ئاللاھنىڭ ئائىلىسى. ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان خەلق — ئاللاھنىڭ ئائىلىسىگە** (پۈتۈن ئىنسانىيەتكە) **ياخشىلىق قىلغانلاردۇر»** («بەيھەقى»).

«سۈنى لېيىتقۇچىلار»نىڭ ئىش بۇزۇشتىن باشقا «بۈيۈك غايە»لىرىنىڭ يوقلىقى ئۇلارنىڭ زىدىيەتكە تولغان، بىر - بىرىگە رەپ كەلمەيدىغان سۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئۇلار بىردەم «جىھاد — جىسمانى جەھەتتىن جاننى دەسمايە سېلىش

دىگەنلىك بولىدۇ، پۇل بەرگەندىكىن مەن جىھادقا چىقمىسامۇ بولىدۇ، دېيىش توغرا ئەمەس» دەپ سۆزلىسە، ئارقىدىنلا «جىھاد قىلغۇچىلارغا ئىقتىسادى ياردەم بەرسىمۇ جىھاد قىلغانلىق بولىدۇ» دەپ ئاۋالقىسىنى ئىنكار قىلىدۇ! سۆزلىرىدە ئىزچىللىق ساقلىيالمىغانلىقىنىڭ ئۆزىدىنلا ئۇلارنىڭ مەۋقەسىزلىكى، روشەن ئىدىيۋى سىستېمىغا ئىگە ئەمەسلىكى، چۆلدە ئۆسكەن قامغاقىلا ئوخشايدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

جىھادنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە، جىھادنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە تەپسىلى توختالمايمىز. بۇ مەسىلە «جەننەتنىڭ ئاچقۇچى» ناملىق كىتاپتا بايان قىلىنغان. بۇ يەردە پەقەت كۆرىشىمىزگە ئىقتىسادى جەھەتتىن ياردەم قىلىۋاتقان سېخى بايلىرىمىزغا ئاللاھتىن كاتتا ئەجىر تىلەش بىلەن بىللە تەسەللى ئېيتىش يۈزىسىدىن بىرنەچچە ھەدىسنى تەقدىم قىلىمىز:

يەزىد ئىبنى خالىد ئەلجۇھەنى (ر. ئە) رىۋايەت قىلىدۇ:

**«بىر ئادەم ئاللاھ يولىدىكى مۇجاھىدقا ياردەم قىلسا چوقۇم جىھاد قىلغان بولىدۇ».**

**«بىر ئادەم مۇجاھىدنىڭ بالا-چاقىلىرىنى بېقىپ تۇرسا ئۇ ئادەم چوقۇم جىھاد قىلغان بولىدۇ»** («بۇخارى»، «مۇسلىم»).

ئەبى سەئىدۇل خۇدرى (ر. ئە) رىۋايەت قىلىدۇ:

**«ئۆز خەلقىگە ئىشەنچلىك، راستچىل سودىگەرلەرنىڭ دەرىجىسى پەيغەمبەرلەر بىلەن، سەيدلەربىلەن، ئاللاھ يولىدىكى شېھىدلەر بىلەن تەڭ»** («تىرمىزى»).

ئۇلار ئۆز جانلىرىنى بېقىش ھەلەكچىلىكىدە تېپىرلىشىپ يۈرگەن تۇرۇقلۇق، ئاللاھنىڭ دىنىغا ئۆزلىرىنى ھامى قىلىپ كۆرسۈتۈشلىرى ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدۇ. گويا پۈتۈن يەر يۈزىدە ئۇلاردىن باشقا مۆمىن يوقتەك، ھەقىقى مۇسۇلمان قالمىغاندەك، ھېچكىم دىنىنى ئۇلارچىلىك چۈشەنمەيدىغاندەك

www.uyghurkitap.com

پەقەت ئاشۇلارلا بۇنىڭغا قادىر ھەم سالاھىيەتلىكتەك دەرىجىدىن تاشقىرى لاپلارنى ئاتىدۇ. بۇ خۇددى «ماختانچاق پاشىلار» دېگەن خەلق چۆچىكىدىكى پاشىلارنىڭ شامالدىن قورقۇپ دەرەخ شاخلىرىغا مەھكەم يېپىشىۋالغان ھالدا: «ئەگەر مەن تۇتۇپ تۇرمىغان بولسام يىلتىزىڭلار بىلەن قومۇرۇلۇپ كېتەتتىڭلار» دېگىنىدەك كۈلكىلىكتۇر.

ئاللاھنىڭ دىنىنى ئاشۇ بايقۇشلار قوغدامدىكىنە؟ دۇنيادا قۇرئانى كەرىمنى كۆككە كۆتۈرىدىغاندىن پەقەت شۇلار قالغانمىكىنە؟ نەقەدەر كۈلكىلىك گەپ ـ بۇ!

**«قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز»** (سۇرە «ھىجىر» 9ـ ئايەت).

ئاللاھنىڭ ھەقىقىتى ئەسىرلەردىن بېرى نۇرغۇن بوران-چاپقۇنغا، يوق قىلىۋېتىش ئۇرۇنۇشلىرىغا ئۇچراپ كەلگەن بولسىمۇ، خۇددى ئايەتتە دېيىلگەندەك ئاللاھ ئۇنى قوغداپ كەلدى. ھەتتا ئاۋۇ لاپچىلار ــ «دىنىنىڭ ھامىيلىرى» ــ تۇغۇلۇشتىن كۆپ زامانلار ئىلگىرىدىنلا شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

**«ئاللاھ ئۆز نۇرىنى** (يەنى ئىسلام دىنىنى) **ئۇستۇن قىلماي قالمايدۇ. كاپىرلار** (بۇنى) **يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ»** (سۈرە «تەۋبە» 32ـ ئايەت). مانا بۇ ــ ھەقىقىنىڭ باياناتى!

قېرىنداشلىرىمىز بۇنداق ئادەملەرنىڭ ھەيۋەتلىك شۇئارىدىن گاڭگىراپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ قۇرئانى كەرىمدە:

**«سىلەرنىڭ كۈن چىققان ياكى كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ...»** (سۈرە «بەقەرە»177 ـ ئايەت) دېگەن. دېمەك، شۇئارنىڭ ھەرقانچە ھەيۋەتلىك ۋە ئۇلۇغۋار بولۇشىنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەل بولۇشى ناتايىن! كەلىمە شاھادەت يېزىلغان بىر پارچە لاتىنى كۆتۈرۈۋېلىشنىڭ ئۆزىلا ئىسلامنى كۆككە كۆتەرگەنلىك، ئىسلامدا چىڭ تۇرغانلىق

بولۇشى ناتايىن. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى مەۋھۇم نەرسىلەر، كۆرۈنۈشلەر، خالاس. گەپ بىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىزگە باغلىق!

بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشۈنۈش ئۈچۈن مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرۈش ئارتۇق ئەمەس:

تۇخۇمدىن بىرقانچىنى ئوخشىمىغان رەڭلەردە بويايلى: بىرىنى قىزىل، بىرىنى سېرىق، بىرىنى يېشىل، بىرىنى كۆك ...، بۇ كۆرۈنتىلەرنىڭ نېمە كارايىتى؟ بۇنىڭ خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىدا بىرەر رولى بارمۇ؟ ئۇ رەڭنى ئەمەس، بەلكى ئىچى ساقمۇ، بۇزۇقمۇ؟ دېگەننى ئۆلچەم قىلىدۇ. چۈنكى بۇ تۇخۇملار رەڭگىنىڭ قانداقلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ئاق ۋە سېرىقتىن ئىبارەت ئىككى قاتلامدىن تۈزۈلگەن ئوزۇقلۇق ماددا خالاس. ئەگەر تۇخۇمنىڭ ئۆزى سېسىق بولسا، ئەڭ كۆركەم رەڭلەردە بوياپ قويغان تەقدىردىمۇ يەنىلا كېرەكسىز ئەخلەت؛ ئەگەر تۇخۇمنىڭ ئۆزى بىجىرىم بولسا، ئۇنى چىرايلىق رەڭدە بويىمىسىمۇ ئوخشاشلا قىممەتكە ئىگە (بارلىق تەبىئىي گۈزەل نەرسىلەر پەرداز تەلەپ قىلمايدۇ، بۇ بىر ئاددى قانۇنىيەت)!

قۇدۇقنىڭ ئىچىدىكى پاقا «ئاسماننىڭ چوڭلۇقى مۇشۇ قۇدۇقنىڭ ئاغزىچىلىك» دېگەنگە ئوخشاش، دۇنيادىن بىخەۋەر بۇ ئادەملەر خەلقنى ئالداش ئۈچۈن دىندىن ئۈستۈلۈق بىلەن پايدىلانغان بولسىمۇ، ساۋاتسىزلىقى، دۆتلۈكى بەزى ئەسەبى ئىشلىرىدىن بەكمۇ چېنىپ قالدى. بۇ — «ئىسلام بايرىقى»— كەلىمە شاھادەت يېزىلغان بايراقنى كۆتۈرۈش مەسىلىسىدۇر.

ئالدى بىلەن بىز ئىمان نېمە؟ ئېتىقاد نېمە؟ ئۇنىڭ ئەمەلى ئىپادىسى قانداق بولىدۇ؟ چوڭقۇرراق چۈشەنسەك، بۇ مەسىلىگە جاۋاپ بېرىشمۇ، چۈشۈنۈشمۇ ناھايىتى ئاسان.

ئاللاھ ئاشكارىنىمۇ، يوشۇرۇننىمۇ، ھېس - تۇيغۇ، خىياللارنىمۇ بىلىپ تۇرىدىغان زات. شۇڭا ئىمانغا مەلۇم كۆرۈنتى

(ھادىسە، كۆرۈنۈش) ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئېتىقاد — قوزۇققا ئېسىپ قويىدىغان، ئۆگزىگە قاداپ قويىدىغان نەرسە ئەمەس (بۇ ھەقتە يۇقۇرىدا مۇناسىۋەتلىك دەلىللەرنى كەلتۈرگەندۇق). ئىمان ـ ئېتىقادنىڭ ئورنى قەلبتە. ئاللاھ ئۇنى كۆرۈپ تۇرىدۇ (بايراقنى ئېگىز قاداپ قويمىغىچە ئاللاھ نىيەتتىكىنى كۆرمەي قالىدىغان ئىش يوق)، بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان بىلەن قىلمىشىمىز، نىيىتىمىز شەخسىيەت ۋە نەپسانىيەت بىلەن چىرمالغان بولسا، بايراقنى كۆتەرگىنىمىزمۇ بىكار (چۈنكى ئاللاھ ھەممىنى كۆرۈپتۇرىدۇ). خوش، ئاللاھقا ئەرزىيدىغىنى ساپ قەلبتىكى ئىمانمۇ ياكى مەلۇم سىمۋوللۇق كۆرۈنۈشمۇ؟ بۇ بىرىنچى تۇردىكى جاۋابىمىز.

تارىختا رەسۇلۇللاھ ياكى ساھابىلارنىڭ كەلىمە شاھادەت يېزىلغان بايراق كۆتەرگەنلىكىگە دائىر دەلىل يوق. «كۆتۈمدە ئىشتان يوق ئېتىم مارجان بوۋى» دېگەندەك، ھالىغا باقماي (ئۆزىنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ بىر كوۋۇكقا سىغدۇرالماي، چەتئەللەردە ھەر يەردە قېقىندى ـ سوقۇندى بولۇپ، مۇستەقىل دۆلىتى بولمىغاننىڭ دەردى ئۆتۈلۈپ يۈرىۋاتقان) ئىككى توك ـ توكنىڭ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن بۇنداق بىر بايراقنى كەشىپ قىلىپ بېرىشى بەكلا غەلىتە. بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە جىھاد قىلىشنىڭ شانلىق ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەرگەن ئافغانىستان، چېچەنىستان، بوسنا ـ ھەرسەك مۇجاھىدلىرىنىڭمۇ بۇنداق بايراقنى كۆتۈرگىنىنى ئاڭلىغىنىمىز يوق. ئەمما پوچاڭزا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالسا تەرتى سۇنۇپ كېتىدىغان، «ئېشەك قۇلىقى تۇتمىغان» بىرنەچچەيلەننىڭ بۇ كەشپىياتى كىشىدە گۇمان تۇغدۇرىدۇ. چۈنكى، بىز بىلىمىزكى، جىھادنى بايراق قىلمايدۇ، بەلكى قەلبى ئىمانغا تولغان مۆمىنلەر — مۇجاھىدلەر قىلىدۇ. كۆككە كۆتۈرىدىغىنىمىز بايراق ئەمەس، ئاللاھنىڭ دىنى؛

شۇنداقلا بايراق بۇ ئەمەلنىڭ ئۆلچىمى بولالمايدۇ. بۇ ئىككىنچى تۈردىكى جاۋابىمىز.

بايراق دىنغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بۇنى پۈتۈن دۇنيا بىلىدۇ. چۈنكى هازىرغىچە بىز ئىسلام دىنىنىڭ بايرىقى ئۇنداق، خرىستىيان دىنىنىڭ بايرىقى مۇنداق، بۇددا دىنىنىڭ ئاق، زەردۇشت دىنىنىڭ كۆك دېگەننى ئاڭلاپ باققىنىمىز يوق! دىن ئەڭ مۇقەددەس روھى تۇيغۇ بولۇشى بىلەن، ھەرقانداق بىر جىسىم ئۇنىڭغا سىمۋول بولالمايدۇ. مەلۇم نەرسىنى دىنغا ۋەكىل قىلىۋېلىش دىنىنىڭ ئۇلۇغۋار تۇسى، ھەممىنى ئىدارە قىلىش نوپۇزىنى پۇچەكلەشتۈرۈپ قويغانلىق بولىدۇ. بۇ خۇددى باتىل دىنلاردا خۇدانىڭ سىمۋولى قىلىپ شىرىك ھالدا ئادەملەر ياسىۋالغان بۇتلارنى چوڭ بىلگەندەك ئىنتايىن خاتا قىلمىشتۇر. دۇرۇست، كەلىمە شاھادەت يېزىلغان بىر بايراق بار، ئەمما ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ بايرىقى ئەمەس، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ دۆلەت بايرىقى!

دىنغا مەلۇم سىمۋول ۋەكىللىك قىلالمىغاچقا ئاساسى ئاھالىسى مۇسۇلمان، دۆلەت دىنى ئىسلام بولغان نۇرغۇن دۆلەتلەردىمۇ بىرلىككە كەلگەن بايراق يوق، ھەممىسىنىڭ بايرىقى ھەرخىل. بۇ ئۈچىنچى تۈردىكى جاۋابىمىز.

بەلكىم بۇ بىلەرمەنلەر ئۆزىچە (ئۆزلىرىنى بەكرەك مۇسۇلمان، دىنغا بەكرەك سادىق كۆرسىتىش ئۈچۈن) شەرقىي تۈركىستان دۆلەت بايرىقى قىلىپ ئاشۇ كەلىمە شاھادەت يېزىلمىش بايراقنى بەلگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن (بۇ ۋەتەن دېمەيدىغان، مىللەت دېمەيدىغان دۇنياۋى مۇسۇلمان، ئىنتېرناتسىيونالىست مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمدى بىردىنلا دۆلەت بايرىقى توغرىسىدا باش قاتۇرۇشى تېخىمۇ كۈلكىلىك، بەلكىم ۋەتەن دەيدىغانلارغا يارەملىشىپ، بايراق لايىھەلەشتە ھە - ھۇ قىلىشىۋېتەيلى، دەپ

ئويلىدىمىكىن؟). بۇنىڭغا جاۋابىمىز مۇنداق:

بايراق دىنغا ئەمەس، دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلغانىكەن، ئۇھالدا بايراق دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق پارلامېنت يىغىنىدا — پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق تاللىشى ۋە ئاۋاز بېرىشى ئاساسىدا — بېكىتىلىدۇ ۋە ئېلان قىلىنىدۇ. ئۇنى بىرنەچچە تەلۋە خەلقتىن يىراق بىر بۇلۇڭغا بېرىۋېلىپ ئۆزىچە قىلىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس! بىزنىڭ دۆلەت بايرىقىمىز بولغان ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق خۇددى شۇنداق بولغان، يەنى، 1933 - يىلى قۇرۇلغان «شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ پارلامېنت يىغىنىدا بېكىتىلگەن ۋە دۇنياغا ئېلان قىلىنغان. بۇ ئىشلارغا باشچىلىق قىلغۇچى سابىت داموللا ئىسلام دۇنياسىدا تونۇلغان دىنى ئالىم، بۈگۈنكىچە ئوخشىشى كەلمىگەن سىياسىيون، شىر يۈرەك مۇجاھىد ئىدى. ئۇ بىزگە ۋەتەن داۋاسىدا خەلقارا سەھنىدە پۈت تىرەپ تۇرغىدەك ئاساس يارىتىپ بەردى (بۇ نوقتىدىن ئۇنى تارىخىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ شەخس دېسەكمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز). ئاشۇ بايراقنىڭ تىكلىنىشى ئۈچۈن سابىت داموللا شېھىد بولدى، ئون مىڭلىغان مۇجاھىد شېھىد بولدى. شېھىدلەرنىڭ جانلىرى، ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە كەلگەن بايراقنى، بىلىمى سابىت داموللىدىن يۈز گەز تۆۋەندە تۇرىدىغان چالا موللا؛ كۆرەشچى سۈپىتىدە جان بېرىش ئەمەس، تېخى چاشقاننىڭ بۇرنىنى قانىتىپ باقماي تامنىڭ ئارقىسىغا ئۆتىۋېلىپ ئادەم تىللاپ يۈرگەن بايقۇش قورقاقلارنىڭ ئۆزگەرتمەكچى بولۇشى شېھىدلەرنىڭ ئۆلمەس روھلىرىغا قىلىنغان ئاسىيلىق، كۆك باغرىدا خۇددى مەسچىد قۇببىلىرىدىكىدەك ھىلال ئاي چاقناپ تۇرغان مەنىلىك بايرىقىمىزغا قىلىنغان ئاھانەت ئەمەسمۇ؟ (ئۇلارنىڭ سابىت داموللىنىڭ شەنى ۋە قىلغان كۆرۈشى ھەققىدىكى ھاقارەتلىرى

توغرىسىدا باشقا مەخسۇس توختىلىشىمىز مۇمكىن، بۇ يەردە پەقەت ئۇلارنىڭ بىر جۈملە سۆزىنىلا كىتاپخانلىرىمىزنىڭ باھالىشىغا سۇنىمىز: «سابىت داموللا مۇجاھىدمۇ ـ ئەمەسمۇ، بىر نېمە دېمەك تەس، بۇنىڭغا ئىسلام ئالىملىرى بىر نەرسە دېگىنى يوق ...»). ئەگەر بۇ بايراقنى ئۆزگەرتىشكە زورۇرىيەت تۇغۇلغان تەقدىردىمۇ ئالدى بىلەن دۆلەت قۇرۇلۇشى، ئاندىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا كۆرە باشقىدىن بېكىتىلىشى بۇ — بىر ئەقەللى تەرتىپتۇر.

شۇ ئەقەللىي تەرتىپنى، ئاددى ساۋاتلارنى بىلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ كىبرى، لېدېرلىك تاماسى ۋە داۋاسىدا بولۇشلىرى ھەم ئادەمنىڭ كۆلكىسىنى كەلتۈرىدۇ، ھەم ئاچچىقىنى كەلتۈرىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى ئادەمنى بەكمۇ ئەنسىرىتىدۇ. چۈنكى 30 مىليون مۇسۇلمان ئەۋلادى ھالاكەت گىردابىدا تۇرىۋاتقان بىر زاماندا بۇنداق تەلۋىلەرنىڭ تەلۋىلىكى، مەست ئادەمدەك پىكىر قىلىشى نەتىجىسىدە ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ پۇرسەتلىرىمىزدىن مەھرۇم بولىشىمىز مۇمكىن! تارىختىكى ساۋاقلىرىمىز بىزگە شۇ خۇلاسىگە كېلىش ئىمكانىنى بېرىدۇ. تارىختا ئەنە شۇنداق ساختا بىلىمدانلار، ئىمانىنى كۆرۈنتىلەر ئارقىلىق ئۆلچەيدىغان، پىكرى تېيىز تەنتەكلەر ئۆزىنىڭ لەنەتگەردى شەخسى ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن دىنىنى، ۋەتەنىنى، مىللەتنى ساتىدىغان مۇناپىقلارنىڭ كاساپىتىدىن قانچە قېتىملىق كۆرەشلىرىمىز مەغلۇپ بولۇپ بۈگۈنكى قۇللۇققا قالغانمىز. بۇ ساۋاقلارنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز، لېدېرلىرىمىزنىڭ پىكىر قىلىشىدىكى مەنتىقچانلىق، تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇر ـ تېيىزلىكىگە، يىراقنى كۆرۈش تەجرىبىسىگە، سالماق ياكى تەنتەكلىكىگە، ئالدىمىزغا قويۇۋاتقان پىلان، پروگراممىلىرىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ياكى بىمەنىلىكىگە قاراپ باھا بېرەيلى ۋە شۇ باھاغا كۆرە توغرا يولنى،

ھەقىقى يولباشچىنى تاللايلى.

بىز يەتمەكچى بولغان غايە ئىنتايىن جاپالىق ۋە مۇرەككەپ جەريانلار ئارقىسىدا. ئۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ كىتاپ يازغاندەك ئاسان ئەمەس، مىلىتىق ئاتالىسىلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىشمۇ ئەمەس، ياخشى قىرائەت قىلىش ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت بىلەن پۈتىدىغان ئىشمۇ ئەمەس. قىسقىسى، پىكرى تېيىز، تەپەككۇرى ئاددى ئادەملەر خەلقنى يېتەكلەپ بۇ مەنزىلگە ئېلىپ بارالمايدۇ. چۈنكى كونىلاردا بىر تەمسىل بار: «مۈشۈكنى هارۋىغا قوشساڭ كاتىنىڭ ئاستىغا سۆرەيدۇ».

شاتۇتىدەك ياكى ئۈنئالغۇدەك قارىسىغا دوروپ سۆزلەشلىرى، قۇرئان ئوقۇشلىرى سىزنى ھەيران قالدۇرمىسۇن. شەيتانىنىڭ بىلىدىغىنىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى، ئاران ئىككى ئايەت بىلىدىغان ساھابىلەرمۇ بولغان. ئەينى چاغلاردا يەھۇدىلار ئىچىدىمۇ قۇرئاننى قالتىس ئوقۇيدىغانلار بار ئىدى. مەسىلەن: بۈگۈنكى كۈندە بىزدىمۇ ئۇنداقلار نۇرغۇن: ھارۇنخان ھاجىم، رۇستەم قارى قاتارلىقلارمۇ قۇرئان ئوقۇيالايدۇ، تەرجىمە قىلالايدۇغۇ؟ سىياسى كېڭەشتىن ياكى قانداقتۇر باشقا ئاللىقانداق بىر ئورۇندىن بېرىلگەن كېنىشكا بىر ئادەمنىڭ قارى، موللا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالىشى مۇمكىن، ئەمما دىنىنى بىلىدىغانلىقىنى، دىنىنى ھەقىقى چۈشىنىدىغان ۋە چۈشەندۈرەلەيدىغانلىقىنى، دىنىنى سۆيىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. چۈنكى ئېتىقاد قانداقتۇر دىپلوم، كېنىشكىلاردا ئەكس ئەتمەيدۇ، بەلكى قەلبدە ئەكس ئېتىدۇ. دېمەك، بىر ئادەمنىڭ قارى ـ موللىلىقى ئىمان ـ ئېتىقادىنىڭ ئۆلچىمى بولالمايدۇ! چۈنكى قۇرئان كەرىمدە شۇنداق دېيىلگەن: «بۇ (قاتتىق ئازاپ) **شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەق كىتاب** (تەۋرات) **نى نازىل قىلدى** (ئۇلار تەۋراتتىكى نەرسىلەرنى

يوشــۇردى ۋە ئۆزگەرتــۋەتتى). **كىتــاپ توغرىســـدا ئىخـــتىلاپ قىلىشقۇچىلار چوڭقۇر نىزاھتىدۇر»** (سۇرە «بەقەرە» 176 ـ ئايەت).

**«سىلەرنىڭ كۈن چىققان ياكى كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشىڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ، ...»** (سۇرە «بەقەرە» 177 ـ ئايەت).

مۇنۇ ھەدىسنىمۇ ئېسىمىزدە تۇتايلى:

ئەبۇ مۇسا (ر. ئە) رىۋايەت قىلىدۇ:

**«قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان ئادەم لىمونغا ئوخشايدۇ. لىمون دېگەن ھەم تەملىك ھەم خۇشبۇي بولىدۇ. قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان ئادەم خورمىغا ئوخشايدۇ، خورمىنىڭ ئۆزى تەملىك بولىدۇ، ئەمما خۇشبۇي ئەمەس. قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۇناپىق رەيھانگۈلگە ئوخشايدۇ، رەيھانىنىڭ ھىدى خۇشبۇي، ئەمما تەمى ئاچچىق. قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۇناپىق ھەنزەلگە ئوخشايدۇ. ھەنزەل دېگەن ئاچچىق بولىدۇ، بۇيىمۇ خۇشبۇي ئەمەس»** («بۇخارى»).

ئى، دىللاردا يوشۇرغان نىفاقنى ئاشكارىلىغۇچى ئاللاھ، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ، مۇناپىقلارنىڭ شۇم نىيەتلىرىنى بىزگە ئاشكارىلاپ بەر، ئامىن! بىز ئۈلارنىڭ سۇيىقەستىدىن غەپلەتتە قالمايلى، ئامىن! ئى، ئاللاھ، بىزنى بىر جان، بىر تەندەك ئىتتىپاقلاشتۇرغىن، ئامىن! مۇناپىقلار، نەپسانىيەتچى كاززاپلار بىزنىڭ سېپىمىزگە كىرەلمىسۇن، ئامىن! بىزگە ھوشيارلىق، زېرەكلىك ئاتا قىل، ئامىن! بىزنى ئاداققى مەخسەتلىرىمىزگە يەتكۈزگىن، ئامىن!

www.uyghurkitap.com

# «موللا بوزەك» ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ھەققىدە سۆھبەت باشلاپ قالسا ئاساسەن ئىككى ئاساسى تېما ئاستىدا سۆھبەتنى قانات يايدۇ.

بىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ «قالتىس»لىقىنى مەزمۇن قىلىدىغان غول لىنىيە بولۇپ، بۇ ئۆزىمىزنىڭ مۇھتىدىكى كىچىك ـ كىچىك «قالتىس»لىقتىن باشلىنىپ، ئاخىرى كۆز يەتكۈسىز ئۇزاقلارغا كېتىدۇ. مەھەللىمىزدىكى ئوقۇمىغان ھۈنەرۋەن مەتتۇداخۇننىڭ «قالتىس»لىقى ــ ئەپچىللىكى، قولىنىڭ گۈللىكى، ئەگەر ئوقۇپ قالغان بولسا نېمە بالالارنى قىلمايتتىكى، ئۇيغۇر دېگەن مانا شۇنداق، ئوقۇمىسىمۇ شۇنچە ئەقىللىق، شۇنچە بىلىمدان،... دېگەنلەردىن باشلىنىپ، ئاخىرى ئەنگلىيە خان جەمەتى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ئۇيغۇرمىش،... ئاقسارايىنىڭ باش ئاشپىزى ئۇيغۇركەن، ... ئىئوردانىيە پادىشاسىنىڭ كيوغلى ئۇيغۇركەن، ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا تەخت ۋارىسى ئاشۇ قىزى بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى چوڭكەن. خوتۇنىنىڭ پادىشا بولغىنى قانداق، ئەمەلىيەتتە ئىشنى ئېرى باشقۇرىدۇ، دېگەن گەپ ـ تە!... ھەتتا ئاخىرىغا خىيالى ھېكايىلەرمۇ ئارلىشىپ كېتىدۇ: گاگارىن ئايغا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا ئېشىكنى ھەيدەپ ئۇيغۇرلار يۈرەرمىش،...

شۇنداق قىلىپ بۇ ئۇيغۇرلار شۇنداق ئەقىللىق، جاسارەتلىك، كۈچلۈك بولۇپ چىقىدۇكى، ئۇنىڭ بوگۈنكى خارلىقى ئۇنتۇلۇپلا كېتىدۇ. ئەمما بۇ «قالتىس» تېمىسىدىكى «ئۇيغۇرلار» ھېكايىسىنىڭ نە رېئال ئەھمىيىتى، نە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى، نە سەلبىي دەرسلىك (ساۋاقلىق) رولى يوق. تازىمۇ كېرەكسىز ــ «كالا يۇڭى» ھېكايىلار بولغاچقا، بۇ ھەقتە توختۇلۇش ئارتۇقچە.

ئىككىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ «موللا بوزەك»لىكىنى مەزمۇن

قىلغان يەنە بىر غول لىنىيە بولۇپ، بۇ ھىكايىلەر بەك ھەسرەتلىك، بەك ئېچىنىشلىق، ئادەمنى بەك خىجىل قىلغۇدەك دەرىجىدە ئەيىپلىك؛ ئوساللىق، يارىماسلىقنىڭ نادىر ئۈلگىسى بولغان بىر تەرزدە بولسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا «ساۋاق» بولۇپ خىزمەت قىلالىشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن. شۇڭا، گەرچە بۇ تېمىدىكىسى بەك يېقىمسىز بولسىمۇ، بۇ ھەقتىكى سۆھبەتلەرنىڭ بىرىنى ئەينى ھالىتى — تەرتىپسىزلىكى، تاغدىن- باغدىن بولۇپ، ئاغزىغا نېمە كەلسە جۆيلۈۋېرىدىغان ئەسلى شەكلى بويىچە دەپتىرىمگە كۆچۈرۈپ قويىمەن:

— ئىلگىرى ئون تاغار ئاش ئالىدىغان دېھقان ھازىر تېخنىكلارنىڭ «ياردىمى»دە ئالتى تاغار ئاش ئالىدىغان بولدى. بۇ تېخنىك دېگەنلىرى ئۆمرىدە كەتمەن تۇتۇپ باقمىغان نېمىلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشى مەغلۇبىيەتلىك نەتىجە بەرسىمۇ ئۇنىڭ مائاشى كېمىيىپ كەتمەيدۇ، ئۇيغۇر دېگەن سورىقى يوق جانىۋار بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆلۈش - تىرىلىشى بىلەن كىمنىڭ كارى.

— ئۇيغۇر دېھقانىنىڭ ھوسۇلى ئازلاپ كەتسە تېخنىك مەسئۇل بولمايدۇ، ئەسلىدە بۇنداق ئىشلار قايتا - قايتا سىناقلاردىن كېيىن يولغا قويۇلۇشى، زىيىنىغا مەسئۇل بولۇشى ئەقەللىي تەرتىپ، ئەمما، «داۋاگەر سۇس كەلسە قازى مۇتەھەم بوپتۇ» دېگەندەك، ئۇيغۇرلارنىڭ داۋا قىلغۇدەك ھالى بولمىغاندىن كېيىن كىم ئۆزىچە ئىگە بولۇپ زىياننى تۆلەپ بېرەي دەيتتى؟

— بۇ پىلانلىق نامراتلاشتۇرۇش، تېخنىكلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇددىئاسىغا ئۇيغۇن ئىشنى قىلىۋاتسا، كىم ئۇلارنى جاۋابكارلىققا تارتاتتى؟

— ئىلگىرىدىن تارتىپ ئېقىپ كېلىۋاتقان، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىنىڭ بىرمۇنچىسى شەھەرگە

www.uyghurkitap.com

باغلاندى. قالغان قاتقىنى خىتاينىڭ بىڭتۈەنلىرىگە، مەيدانلىرىغا باغلاندى. ھۆكۈمەت دېھقانلارغا «غەمخورلۇق» قىلىپ، قۇدۇقلارنى قېزىپ بەردى، ئەمدى سۇ پۇلى ئۈستىگە توك پۇلى قوشۇلدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى يەر ئاستى سۈيى كۆل نۇرىدا تاۋلانغان ئۆستەڭ سۈيىدەك پايدىلىق بولمىغاچقا يەرنى بەزلەشتۈرۈپ، ھوسۇلنىڭ كېمىيىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ ...

ــ تېخى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش دەيدىغىنى بار، بۇ تېخىنىكىلارنىڭ، ...

ــ بىكارغا ئىشلەيدىغان ئالۋاڭلارنى دېمەن، قىشتا بىكار تۇرۇپ قالمىسۇن دەپ، يولغا شېغىل تۆكۈدىغان ئىشنى تاپقان، پۇل تاپقىلى پۇرسەتمۇ بېرىشمەيدۇ. مەدىكار ئىشلىگىلى كەتكەنلەر قايتىپ كەلسە پالانى ئۆستەڭ ھاشاسىغا قاتناشمىغانلىقىڭ ئۈچۈن مۇنچە پۇل، پوكونى يول ھاشاسىدا بولمىغىنىڭ ئۈچۈن مۇنچە پۇل،... دەپ تاپقان پۇلنى ئېلىپ بولۇدۇ. قىلغان ئىشى بىكار بولۇپ چىقىدۇ...

ــ بەزىلەر يەرنىڭ دەردى تۈلا ھوسۇلى ئاز، قەرزدار قىلىۋېتىدىكەن دەپ، يەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، مەدىكارچىلىققا چىقىۋالغان، ئەمدى ئۇلارغا ئولتۇرغان ئۆيۈڭنىڭ ئورنى، باغلىق يېرىڭ يەنىلا كەنتىمىزگە تەۋە بولغانىدىكىن يەنىلا ھاشار ۋەزىپەڭنى ئورۇندىشىڭ كېرەك، سېلىق، باج- خىراجلارنى تاپشۇرۇشۇڭ كېرەك دېگەن سىياسەت چىقىرىپتۇ.

ــ ھە، ئەمدى شۇ «قىممەتلىك تەجرىبە»نى يەكۈنلەپ، «بۇ ياخشى چارىكەن، يەر دۆلەتنىڭ، سۇ دۆلەتنىڭ تۇرسا، باشقىلار نېمىشكە ئولتۇرغان ئۆيلىرىگە ئىجارە تۆلىمەيدىكەن، ئىلگىرىكى زامانلاردا پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان، ھەم كېيىنرەك زامانلاردىمۇ خاتا سىياسەتلەر تۈپەيلى، يەردىن خاتا، رەسمىيەتسىز، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن پايدىلىنىدىغان، دۆلەتكە تېگىشلىك

رەسمىيەت ھەققى تۆلىمەيلا ئۆيلەر سېلىنىپ، ئولتۇرىدىغان خاتا ئىشلار داۋام قىلىپ كەلگەن، بۇنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك!»
دېگەن يۇقۇرىنىڭ رەسمى سىياسىتى چىقىپ، مانا ئەمدى ئاتا ـ بوۋاڭدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان ئۆيلۈك ئۈچۈن يا ئىجارە تۆلەپ ئولتۇرۇدىغان ياكى پۈتۈنلەي سېتىۋالىمەن دېسەڭ ھەر چاسا مېتىرى ئۈچۈن پالان پۇلدىن تۆلەپ، سېتىۋېلىپ ئولتۇرىدىغان ئىش چىقتى.
— بەللى، مانا ئەمدى قالتىس بوپتۇ، يەرنى پويىزدا خىتايدىن ئەكەلگەندەكىن شۇنداق قىلىش كېرەكدى!
— موللا بوزەك ئۇيغۇرلار شۇنىڭغىمۇ ئۆكتە قوپالماي، كۆنىدىغۇ ـ ھەقىچان!؟
— ئەمىسە!
— پىلانلىق تۇغۇت دېگىنى بىر بالا بولدى، بىر بالا!
— پىلانلىق تۇغۇت دەيدىغان ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئۇيغۇرلارغا ھەيرانمەن، تەبىئىتى قانداق چىدايدىغاندۇ؟ نەقلا جاللات، نەقلا بۇلاڭچىنىڭ ئۆزىلىكەنغۇ؟ ئاشۇ تۆرتتال مائاشىنى دەپ ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىنى قاڭغىر قاخشىتىش دېگەن تولىمۇ ...
— جەرىمانىغا پۇلۇم يوق دېگەنلەرگە قىلىدىغان قىلىقىنى كۆرسەڭ، ئۆيىدە ئېشىكى بارمۇ، قويى بارمۇ، كېگىز ـ كېچىكى بارمۇ، ... قولىغا چىققاننى تارتىپ ئېلىپ ماڭىدىغان گەپ. بۇ مەنزىرە خۇددى خىتايلارنىڭ كىنولىرىدا دۈشمەن قوشۇنلىرى باسقىن قىلغاندا پۇخرانىڭ ئۆيلىرىدىن قولىغا چىققاننى بۇلاپ ئېلىپ ماڭغىنىغىلا ئوخشايدۇ.
— بىرسى ھامىلدار خوتۇنىنى يوشۇرۇپ تاكى تۇغۇدىغان سائەتلىرىگىچە تۇيدۇرمىغانىكەن، قېرىشقاندەك، تۇغۇتى قېيىن كېلىپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا مەجبۇر بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن

پىلانلىق توغۇت كادىرلىرى يۇپۇرۇلۇپ دوختۇرغا بىللىلا بارغان گەپ! «بۇ بالا پىلاندىن سىرت، تۇغۇشقا بولمايدۇ» دەپ دوختۇرلارغا ھالاقەت بېرىپ يۈرگىدەك،... مەخسىدى، بالىنى ئوكۇل بىلەن ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىش ئىكەن ـ دە! شۇنداق قىلىپ بۇ بالا توغۇلۇپتۇ، بالىنى ئۆيدىكىلەر بىر بالالار قىلىپ دوختۇرخانىدىن ئېلىپ قېچىپ چىقىپتۇ. يېڭىلا توغۇلغان بوۋاقنى ئانىسىدىن ئايرىپ بېقىپ بولالامتىمۇ؟ ئانىسى تېخى دوختۇرخانىدا ـ دە، ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىسىمۇ، ئەيتاۋۇر بالا ئۆلۈپتۇ. بۇ خاپىلىق يەتمەي، پىلانلىق تۇغۇتچىلار دەرۋازىدىن كەتمەي غەلۋە قىلىپ، جېرىمانىنى سۈيلەۋەرگەن گەپ، «قايسى بالىغا تۆلەيمەن؟ بالا ئۆلۈپ بولمىدىمۇ!؟» ياق، ياق،... زادىلا ئۇناشمىغان! «ئىشقىلىپ سەن پارتىيىنىڭ سىياستى بىلەن قارشىلىشىپ، ئارتۇق بالا تاپتىڭ، ۋاختىدا ئالدۇرىۋەتمىدىڭ!»... مانا شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى ھېلىقى بىچارىنىڭ ئىككى ـ ئۈچ قويى بارىدى، شۇلارنى سۆرەشتۈرۈپ يۈرۈپ، ساتتۇرۇپ، ئالدىغىنىنى ئالدى. تېخى دەيدۇ: «سېنى قامتىۋەتمىگىنىمىزگە شۈكرى دە، سېنىڭ قىلمىشىڭنى ماتېريال قىلىپ يوللايدىغان بولساق گەپ يوق بەش يىللىق كېتىسەن».

— مۇشۇلارنى قىلىۋاتقانلار ئۇيغۇرغۇ، ھەقچان؟

— ئەمىسە! خىتاي مۇشۇنداق سەھرامۇ ـ سەھرا يۈرۈپ، خەقنىڭ ئېشكىنى تارتىپ يۈرگىلى ساراڭمۇ؟

— قانداق بىر مىللەت بۇ، ھەي! قانداق تەبىئەت بۇ؟ بۇنداق جاندىن تويدۇم، ئالە جانىمۇ! دەيدىغان بىرەر ئەركەك چىقمايدىغۇ، تايىنلىق؟

— مەسىلەن سەن شۇنداق دەلەرمىدىڭ؟ ھەممىمىز ئۇيغۇرمىزغۇ، تايىنىمىز ئۆزىمىزگە مەلۇم.

— ئۇيغۇرنىڭ لېيىغا شېكەرنى كۆپرەك قوشuۋەتكەنمىكىن،

جېنى بەكلا تاتلىقتۇ بۇ خەقنىڭ، شۇنچىلا ھاقارەتلەرگە چىداۋېرىدۇ!

—مېنىڭ قوشنامنىڭ ئىككى بالىسى«ئارتۇق» ئىدى، ھەر دايىم پىلانلىق توغۇتچىلار تەكشۈرۈپ كېلىشۋېتىپتۇ دېسە بىچارە باللار ئاتا ـ ئانىسى بولسۇن ـ بولمىسۇن، ئۆزلىرىنى يوشۇرۇشقا ئادەتلىنىپ كېتىپتۇ. چوڭراقلىرى كىچىكلىرىنى كۆتۈرۈپ، ماڭغىدەكلىرىنى يېتىلەپ، ئېغىلمۇ ـ ئېغىل، سامانلىقمۇ ـ سامانلىق مۆكۈشۈپ يۈرىدۇ. بىچارىلار شۇنچىلىك ۋەھىمە قىلىدىغان بوپتۇكى، قۇچاقتىكىلىرىمۇ ئاۋازىنى چىقارمايدىغان، يۆتەلگىسى كەلسە ئاغزىنى چىڭ تۇتۇۋالىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ ...

— بىرمۇ خىتاي بولمىغان يېزىلاردا كىمنىڭ خوتۇنى ھامىلدار دېگەنلەرنى خىتاينىڭ بىلىپ ئولتۇرۇشى دېگەن ئۆزىمىزنىڭ مەرەزلىكىمىزدىنلا بولۇۋاتقان ئىش ـ تە! مۇناپىق، جاسۇسلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكىنىنىڭ مەلىڭغۇ ـ بۇ!

— بۇ ئىشلارغا جاسۇس كەتمەيدۇ، دەيمەن. خىتاي بۇنداق ئىشلارغا مائاش بېرىپ، پايلاقچى سېلىپ ئولتۇراتتىمۇ؟ ئۇنچىلىك «خىزمەت»نى ئۆزىمىزمۇ «خالىس» ئورۇنداپ قويۇدىكەنمىز. مەسىلەن: سەمەتنىڭ ئايالى ھامىلدارلىقى بىلەن بايقىلىپ قېلىپ، جېرىمانە تۆلەشكە مەجبۇر بولغاندىكىنلا زىيانىنىڭ ئاچچىقىغا چىدىماي چالۋاقايدۇ: «ھۇ، بېشىنى يەيدىغان، جۇۋاينىمەكلەر! بىر ئىش بولسا مېنىلا كۆزلۈك كۆرۈشەمدۇ؟ مەندىن باشقا ھېچكىم يوقتەك! ئاۋۇ ئاسىم ئالغايىنىڭ، سەلىمە قاڭرۇقنىڭ،... بوغاز پاقىدەك لوپۇلداپ يۈرگىنىنى كۆزلۈك كۆرۈشمىدىما؟ ئۇلار بىرنىمە بېرىپ نەپسىڭلارنى پوقلىۋەتكەنمۇ ـ يا؟...». مانا شۇنىڭ بىلەنلا چۇۋۇلۇپ كېتىدۇ، دېگەن گەپ.

— قىزىق خەلق ـ تە! زىيانىنىڭ ئاچچىقىنى ئۆزىنىڭ قوشنىسىدىن ئالىدىغان گەپمىكەن؟ بۇ بالانىڭ بېشى نەدىن

www.uyghurkitap.com

دېگەننى ئويلىغۇچىلىكى بولمىغاندىكىن...

— يىل بېشىدا كادىرلار يوقۇرىغا پىلان يوللىشىمىز كېرەك، پىلان بېرىڭلار دەپ كېلىشىدۇ: «ھە، مەتتوختى، سەن پىلانىڭنى دەپ باقە بۇيىل يۇقۇرىغا قانچىلىك ئاشلىق، قانچىلىك پاختا تاپشۇرىسەن؟» «بۇ يىلقى ئەھۋال بۇلتۇرقىدىن سەل ماندىراق تۇرىدۇ، ئۆزلىرىگە مەلۇم، ئەمدى،... ئەمدى، ... سەل ئۇزىراق خەتلەپ قويالا ...» . «نېمە دەۋاتىسەنۇي؟ سوتسىيالىستىك جەمىيەتتە ياشاۋاتقىنىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭما! سوتسىيالىزىمدا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چېكىنىش يوق! جان كېرەك بولسا زوۋانىڭنى يىغ!» «ئەمما ئەھۋال شۇنداق تۇرسا،... ئۆزلىرى بىلىلا...». «ئەتىرتىمىزنىڭ يۈزىنى تۆكۈدىغان ئۇنداق گەپنى قوياپ، ماندىاق قىلىلى: مەن بۇلتۇرقىدىن سەل ئاشۇرۇپراق يېزىپ قوياۋېرەي، كېيىن يەنە بىر بولغاندىكىن ئەھۋالغا قاراپ بىر نېمە دېمەمدۇق. خەۋىرىڭ بار، يوقۇرىغا يوللايدىغان سانىنى بۇلتۇرقىدىن مانچە پىرسەن ئاشتى، دەيدىغانىراق قىلىپ يوللىمىسا بولمايدۇ». مانا شۇنداق قىلىپ ساددا دېھقان ماقۇل بولىدۇ. ئەمما بالاغا قالغانلىقىنى كۈزدە بىلىدۇ. ۋەزىپەڭنى ئورۇندىيالمىدىڭ دەپ ئۇنى راسا قىينايدۇ: ئۆيلىرىنى ئاختۇرىدۇ، سۇپىلىرىنىڭ ئاستىنى قازىدۇ. ھەقىقەتەن ھوسۇلنىڭ كەملەپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق بىلسىمۇ (ھېلىقىدەك «دېھقانچىلىق تېخنىكلىرى»نىڭ ياردىمى بىلەن ھوسۇل ئەلۋەتتە كەملەيدۇ- دە!)، ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا قىستاۋېرىدۇ، بىر نەرسىلىرىنى ساتتۇرىدۇ، ئاندىن بازاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىپ، ۋەزىپىنىڭ كېمىنى تولۇقلايدۇ!

— ۋاي ئىسىت، بىچارە ئۇيغۇر! يەنە شۇ ھالىدىمۇ «تويدۇم، شۇنداق جاندىن!» دەيدىغان ئەركەك چىقمايدىغۇ... چۈنكى دېيىشكىنىمىزدەك ئۇيغۇرنىڭ لېيىغا شېكەر جىقىراق ئارىلاشتۇرۇلغان!

— پاختىچۇ؟ ئۇنىڭ ۋەزىپىسى قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭغا يوتقانىنى سۆكىدۇ! ئەگەر شۇ يىلى يېڭىدىن بىرەر يوتقان ياكى چوڭراق تون تىككەن بولساڭ ئىشىڭ تەس! پاختىنى ئوغۇرلىغان بولۇسەن، بۇينۇڭغا ئېسىپ سازايى قىلىشىدۇ!

— مەكتەپنىڭ ئالۋىڭىنى دېمەيسەن تېخى! دىۋاننىڭ ئۆزىلا. ھەركۇنىلا بار بىر بالا! خىتايدا بىرەر ئاپەت بولسا كىشى بېشىغا «ئىئانە» ئالۋىڭى كەلگەندە مەكتەپمۇ ئۆزلىرىگە چۈشكەن ۋەزىپىنى بالىلارغا تەخسىملەيدۇ. ھەتتا يەسلى بالىلىرىغىمۇ بۇ ئالۋاڭ كېلەركەن! ھەممىدىن چاتاق يېرى بۇ ئالۋاڭنىڭ سىياسى تۈسى ناھايىتى قويۇق، بەك نازۇك ئالۋاڭ بۇ. بۇنىڭدا مەيدان مەسىلىسى، دۇنيا قاراش مەسىلىسى مەۋجۇت دەپ تۇرۇۋالىدۇ! بۇ «ئىئانە»گە باھانە - سەۋەپ كۆرسەتكەنلەر ئەكسىلئىنقىلاپچى دەپ قارىلىدىغانلىقى ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇلغاچقا، قورقۇنچلۇقتا ئەڭ كەمبەغەل ئادەممۇ ئۆيىدىكى بىرەر نەرسىسىنى سېتىپ بولسىمۇ بۇ خاپىلىقتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىدۇ.

—مۇشۇ قېتىمقىسىدىن قۇتۇلسىلا ھەممە بالا تۈگەيدىغاندەك ئويلىشىدۇ- دە، بىچارىلار! بۇ خىتاي دېگەننىڭ بېشى ئېسەن بولسا بۇنداق ئالۋاڭنىڭ يېڭى- يېڭىسىنى ئويلاپ تېپىۋېرىدىغانلىقىنى چۈشەنمەمدىغاندۇ؟

—«پالتا چۈشكىچە كۆتەك ئارام ئاپتۇ» دېگەنچىلىك ئاراملارغىمۇ گول بولىدىغان، يىراقنى، كەلگۈسىنى ئويلاش ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمەس بولۇپ كەتكەن خەقكەنمىز ئەمەسمۇ! بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىدىكى خاپىلىقتىن بىر دەملىككە قۇتۇلۇپ تۇرساق، كېيىن يەنە بىر گەپ بولار دەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان گەپ - تە!

— خىتايدا بىر خىتاي دېھقىنىنىڭ ئېتىزىغا ھۆكۈمەتنىڭ سىمياغىچى توغرى كەپ قالسا ھەر يىلى مۇئەييەن تۆلەم ھەققى

ئالىدىكەن. ئەمما بۇ يەردە پات ـ پات يول كەلدى، ئۆستەڭ كەلدى، دەپ پۇخرانىڭ ئۆيلىرى چېقىلىپ تۇردۇ، ئەمما ھېچنېمە تۆلەنمەيدۇ.

ــ مەسىلەن: شەھەرلەردىن ئۇيغۇرلارنى سەھراغا قوغلىماقچى (تارقاقلاشتۇرماقچى) بولۇپ قالسا توغرىدىن. توغرا شەھەرنى بىكار قىل، دېمەستىن، شۇ مەھەللىگە بىر يول ئالىدۇ، ئۆيلىرى چېقىپ تاشلانغان بىچارىلەرگە كۆچۈرمەكچى بولغان ئورۇندىن «جايلىق يەر كېسىپ» بېرىدۇ. زىيان ئۆزىگە، چېقىش، سېلىش ئەمگىكى ئۆزىدىن بولۇپ خىتايغا كېرەكلىك يەرنى بىكار قىلىپ بېرىدىغان گەپ!

ــ شۇ ئەھۋالدىمۇ تويلۇشۇپ نامايىش قىلايلى دېمەيدۇ ـ دە!

ــ چۈنكى ئۇيغۇر ـ دە، چىدايدۇ!

ــ يېقىندا بىر پەتىۋا چىقىپتۇ، ئەگەر قاتناش ۋەقەسىدە ئادەم ئۆلسە تۆلەم نەرقى مۇنداق ئىكەن: خىتاي ئۆلسە 50 مىڭ، باشقا ئازسانلىق مىللەت بولسا 40 مىڭ، ئۇيغۇر ئۆلسە 30 مىڭ،...

ــ نەرقىمىزمۇ چىقىپ بوپتۇ، ...

ــ بىزنىڭ قىممىتىمىز نېمە قىلسۇن، دوختۇرخانىلاردا ئەگەر تۇزۇكرەك تونۇشۇڭ بولمىسا، سېنى تەجرىبىگە ئىشلىتىۋېتىدۇ. بىرسى بالىسىنى تىببىي ئىنىستىتۇت دوختۇرخانىسىغا ئاپارغانىكەن، بالىنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشكەن بولۇپ، ئەسلىدە بۇنى كىچىك تۆشۈك ئېچىپ، نەيچە ئارقىلىق شۈمۈرۈۋالسىلا بولۇدىكەن، بىراق بىر سىنىپ خىتايلارغا تەجرىبە كۆرسۈتۈدىغانغا توغرا كەپ قېلىپ، بۇ بالىنىڭ بېشىنى چوڭ يېرىپ تەجرىبە قىلغانىكەن، نەتىجىدە بالا ئۆلۈپ كەتكەن. بالىنىڭ ئىگىلىرى بالىنى ئېلىپ كېتەيلى دېسە دوختۇرخانا مۇردىنى بەرمەپتۇ. «تاپشۇرغان پۇلۇڭ يېتىشمەيدۇ، 1200 سوم قەرزسەن، شۇ پۇلنى تۆلەپ ئاندىن ئېلىپ كەت، ئۈچ كۈن ئىچىدە پۇلنى تاپشۇرمىساڭ



www.uyghurkitap.com

بالاڭنىڭ جەسەدى تەجرىبىگە ئىشلىتىشكە ئېلىپ قېلىنىدۇ» دەپتۇ. «موردىنى تاشلاپ يۈرتقا نىمە دەپ بارىمەن، مەن سىلەرگە كېپىل بولۇدىغان ئادەم كۆرسۈتەي، بالامنى يەرلىكىدە قويۇۋېلىپ، ئاندىن ئەكىلىپ بېرەي» دېسە زادىلا ئۇنىماپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىچارە بالىسىنىڭ ئۆلۈكىنى تاشلاپ ئۆيىگە بىرىپ پۇل ئەكىلىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

—خىتايلار يېڭىدىن بىرەر دورا ئىشلىگەن بولسا ئاۋال ئۇيغۇرلار ئۈستىدە سىناق قىلىدىكەن، مۇشۇنداق سىناقلاردىمۇ نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كېتىدىكەن.

—تىببى سىناقلار ئادەتتە ئاق چاشقان ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، دەيتتى، ئۇيغۇرلار خىتاي ئۈچۈن ئاق چاشقان بوپتۇ ـ دە!

—مۇنداق بىر يېڭىلىقنى كۆردۈم: بۇيىل بالام ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان ئىدى، قوبۇل قىلىش ئالدىدا بىر يېڭى پەتىۋاغا دۈچ كەلدىم. «بالام بۆلگۈنچىلىك بىلەن شوغۇللانمايدۇ، بالامدىن چاتاق چىقسا مەن مەسئول» دەپ قول قويۇپ بېرىش كېرەككەن. ئەگەر قول قويمىسا قوبۇل قىلمايدىكەن!

—ئوقۇشىنىڭمۇ پەكرى ئۈچتى! بۇ يىل رايونىمىزدىن ئالى ۋە تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچى 28 مىڭ بولۇپ، بۇنىڭ 25 مىڭى خىتاي، ئۈچمىڭى باشقا ئازسانلىق مىللەت بولۇدىغانلىقىنى ئېلان قىپتۇ. تۈگىمىدىمۇ، يەنە نىمە ئۈمىد، نىمە تامايىڭ قالدى! كېرىكىڭ يوق! ئەمدى ئۆلۈۋالساڭ بولۇدۇ، دېگەن گەپقۇ ـ بۇ!

—ئۆلىۋېلىشقىمۇ خېلى ئىش بار، ئۇمۇ ئانچە ئاسان بولمىسا كېرەك. هازىر هەر يەردە «زوراۋانلىقتىن قوغدۇنۇش ئەترىتى» دەيدىغان بىر نىمە بار، بۇنى مەخسۇس ئۇيغۇرلارنى دۇمبالايدىغان ئورگان دىيىشكە بولىدۇ. بۇ ئورۇن ئەڭ ۋەھشى مىللەتچى خىتايلاردىن ۋە بۇرنى تۈرۈپمۇ پوق يەيدىغان مۇناپىقلاردىن

تەركىپ تاپقان. ئۇلار قاتناش، بازار تەرتىۋى، ...خاھلىسا بارچىگە ئارىلىشىدۇ. قولى قىچىشسا كېتىۋاتقان ھەر قانداق ئۇيغۇرنى تۇتۇپ ئەكىرىپ ئۇرۇدۇ، باغلاپ قويۇپ قىينايدۇ، زېرىككەندە قويۇۋېتىدۇ. بىرسىنى شۇنداق قىلغان، ئۇ بۇلار مېنى گۇمان بىلەن خاتا تۇتتى دەپ ئويلاپ، ۋارقىراپ- جارقىراپ ئۆزىنى ئاقلىغان ۋە بۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن كۆرگۈلۈكلۈكلارنى كۆرسۇتىمەن، دېگەن. بۇ بىر گۇمانلىق سۆز بولۇپ تۇيۇلۇپ، سەن زادى نىمە قىلماقچى؟ قانداق قىلماقچى؟ كىملەر بىلەن قىلماقچى؟... دېگەندەك سۇئال - سوراقىقا قالغان. قاتتىق قىيناپ، ئۇنى ئىقرار قىلدۇرماقچى بولۇشقان. ئاخىرى ئۇنىڭ «يوقۇرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلى»گە ئەرز قىلماقچى بولغانلىقى ئاڭلىشىلىپ قويۇۋېتىشكەن. ئۇ تالاغا چىقىپلا ئەرز قىلىپ سەنلەرنى ئاق قىلىمەن، كۆك قىلىمەن، دەپ چالۋاقىغان، ...

—ئۇ ھاماقەتنىڭ كاللىسىدا پارتىيە توغرا قىلىدۇ، پارتىيە خەلق تەرەپتە، پارتىيە ناھەقچىلىككە يول قويمايدۇ، دېگەن بالىلارچە چۈشەنچە مەۋجۇت - دە،...

— ئۇ ھاماقەتتىلا ئەمەس، ھەرقانداق ئۇيغۇردا شۇ.

—پارتىيە كىم؟ مېنى ئۇرغانلار كىم؟ دېگەننى تېخىچە چۈشەنمەي، ئىككىسىنى باشقا- باشقا دەپ ئويلاپ يۇرگەن ئادەملەر ئاز ئەمەس.

—شۇنداق قىلىپ زوراۋانلارئۇنى ئىشىك ئالدىدىن قايتا باشتىن تۇتۇپ كىرىپتۇ. «ھە ئەرز قىلامسەن؟ كىمگەئەرز قىلىسەن؟ نېمە دەپ ئەرز قىلىسەن؟ ئەرزىڭنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىسۇن، بىراقلا يوغانراق ئەرز قىل!» دەپ ھارغىچە دۇمبالاپتۇ. ئاندىن پەلەمپەيىنىڭ سالاسۇنىغا چېتىپ كويزا سەپ قويۇپتۇ. بىر كېچە شۇ يەردە يا ياتالماي، يا تۇرالماي مومىسىنى كۆرۈپتۇ. ئەتىسى «ھە، قانداقراق؟ ئەرز قىلىدىغان گەپلىرىڭنى ئوبدان

ئويلىنىۋاتىمەن؟» دەپ ئويلىدىم بىر قەپەز دۇمباللاپ ئۈچ پۇشقىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، جىرىمانە تۆلەپ چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ، دەپتۇ. نېمە قىلغانغا جىرىمانە تۆلەيمەن؟ دەپتىكەن، ھە، ئالدىرىمايدىغان بولساڭ مەيلى يېتىۋەر. دەپ ئۇنى يېڭىۋاشتىن باغلىغىلى تۇرۇپتىكەن، بىچارە ئاخىرى بولالماي «تۆلەي غوجام، تۆلەي، گۇناھىمنى بىلمەپتىكەنمەن» دەپتۇ. ئىچىدە بولسا: ئۇيغۇر بولغىنىمنىڭ ئۆزى گۇناھ ئىكەن ئەمەسمۇ؟ دەپ جىرىمانىنى تۆلەپ ئاران قۇتۇلۇپتۇ.

—زوراۋانلاردىن ئىككىسى بىر تاكسىغا چىقىپتۇ. تاكسىچى ئۇيغۇركەن. «نەگە؟» دەپ سوراپتىكەن، «ئۇدۇلۇڭغا ھەيدەۋەر!» دېيىشىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ... شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ. «زادى نەگە بارماقچىسىلەر؟» دەپ سوراپتىكەن، زوراۋانلار ئۇنىڭغا تاپانچا تەڭلەپتۇ، «ھەيدە!» دەپتۇ. تاكسىچى چاقماق تېزلىكىدە ھەممە تەرىپىنى ئويلاپ ئۈلگۈرۈپتۇ. بۇ ئادەمسىز جايدا خىتايلار ئۇنى ئېتىۋېتىپ، ماشىنىنى سېتىۋېتىشى تامامەن مۇمكىن. ھېچكىم خىتايدىن قاتىللىقتا گۇمان قىلمايدۇ، تۇققانلار داۋا قىلغان تەقدىردىمۇ ئاڭلايدىغان ئادەم چىقماي، ئاخىرى زېرىكىدۇ، پەقەتلا ئۆلۈم، يول بىرلا! شۇھالدا تاكسىچى قارامىلىق بىلەن تاپانچىغا ئېسىلىپتۇ. بىرتال ئوق ئېتىلىپمۇ كېتىپتۇ. ئېلىشا ـ ئېلىشا تاپانچىنى تارتىۋاپتۇ. چۈنكى خىتاي دىگەن چاشقاندەك جېنى بار بىرنېمىلەرغۇ، تاپانچىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ئۇ خىتايلارنى «ھۆكۈمەت»كە ئەكىلىپ تاپشۇرۇپتۇ. ئۇ قالتىس ئىش قىلدىم، زوراۋانلارنى ئۆزەم تۇتۇپ، پارتىيىگە تاپشۇردۇم دەپ ئويلاپتىكەن، كىم بىلسۇن، ئۆزى بالاغا قاپتۇ. ھېلىقىلار دەل «زوراۋانلار ئەترىدى»نىڭ ئادەملىرى ئىكەن. ئۇلار تاكسىچىغا بوھتان قىپتۇ، قائىدە بويىچە ھېچكىم ئۇيغۇرنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيدىغان بولغاندىكىن، تاكسىچى قاماققا ئېلىنىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن ھەتتا ناھايىتى چوڭ شايكىنىڭ ئادىمى دەپ گۇمان قىلىپ، ئۆرۈپ- قىيناپ سوراق قىلىش جەريانىدا مەجرۇھ قىلىپ تاشلاپتۇ.

—ھەي ي، ئۇ بىچارىمۇ پارتىيە ئادىل، دېگەن ئەقىدىدە قايمۇقۇپ يۈرگەن- دە! خەپ، شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلاپ، «تۆگە كۆردۈڭمۇ، يوق!» قىلىۋېتىدىغان ئىش ئىكەندۇق!

—سەن بولساڭ شۇنداق قىلالارمىدىڭ؟ پوچىلىق قىلما، ھەممىمىز ئۇيغۇرغۇ، بىر- بىرىمىزنى ئوبدان بىلىمىز!

—...

—بۇنداق گەپلەرنى قىلساڭ- قىلساڭ تۈگىمەيدىغۇ؟ يۈرەك زىدە بولىدۇ، نېمە پايدىسى؟

—كۈندىن- كۈنگە تىجارەتنىڭمۇ بەركىتى قاچتى. خىتايلارنىڭ توپ تارقىتىش بازارلىرىنى بارغانسىرى تۆۋەنگە كېڭەيتىشى بىلەن يا تىجارىتىمىز ئاقمىسا، دېھقانچىلىقىمىزنىڭ ئەھۋالى ھېلىقىدەك تۇرسا، ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇرلاشقۇ بۇ؟

—تىجارەتنىڭ ئوخشاپ كەتكىنىگە تېخى ئالۋىڭنىڭ تولىلىقچۇ! باج دېگەن، ئارقىدىن تولۇقلىما باج دېگەن، «ئىئانە»، تازىلىق ھەققى، ساقچى ھەققى (ئەمما دۇكىنىڭىز ئوغرىلانسا ئۇلار مەسئۇل بولمايدۇ، قۇلۇپنىڭ ياخشىسىنى سېلىشىڭ كېرەكىدى، دەپ ئۆزەڭنى ئەيىپلەيدۇ)، مانا شۇنداق سېلىقلار يىلسېرى كۆپىيىپ، دۇكان ئۆزىنىڭ دەردىنى تۆرتالمايدىغان ھالغا كەلدى. بۇ بازارلارنىمۇ خىتايلار ئىگەللەشكە باشلىدى، ئاۋال بازارلاردا كۆكتاتچى خىتايلار پەيدا بولغان، بارغانسىرى ھەممە تۈر بويىچە دۇكاندارلار كۆپىيىپ، ئۇيغۇرلار سىقىپ چىقىرىلىۋاتىدۇ. ئۈرۈمچىدە قاسساپلىق، ھەتتا ناۋايلىق خىتايلارنىڭ قولىغا ئۆتكىلى تۇرۇپتۇ!

—گۆشنىڭ كۆپىنى، پولونى، كاۋاپنى خىتايلار يەيدىغان بولدى، ئۇيغۇرلار «سېرىقئاش» يەيدىغان بولدى، روللىرىنى تېگىشتى. شۇڭا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ خىتاي بىلەن يۈرۈشى كۈنسېرى كۆپۈيىۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇلاردا پۇل دېسە بار، ...

—گۆش- پۆشىنىمۇ شۇلار يىگەندىكىن پاچاقنىڭمۇ جېنى بار دېگىنە! «سېرىق ئاش» يېگەن بىچارىلەر خوتۇنىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغاندىكىن، شۇ ...

—ئەمدى قالغان- قاتقىنىنى خىتايغا ئەكىتىۋاتىدۇ. «مېھمانخانىلار»دا «مېھمان كۈتەر» مىش!

—كوچا بويلىرىدا ھارۋىدا سۆرەپ يۈرۈپ نەرسە ساتىدىغان، يايما ئاچىدىغانلار «بازار باشقۇرۇش»نىڭ زۇلۇمىدىن جىگىرى خۇن بوپ كېتىۋاتقان، ھەي! ... ئەمما خىتايلارغا سوت يوق.

—خىتايغا مال- پالغا بارساڭ ياتاق بەرمەيۋاتقان. رەسمى ئۇختۇرۇش باركەن ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئۇيغۇرغا ياتاق بەرگەنلىكى كېچىلىك تەكشۈرۈشلەردە بايقىلىپ قالسا جېرىمانە ئالىدىكەن!

—توقسۇ ناھىيىسىنىڭ چوڭ يۇلتۇز يېزىسىنىڭ «مۇستەقىللىق ئېلان قىلغانلىقى»غا دائىر بىر ھېكايە بار، ئاڭلىغانمىدىڭلار؟ دەل شۇ خىتايدا ئۇيغۇرغا ياتاق بەرمەسلىككە ئالاقىدار. ۋەقە مۇنداق بولغان: چوڭ يۇلتۇز يېزىسىنىڭ يېزا باشلىقى خىزمەت بىلەن خىتاينىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرىگە بارغانىكەن، ناھىيىدىن قوشۇلۇپ بارغان خىتايلارمۇ باركەن، ئۇ يەردە ئۇيغۇرلارغا ياتاق بەرمەپتۇ. خىتاي ھەمراھلىرى گۇۋاھلىق بېرىپ: «بۇلار سىلەر ئويلىغان ھېلىقىدەك كاۋاپچى، پالانلار ئەمەس، ئوغرى ئەمەس، مانا بىز بىلەن بىرگە خىزمەت قىلىدىغان پارتىيىنىڭ كادىرلىرى. مانا بولمىسا خىزمەت كېنىشكىسى ...» دەپتۇ. «خىزمەت كېنىشكىسىنى بۇ يەردە كوچىلاردا قىلىپ بېرىدۇ، ئانچە قىممەتمۇ ئەمەس،... ئىشقىلىپ، بىز بەلگىلىمىگە

خىلاپلىق قىلالمايمىز ...». مانا شۇنداق قىلىپ ھېچقانىداق مېھمانخانا ياتاق بېرىشمەپتۇ. بىر كۈن كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا يېتىشقا توغرا كەلگەندىن كېيىن، ئەتىسى خىزمەتنىمۇ بولدى قىلىپلا قايتىپ كەپتۇ. شۇ ئەمەلىيەت بۇ ئادەمنىڭ ئېڭىنى 180 گرادوس ئۆزگەرتىپ قويۇپتۇ. ئۇ قايتىپ كېلىپلا يۇلتۇز يېزىسىنى مۇستەقىل قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپتۇ. ھەممە كەنت كادىرلىرىنى يىغىپ ئۇلارنىڭمۇ رازىلىقىنى ئاپتۇ. ھەممىسى بىر نىيەتتە ھەرىكەتكە كەپتۇ. تاپشۇرۇلۇدىغان غەللە ـ پاراق، ئالۋان ـ ياساقلار ناھىيىگە تاپشۇرۇلماي، بۇ مۇستەقىل دۆلەتنىڭ دۆلەت غەزىنىسىگە تاپشۇرۇلۇپتۇ. خىلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنى سەزمەپتۇ ... كېيىن بۇ ئادەم قولغا ئېلىنىپ مىللىي بۆلگۈنچى دەپ سوتلانغاندا، ئۇ ئۆزىنى ئاقلاش نۇتقى سۆزلەپ، مەن ئەمەس، سىلەر بۆلگۈنچى، دەپتۇ ۋە خىتايدا ئۇزى ئۇچرىغان تەڭسىز مۇئامىلىنى، ئەنە شۇنىڭدەك سانسىز ئەمەلىيەتلەر مانا شۇنداق ئىدىيىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى، مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا ئىلگىرىكى ھەم ھازىرقى بۆلگۈنچىلىكتە ئەيىپلىنىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى گۇناھسىز ئىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلگەنلىكىنى،... سۆزلەپتۇ. ئاڭلىغۇچى ئاما ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىۋېتىپتۇ. ھەممە گۇناھ ئۆزلىرىدە تۇرۇپ، جىنايەت بار دېگەندىمۇ بۇ جىنايەتنى شەكىللەندۈرگەن زېمىن ئۆزلىرى تۇرۇپ، يەنە ھېچ قىزارماستىن بۇ ئادەمنى مۇددەتسىز قاماققا ھۆكۈم قىلىشقان!...

ــ ياشاشقا يول، چارىمىزمۇ قالمىغىلى تۇردى، ... ئەمدى شۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرت تەڭگە پۇل تاپىدىغان بىر يوچۇق بار، ئۇ تۆگىسە نىمە قىلارمىزكىن؟!

ــ ھە، ئۇ يوچۇقنىڭ كىچىكلىكىدىن ئۇ يەرگە بارالايدىغانلارنىڭ سانى مىللەت نوپۇسىدا پىرسەنتكە توشمايدۇ، بۇ

بىر؛ ئاندىن خىتاينىڭ ئۇ تارچىلىقنى تۆرت تەرىپىدىن قىستاپ تارلاشتۇرىۋاتقانلىقىنى دېمەمسەن؟ پاسپورت ئالماقنىڭ تەسلىكىدە بارغىنىڭ بولسىمۇ زېرىكىپ بولدى قىلغۇدەك رەسمىيەت تۇلا. نەرقىنىڭ قىممەتلىكى. خىتايلار چەتئەلگە چىقىدىغانلارنىڭ سانىنى ئازايتىش ئۈچۈن مانا شۇنداق قىلىۋەتكەن. دە! بولمىسا ھېچقانداق خىتاي ئۇنداق قىممەت پاسپورت ئالمايدۇ؛ خىتايغا كېپىللىك، ساقچى ئىدارىسى، ئامانلىق ئىدارىسى،... تۆگمەس بالايى بەتەرلەرنىڭ ئۆتكىلىدىن ئۆتۆشمۇ يوق.

—ئالمۇتىدا دەسلەپ ئۇيغۇرلار بازار ئاچقان، كېيىن تەدرىجى خىتايلار بازارلارنى ئىگەللەپ، ھەممىسى خىتاي بازىرىغا ئايلاندى. دېمەك، ئۇ يەردىكى نېنىمىزمۇ خىتايلارنىڭ قۇلىغا ئۆتۆپ بولدى.

—نىمە گەپ بۇ ئۆزى؟ قانداق بولۇپ خىتايلارغا ئۆتۆپ كېتىدىكىنە؟

—ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىسى بولمىغاندىكىن، پاسپورت، ۋىزا ئىشلىرىدا ناھايىتى زور قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سودا بولغانىكەن، نەخ ـ نېسى ئىشلىرى، ئوغۇرلۇققا دۇچ كېلىدىغان، زوراۋانلىققا دۇچ كېلىدىغان ئىشلار دائىم بولۇپلا تۇرىدىغان گەپ. بۇنداق ئىشلاردا خىتايلارنىڭ دۆلىتى بار، ئىگە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، قوغدايدۇ؛ ئۇيغۇرغا ھېچكىم ئىگە بولمىغاندىكىن، بۇنداق موللا بوزەكنى ھەركىم بوزەك قىلىدۇ، ھەركىم قاقتى ـ سوقتى قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە چىداۋېرەي دېسەڭ بارغانسىرى دەسمايەڭدىن ئايرىلىپ، قۇرۇق قول قالىسەن. قانداق قىلىش كېرەك؟ دۇكاننى سېتىپ ئىشنى يىغماي ئامال يوق.

—يەرلىك ساقچىلاردىن بىرى شۇنداق دەيمىش: «بىرەر خىتاينى تۇتۇۋالساق، كېچىنى كېچە دىمەي ئەلچىخانىدىن ئادەم

www.uyghurkitap.com

كېلىپ داۋا قىلىپ قۇتقۇزىۋالىدۇ، يۈزلىگەن ئۇيغۇر ھەمىشە تۇتۇلۇپ تۇرىدۇ، ئايلاپ، يىللاپ تۈرمىدە ياتىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۈچۈن ئەلچىخانىدىن خىتاي كېلىپ داۋا قىلغانلىقىنى كۆرمىدىم».

ــچۈنكى بىز خىتايلىق ئەمەس، شەرقى تۈركىستان خىتاي زېمىنى ئەمەس دېگەنىنىڭ ئوچۇق ئىقرارىغۇ بۇ؟!

ــسۇلانغان، زىيان تارتقان دېگەن ئادەتتىكى گەپقۇ، قانچىلىغان ئۇيغۇرنى بۇلاڭچىلار ئۆلتۈرۈۋېتىشتى، شۇنىڭغىمۇ ئارىلاشمىغان تۇرسا ...

ــشۇلارنى كۆرۈپمۇ يەنە «ھە، بۇ خىتاي دېگەن بىزنىڭ ئۆلۈش - تىرىلىشىمىز بىلەن كارى بولمىغاندىن تاشقىرى، ئەكسىچە بىزنىڭ يوقۇلىشىمىزنى ئىستەيدىكەن» دېگەن تونۇشقا كەلمەستىن، «ھۆكۈمەت پالان، ھۆكۈمەت پۇستان ...» دەپ ئاغزىمىزنى تاتلىق قىلىپ يۈرۈشىمىز، گويا خىتاي ھۆكۈمىتى بىزگىمۇ ۋەكىللىك قىلىدىغان، بىزنىڭ مەنپەئەتلىرىمىز ئۈچۈنمۇ مەيدانغا چىقىدىغاندەك خىيالدا بولۇشلىرىمىزنى نىمە دەپ چۈشۈنۈش كېرەك؟

ــ پەقەتلا دۆتلۈك، ئايلامباشلىقىمىز دېمەكتىن باشقا تەرىپ يوق.

ــ دۈشمەن تونۇشىمىزنىڭ مۈجمەللىكى.

ــ قىزىقى، دەسلەپكى چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا شۇنداق ئەركىن يۈرەتتۇق، ۋاقتى، رەسمىيىتى سۈرۈشتە قىلىنمايتتى. كېيىن خىتاينىڭ بىر چوڭى بۇ يەرگە كەلدى- دە، بۇلارغا نېمىلەر دېگەن، ئەيتاۋۇر، ئۈچ ئايدىن ئارتۇق تۇرۇشقا ئىجازەت يوق، دېگەننى تاپتى. تۇتۇۋالغان ساقچىلار ئۆزەڭنىڭ خىتايلىرى ئۆگەتتى، داۋاتمامدۇ. ئۇزۇن تۇرغۇزماي ھەيدەيسەن، دەپتىمىش! ئاندىن جاسۇسلىرى ئارقىلىق يەرلىك ئوغرى- بۇلاڭچىلارنى سېتىۋېلىپ، ئۇيغۇرنى چەتئەلدىن زېرىكتۈرۈپ، ئۆزلۈكىدىن چىقماس

قىلىۋېتىش ئۈچۈن كۆرگەن يەردە «داكومېنت» تەكشۈرەيدىغان قىلىۋەتتى. ھازىر مانا بىشكەكتە تۆر بازىدىن سىرتقا چىقالماس ھالغا كەلدۇق. ھەرقانداق بىر مالچىمۇ بىزنى توختۇتۇپ تەكشۈرەلەيدۇ، بۇلايدۇ، ئۇرىدۇ، ... بىزگە ئىگە يوق.
—ئۇيغۇرنىڭ تەشكىلاتلىرى بار دېيىشىدىكەن، ئۇلار نېمە قىلىشىدىغاندۇ؟ مۇشۇنداق دەپسەندە بولۇۋاتقان ھەق- ھوقۇقىمىز ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقماي، نېمە ئىشلار بىلەن ئاۋارىدۇ؟
—ئۇلار چوڭ ئىشلار بىلەن بەند بولغاچقا بۇ ئىشلارغا ئېشىنمىسا كېرەك.
—قانداق چوڭ ئىشلار؟
—ۋەتەننى ئازات قىلىشچۇ.
—ئادەتتىكى قەدىر قىممىتىنى تىكلىيەلمەيۋاتقان خەقنىڭ ۋەتەن ئازات قىلىشتىن لاپ ئېتىشى كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟ مەن بىر توپ يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، سىلەر دېموكراتىك بىر ئەلنىڭ پۇخراسى، ھەرھالدا بىزگە قارىغاندا پىكىر ھۆرىيىتىڭلار بار، شۇڭا بىزنىڭ يىغىمىزنى ئازراق يىغلاپ، مۇشۇ يەردە بىز دۇچ كېلىۋاتقان بەزى خورلۇقلار ھەققىدە تەلەپ بىلەن بىر نامايىش قىلساڭلار بولمامدۇ؟ دېۋىدىم، ئۇلار بىزنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرسە قانداق قىلىمىز، ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، دەۋاتىدۇ. شۇ يەرنىڭ پۇخراسى تۇرۇپ، بۇ دەرىجىدە قورقىدىكەن ـ دە، ھېلىمۇ بىز خىتاينىڭ چاڭگىلىدا تۇرۇپ خېلى گەپلەرنى قىلىۋېرىدىكەنمىز.
—ئۇلار بىزنىڭ يىغىمىزنى يىغلاشقا كۆپ بالدۇر، ئۆزلىرىنىڭ يىغىسىنى يىغلىۋالسۇنا.
—ھوي، تېخى بۇلارنىڭ ئىچىدە: خىتاي ياخشىغۇ، ياشاۋەرمەمسىلەر، بىزدىن بايسىلەر، دەيدىغان ھاماقەتلىرى نۇرغۇنىكەن.

— بۇ يەرگە چىققان ئالتى سودىگەرنى ئۇيغۇرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دەپ ئويلىغان ـ دە!

— بۇ يەردىكىلەرمۇ شۇ ئۆز جېنىغا ئاران ئىگە بولۇپ يۈرىدىكەن. يەكلەشكە ئۇچراپ تۇرىدىكەن، تەس جۇمۇ. ئۇيغۇرغا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە كۈن يوق ئوخشايدۇ.

— بىر زامان يەھۇدىلار دۇنيانىڭ نەرىدە بولسا خورلۇققا، قىرغىنغا ئۇچرىغانىكەن، ئەمدى ئۇيغۇرلار شۇ كۈنگە قالدىمۇ نېمە؟ ئەينى زامانلاردا ستالىن ھۆكۈمىتىمۇ خاس ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلغانىكەن. يەركەنت ۋادىسىدا، پەرغانە ۋادىسىدا، ... 20 ـ يىللاردا پەرغانە ۋادىسىدا بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر بولغانىكەن، ئەنە شۇنداق قىرغىنلاردىن قورقۇپ ئۆزبېك بولۇشۇپلىشقانىكەن، مانا ئەمدى پەرغانە ۋادىسىدا ئۆزىنى ئۇيغۇر دەيدىغاندىن قانچىسى باردۇر؟ ھېلىھەم تىل شىۋىسى پەرىقلىق تۇرۇپتۇ. يۇ، ئەمما ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دىمەيدۇ. كوچىلاپ سورىسىڭىز ئەسلى بوۋىلىرىمىز ئۇيغۇرلاردىنىكەن، ئەمما بىز ئۆزبېك بوپ كەتكەنمىز ـ دە، دەپ قويۇشىدىكەن. نەدە بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى يوشۇرۇش «مودا» بولسا كېرەك، خىتاي تېخى ئاز كۆرسۈتىۋاتقان، چەتئەلدىمۇ شۇ ھال: قازاقىستاندا بىر يېرىم مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر بولسىمۇ قازاقىستان رەسمى ئورگانلىرى بۇ سانىنى شۇنداق كۆلكىلىك دەرىجىدە يوشۇرىدىكى، ھەتتا پەقەت ئالمۇتا شەھرىدىكى ئۇيغۇرنىڭ سانىنىمۇ تولۇقراق دېمەيدۇ، نېمىشكە؟ بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە 900 مىڭ قازاق بار دىيىلىدۇ، ئەمما ئۇلار مۇستەبىت خىتاي كوممونىستلىرىنىڭ مۇدھىش جەمىيىتىدىمۇ بىز بىلەن ئوخشاش ئىمتىيازلارغا ئىگە. گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزىيە، نەشرىيات، مائارىپ، ... بۇلارنىڭ ھەممىسىدە سان ئوخشاشلىقى بار. ئەمما، ھۆر قازاقىستاندىچۇ؟ ھەممە مىللەت بارابەر دېگەن قانۇن ئاستىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى قاندىق؟ شۇنداق



www.uyghurkitap.com

ھوقۇقلىرى بارمۇ؟

——«داۋاگەر سۇس كەلسە قازى مۇتەھەم بوپتۇ» دېگەندەك بۇ ھەق- ھوقۇقلىرىنى داۋا قىلىدىغان ئادەم بولمىسا ئۆزلۈكىدىن «مەسىلە، غوجام»، دەيدىغان ئىش يوق، دۇنيادا. ھېلىقىدەك چوڭ گەپلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەشكىلاتلىرى ئالدى بىلەن ئۆز تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنى شۇ مەملىكەتتە ئېتىبارغا، سىياسى ئورۇنغا ئىگە قىلىدىغان نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرسا، ئاندىن ھېلىقى چوڭ گەپلەرگە ئاساس يارىتىلاتتى. مەسىلەن: تېلېۋىزىيە ئاڭلىتىشى، رادىئو، گېزىت، نەشرىيات قاتارلىقلاردا كەڭ ئىمكانىيەت قازىنالىسا، شۇنداقلا ھاكىمىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ بىرنەچچە ۋەكىلى بولسا بۇ ئىشلار تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشمەمدۇ؟

——شۇ يەردىكى تۆرت توك - توك ئۇيغۇرنى مۇشۇ نىشانلار ئۈچۈن بىرلەشتۈرەلمەي تۇرۇپ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ھېچقانداق زور قۇربانلىق بەرمەيلا، نامايىش ۋە باشقا تېنچلىق، سۆھبەت يولى بىلەن قولغا كەلتۈرۈش ئېھتىمالى بولغان، ئەقىلغىمۇ سىغىدىغان، قانۇن دەستىكى ئارقىلىق قىلغىلى بولىدىغان ئىشلارنى ئەپلەشتۈرەلمەي تۇرۇپ تېخىمۇ يۇغانراق ئىشلارنى — جان ۋە قان تەلەپ قىلىدىغان ھەتتا بۇ قۇربان بېرىشنىڭ دەرىجىسىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان زور ئىشلارنى قىلىشى بىلەن لاپ ئېتىش ھەم كۈلكىلىك، ھەم ئىشەنچىسىز بىر قىلمىش ئەمەسمۇ؟

——ئەگەر ئوتتۇرا ئاسىيادا شۇنچىلىك ئاساس يارىتىلسا ئۇيغۇرلار مەسىلىسىدە زور يۈكسىلىش بولاتتى. ئەمما مۇشۇ ھۆر دۇنيادىمۇ ئۆزىنىڭ ھەق ھوقۇقىنى داۋا قىلالماي مۇللا بوزەك بولۇپ يۈرۈۋاتقان گەپكەن- دە. ئەمەلىيەتتە يەرلىكلەردە بۇ توغرۇلۇق باش قاتۇرىۋاتقان ئادەممۇ بولمىسا كېرەك. ۋەتەندىن ئايرىلغىلى ئۇزۇن

www.uyghurkitap.com

بولغان ياكى شۇ يەرلەردە تۇغۇلغان ئادەملەردە ۋەتەن مۇھەببىتى نىمە قىلسۇن؟

ــ بوپتۇ، ۋەتەن مۇھەببىتى بولۇپ، ئوتتۇز مىليون ئۇيغۇر ئۈچۈن ئىش قىلىپ بەرمىسىمۇ، شۇ يەرلىك ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قىلسا بولمايتتىمۇ؟

ــ شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلىشى ئۈچۈن قانداق قىلسا بولىدىغاندۇ؟

ــ ھەربىر ئۇيغۇر ئائىلىسىدىن بىردىن ئادەم ئۆلسە، مىللى ئۆچمەنلىك ئۈستىگە شەخسى خۇن داۋاسى قوشۇلسا ئاندىن جاندىن كېچىپ چىقارمىكىن، دەيمەن.

ــ يوق گەپ. بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر دېگەندە دۈشمەنگە قارىتا ئاداۋەت ساقلاش ئادىتى يوق. ئەگەر ئۇيغۇر ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا بۇنداق ئاداۋەت ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد داۋاملىشىپ، ھامان بىر قانلىق پاجىئە يۈز بەرمەي تۇگۇمەيتتى، بىراق خىتايغا قارىتا بۇنداق قىساسكارلىق روھ بىزدە يوق. ئىككىنچىدىن، خىتاي دېگەن بىكاردىنلا «ھارۋۇدا توشقان ئالىدۇ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئەمەس، شۇڭا سەن دېگەن قىرغىنچىلىق مەنزىرىسىنى خىتايلار ھەرگىزمۇ قىلمايدۇ. ئۇ ھەربىر ئائىلىدىن بىردىن ئەمەس، ھەربىر ئائىلىدىن ئىككىدىن، ھەتتا پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈپ تۈگۈتىدۇ، بۇ كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرغان پاكىت. ئەمما سەن دېگەن تەرزدە ــ بىرلا ۋاقىتتا، كۆپچۈلۈكنىڭ كۆزىچە ئەمەس، ئاستا ـ ئاستا، ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىچىدە، شۇنداقلا بىر ـ بىرلەپ رويابقا چىقىرىدۇ. شۇڭا، مېنىڭ ئائىلەمگە كەلگەندە سېنىڭ ئائىلەڭ قولىقىنى يۈپۈرۈپ ئاڭلىماسقا سالىدۇ، كۆرمەسكە سالىدۇ، «خۇداغا شۈكۈر ماڭا كەلمىگەندىكىن ئۆزەمنى بىلەي ــ يا» دەپ يۈرۈۋېرىدىغانلا گەپ. كۆڭلىمىزنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ئاخىرى بىر كۈن ھەممىمىز مانا شۇنداق بىر ـ بىرلەپ تۈگەپ كېتىمىز، دېگەننى تۇيۇپ تۇرساقمۇ،

ئۇ چاققىچە كىم بار، كىم يوق دېگەننى كۆڭلىمىزدىن ئۆتكۈزىمىز ـ دە، مۇشۇ بىردەملىك تېنچلىق ئۈچۈن گول بولىمىز. خۇددى «پالتا چۈشكىچە كۆتەك ئارام ئالغان» چىلىك ئارامغا ئېرىشىمىز. «ئېشەكنىڭ ساغرىسىغا ئاپتاپ چۈشسە قولۇڭنى ئىسسىت» دېگەندەك، ئەنە شۇنداق ئەرزىمەسگەن «ئاپتاپ»قىمۇ شۈكرى قىلىپ كېتىۋاتىمىز، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئامانەت!

ــــ مەن دەيمەن، ئۇيغۇر خەق خوتۇن ئارىلاش ئىشلاردا ئىتتىك جەزمىسى كېلىدۇ، شۇڭا خىتايلار ئەينى چاغلاردا ياپونلار ئۇلارنى ئاياق ئاستى قىلغاندەك، كۆزلىرىمىزگە كۆرسۈتۈپ تۇرۇپ خوتۇن ـ قىزلىرىمىزغا ئېسىلسا «ئالە جاننى!» دەپ چىقارمىكىن، دەيمەن.

ــــ ياق، يوقۇرىدا دېگىنىمدەك، خىتايلار ئۇنداق ئېنىق ـ ئاشكارە ئىشنى ئەسلا قىلمايدۇ. لېكىن سەن دېگەن زورلۇقنى سەن دېگەندىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ قىلىشى مۇمكىنۇ، ئەمما ھەممىمىز كۆزىمىزنى پاقىرىتىپ قاراپ تۇرۇۋېرىدىغان، قارشىلىق قىلىش خىيالىمىزغا كەلمەيدىغان بىر ۋەزىيەتنى يارىتىدۇ. مەسىلەن: ئۆتمۈشتە بىرەر ئۇيغۇر قىزىغا خىتايلار پوخۇرلۇق قىلسا ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر ئىگە بولۇپ شۇ يەردىلا ئىنكاس بىلدۈرەتتى (30ـ يىللاردىكى دېھقانلار ئىنقىلابى قوزغىلىشىدىن باشلانغىنىدا دەل شۇنداق سەۋەپ سەرەڭگە رولىنى ئوينىغان ئىدى)، ئەمما ھازىر كۆز ئالدىمىزدا ئۇيغۇر قىزلىرىنى «قۇشلاپ» يۇرگەننى كۆرسەكمۇ بۇنداق غەزەپ پەيدا بولماستىن، «قانداق شوۋىنىڭ قىزىدۇ بۇ؟ گەپ قىلمامدىغاندۇ!» دەپ، بۇنى پەقەت شۇ ئائىلىنىڭلا ئىشىدەك كۆرۈپ، شۇ ئائىلە كىشىلىرىدىنلا ئاغرىنىپ قويۇش بىلەن چەكلىنىمىز. كۆڭلىمىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدە، مېنىڭ ئاچا ـ سىڭلىم بولمىغاندىكىن،... دېگەن خىيال كېچىدۇ. ئەگەر بۇ شەرمەندىلىك بىزنىڭ بېشىمىزغا كەپ قالسىچۇ؟ خۇددى شۇنداق، باشقىلارمۇ بىزدەك پوزىتسىيەدە بولۇدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بىر ئادەم

مەلۇم سېسىق پۇراقلىق مۇھىتتا دائىم تۇرىۋەرسە ئۇنىڭ بۇرنى بۇخىل پۇراققا ئادەتلىنىپ كېتىپ، سىرتتىن كەلگەن كىشىدەك ئۇ دەرىجىدە يىرگىنچ ھېس قىلمايدۇ؛ ئارشاڭغا چۈشىسىڭىز تەدرىجى ئىسسىققا كۆنۈشىڭىز كېرەك. بىردىنلا 50~60 سىلسىيە گرادۇسقا چىدالمايسىز. ئاستا ـ ئاستا كۆنسىڭىز كۆنۈپ كېتىسىز. خۇددى شۇنداق، خىتاينىڭ زۇلۇم سېلىش ئۇسۇلى شۇنداق ئالاھىدىكى، سەن دېگەن ئەنە شۇ باسقۇنچىلىققىمۇ بىزنى ئاستا ـ ئاستا كۆندۈرۈپ، شۇنىڭغىمۇ سۈكۈت قىلىدىغان، چىدايدىغان داپ يۈز ھالغا كەلتۈرمەكتە!

# كوممونىستلارنىڭ ”سىنىپ“ ئۇقۇمىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى

كوممونىزىم پىكىر ئېقىمىنىڭ ئاتىسى بولغان ماركس يەھۇدى بولۇپ، كوممونىستلىق پىكرى يەھۇدى مەنپەئەتىگە زوروۋىيەت بولغان مۇددىئادىن توغۇلغاندۇر. يەنى، يەھۇدىلار ئىككى مىڭ يىل ۋەتەنسىز سەرگەردان بولۇپ ياشىغان، نەگىلا بارسا مىللى كەمسىتىش، مىللى خورلۇق، مىللى زۇلۇم ئۇلارنىڭ پېشانىسىدىن كەتمىدى. 20~30 ئەۋلاد خارلانغان بۇ خەلقنىڭ قان- قېنىغا، پۇتۇن روھىيىتىگە مىللى خورلۇقتىن قۇتۇلۇش ئىستىگى سىڭىپ كەتتى. يوشۇرۇن ئاڭدىن ئورۇن ئالغان بۇ ئىستەك ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتلىق ھەركىتىگە، پىكىر- تەپەككۇرىگە قوماندانلىق قىلىدىغان بولدى. يەنى، ئۇلار قانداق پىكىر قىلسا ئەنە شۇ ئىستەك يوشۇرۇن مەخسەت بولۇپ قالدى (ئىختىيارسىز ئەكس ئەتتى).

شۇنداق ئىكەن، يەھۇدى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، يوشۇرۇن ئېڭىغا خورلۇقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش سىڭىپ چوڭ بولغان ماركس نېمە بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇ پەيلاسوپ سۈپىتىدە «مىللى پەرق» ئۇقۇمىنى چەتكە قاقىدىغان بىرخىل سەپسەتە كەشىپ قىلىش ئۇستىدە ئىزدەنمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ تەبىئىكى، ماركس ئەقلەن (ۋە بەلكىم «يوشۇرۇن ئاڭ» قوماندانلىقىدا) ئەنە شۇنداق بىر مەسىلەكنى — مىللى پەرق ئۇقۇمىنى رەت قىلىدىغان، يەھۇدىلارنى مىللى خورلۇقتىن خالاس قىلىدىغان ئىدىيىنى — يەنى ماركسىزىمنى ياراتتى. مانا بۇ كوممونىستلارنىڭ سىنىپ ئۇقۇمىدۇر! سىنىپ ئۇقۇمى قانداق مىللەت بولۇشىدىن قەتئى

www.uyghurkitap.com

نەزەر، بايلىرى بىر تەبىقە، كەمبەغەللىرى بىر تەبىقە، يەنى ھەممە مىللەتنىڭ بايلىرى بىر- بىرىگە دوست، ھەممە مىللەتنىڭ كەمبەغەللىرى بىر - بىرىگە قېرىنداش، ئۇلارنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بايلار تەبىقىسى دېگەننى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق، مىللىي تۇيغۇنى ئىنكار قىلىشقا ياكى ئۇنۇتتۇرۇشقا ئۇرۇندى. بۇنداق بولغاندىلا يەھۇدىلار مىللىي چەتكە قېقىشتىن قۇتۇلۇپ قالالايتى.

رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنى يىقىتقان بولشېۋىك ئىنقىلابىنىڭ باشلامچىلىرىغا قاتايدىغان بولساق، ھەممىسى دېگۈدەك يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. دىن دەھشەتلىك تۈردە چەكلىنىۋاتقان، چېركاۋلار، مەسجىدلەر تاقىلىۋاتقان سوۋېت تۈزۈمىدە ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن موسكۋادا بىر سىناگوگىنىڭ يېڭىدىن ئىنشا قىلىنغانلىقى بۇنىڭ بىر دەلىلى.

يەھۇدىلارنىڭ مەشھۇر فورمۇلىسى «78:22» بويىچە كەمبەغەللەر ھامان «78» بولغاچقا، ماركس كوممۇنىستلارنىڭ خاسلىقى سۈپىتىدە كەمبەغەللەرنى تاللىۋالغان. ئەمما بۇ پەقەت كۆپچىلىكنىڭ كۈچى ۋە ئاۋازىدىن پايدىلىنىش ئادامچىلىقى ئىدى خالاس! ئەمەلىيەتتە يەھۇدىلار «22» گە مايىل خەلقتۇر. مەسىلەن: ئۇلار تىجارەتتىمۇ «22»نى ئوبيېكت قىلىدۇ. كوممۇنىستلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلى ئەھۋالى ئۇلارنىڭ «78»گە بولغان مايىللىقى بىرخىل ۋاقىتلىق ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. كوممۇنىست ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۆلەتلەردە كەمبەغەللەر تېخىمۇ بەتتەركەمبەغەل بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ ھاياتى كاپالەتكە ئىگە بولالمايدىغانلىقى، ئاز سانلىق بىر گۇرۇھ (يەھۇدى فورمۇلىسى بويىچە «22») ئادەمنىڭ دېگىنى- دېگەن بولىدىغان ھاكىممۇتلەقلىق، مۇستەبىتلىك، پىكىر ئەركىنلىكىنىڭ بولماسلىقى، يەھۇدى يوشۇرۇن ئېڭىدىكى خورلۇق

جۇغلانمىسىنىڭ «ئېغىز ئېلىشى» ــ پارتلاپ چىقىشى بولۇپ، بۇ «ئاڭ»نىڭ قۇماندانلىقىدا بولمىسىمۇ «يوشۇرۇن ئاڭ» يېتەكچىلىكىدىكى رەھىمسىز ئۆچ ئېلىشتۇر!

ئەسلى گېپىمىزگە كەلسەك، ماركسىنىڭ مىللىي پەرق تۈيغۇسىنى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن ئۈيدۇرۇپ چىققان «سىنىپ» ئۇقۇمى كوممۇنىستلار تەرىپىدىن ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن ھەرخىل ساھە، ھەرخىل كۆرەش سەپلىرىدە تەدبىقلاپ پايدىلىنىلدى. ئۇلار ھەتتا «مىللىي يوقۇتۇش» يولىدىمۇ پايدىلاندى. مەسىلەن: 30- يىللاردىكى ستالىننىڭ تازىلاش ھەركىتىدە تازىلانغۇچىلارنىڭ ھەممىسى «سىنىپى دۈشمەن» بولۇشى ناتايىن، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئىچىدە كوممۇنىزىم ئېتىقادىنىڭ سادىق مالايلىرى، كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشىدە جان تىكىپ كۆرەش قىلغان بىر تۈركۈم تايانچىلار (مەسىلەن: لېنىنگرادنىڭ شەھەر باشلىقى كىروۋ، مەركىزى كوممىتېتتىكى مۇھىم شەخىسلەردىن زىنوۋيېۋ، كامىنېۋ قاتارلىقلار)مۇ بار ئىدى. ئۇلارغا شۇ زامان ئۈچۈن ئەڭ لەنەتلىك بولغان «سىنىپ» رېڭىدە بويالغان قالپاقنى كېيدۈرۈپ يوقاتقاندا بۇنىڭ ئۇنۇمى كۆڭۈلدىكىدەك بولاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىسى ستالىننىڭ ھوقۇق سېپىدىكى رىقابەتچىلىرى ــ شەخسى دۈشمەنلىرى بولۇش بىلەن بىللە، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ مەشھۇر رەھبەرلىرى، لېنىندىن قالسىلا خەلق ئىچىدە ئابرويى يوقۇرى كىشىلەر بولۇشى بىلەن بىرگە، يەھۇدىيلار ــ ئىدى. يەنە بىر مۇنچە تۈۋەن تەبىقىگە مەنسۇپ كىشىلەرمۇ بار ئىدى. مەسىلەن كېرونشتاتتا ئىشچىلاردىن ئىككى يۈزمىڭنى قەتلىئام قىلغان چېكا لېنىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىلغانىدى. قىسقىسى مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ تاكاممۇللىشىشىدا، ھاكىممۇتلەق ھوقۇقنىڭ قىلچە شەكسىز ئېتىراپ قىلىنىشىدا

ئاز - پاز توسالغۇ بولغان ياكى توسالغۇ بولۇش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق كۈچ ئەنە شۇ ماركسنىڭ «سىنىپ» كەشپىياتى بىلەن يوقۇتۇپ تاشلاندى.

بۇ ھال خىتاي كوممۇنىست ئىمپېرىيىسىدە تېخىمۇ دەھشەتلىك تۈردە تەكرارلاندى. مۇشۇ ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن ئىككى بۈيۈك كوممۇنىست ئىمپېرىيىسى مىللى مۇستەملىكىنى «سىنىپى قېرىنداشلىق» بىلەن پەردىلەپ، مىللى قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى «سىنىپى كۆرەشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى»، «سىنىپى دۈشمەنلەرنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتى» دەپ قارىلاپ، ئۆزلىرىنىڭ شوۋىنىزىملىق ئەسلى ماھىيىتىنى، يۇتقۇنچى يالماۋۇز تەبىئىتىنى ئۈنۈملۈك پەردازلاپ، جەمىيەتتە ئاساسى كۈچ بولغان «78»نى ئالداپ، ئۆزلىرىنى شۇلارنىڭ ۋەكىلى دەيدىغان تەشۋىقات نەيرىڭى بىلەن جان بېقىپ كەلدى.

مەسىلەن: خىتاي كوممۇنىستلىرى ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى بىرەر مۇستەملىكە ئەلدە مىللى قارشىلىق كۆرۈلسە قېلىپلاشقان، تولا دېيىلىپ لاۋزىلىشىپ كەتكەن تەشۋىقات نەيرىڭى باشلايدۇ: «... بۇ بىر ئۇچۇم مىللى بۆلگۈنچىلەر پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە ‹ئۈچ چوڭ تاغ›نىڭ ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىدىن قۇتۇلغان، بەختىيار ھايات كەچۈرىۋاتقان تىبەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنى قايتىدىن پومىشچىك بۇرژۇئازىيىسىنىڭ قۇللۇقىغا تاشلىماقچى! ئۇلارنى جاھانگىرلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا تاشلاپ بەرمەكچى! ...»، «مىللى بۆلگۈنچىلەر تىبەتنى (ياكى باشقا بىر جاينى) جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرماقچى ۋە تىبەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جاھانگىرلارغا قۇل قىلىپ ساتماقچى! ئۇلار جاھانگىرلارنىڭ، چەتئەل ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ گوماشتىسى» ۋاھاكازالار.



www.uyghurkitap.com

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئىختىيارسىز چىشلىرى قىرىشىپ بۇ خەلق ھازىر قۇل بولماي نېمە؟ بۇ زېمىن ھازىر مۇستەملىكە بولماي نېمە؟ ياكى سېنىڭ قۇلۇڭ بولۇش «جاھانگىرلار»نىڭ قۇللۇقىغا چۈشۈپ قالغاندىن ياخشىراقمىدى؟ دېگىسى كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ يۈزى قېلىنلىق بىلەن قىلىۋاتقان گېپى شۇنداق بىر كارتىننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ: بىر ئىگىسىز قوزىنى غالجىر ئىت تالاۋاتقان، قوزىنىڭ قارشىلىق قىلىپ تېپىرلىشىغا قارىتا غالجىر ئىت: «شۇك تۇر، مەن سېنى قوغداپ تۇرمىسام سېنى بۆرە يەپ كېتىدۇ» دەۋاتقاندەك بىر ھالدۇر. غالجىر ئىت تالىدى نېمە ـ يۇ، بۆرە يېدى نېمە؟ قوزىچاق ئۈچۈن بۇنىڭ قانچىلىك پەرقى بار؟ بەلكىم بۆرىنىڭ يېگىنى ياخشىراقتۇر! (چۈنكى ئۇلار دەۋاتقان «جاھانگىرلار» مۇستەملىكىلىرىدىن ئاللىقاچان ۋاز كەچتى، ئەمما بۇ مەرەزلەر تېخىچە نومۇسسىزلىق بىلەن مۇستەملىكىلىرىنى تۇتۇپ تۇرماقتا).

ئۇلار تېخى قىلچە خىجىل بولماستىن ئاشۇ مىللى قارشىلىقلارغا: «... توپىلاڭچىلارنىڭ بۇ ھەركىتى تىبەتتىكى (ئىچكى موڭغۇلدىكى ۋە ۋاقە بولغان ھەرقانداق باشقا جايدىكى) ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى» دېگەننىمۇ كۆپ تەكرارلايدۇ. گويا بۇ ھەرىكەت مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئەمەس، بەلكى مۇستەملىكە ئەلنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈۋاتقاندەك قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭغا ئاقنى قارا قىلىپ كۆرسىتىشمۇ كوممۇنىستلارنىڭ بىرخىل ئۆزگىچە خاس تەبىئىتىدۇر!

خۇلاسە شۇكى، ئەسلى يەھۇدىلارنىڭ مىللى خورلۇقتىن قۇتۇلۇش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «سىنىپ» ئۇقۇمى، ھازىرقى زامان كوممۇنىستلىرىنىڭ مىللى مۇستەملىكە ئەللىرىدىكى خەلقنى ئالداش، مىللى قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇش، مىللى قەھرىمانلارغا بوھتان قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا

مەسىلىنىڭ مىللى زىددىيەت تۈسىنى يېپىپ، دىققەتنى چالغىتىش، جامائەت پىكرىنى قايمۇقتۇرۇش مەقسىتىدە پايدىلىنىۋاتقان سىياسى كوزىرى بولۇپ قالدى.

# نامراتلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ مەقسىتى

كوممۇنىست مۇستەملىكىچىلىرى مۇستەملىكە خەلقىنىڭ باي بولۇپ كېتىشىنى خوپ كۆرمەيدۇ. بۇ بۆگۈنكى كوممۇنىست خىتايلارغا ئۆتمۈشتىكى كېڭەيمىچى ئەجداتلىرىدىن قالغان ئۇدۇم! مۇستەملىكە خەلقنى نامراتلاشتۇرۇش، بەك باي بولۇپ كەتكەنلەرنى بىر باھانە- سەۋەپ بىلەن يوق قىلىش ياكى ئىقتىسادى بوھرانغا ئۇچۇرۇتۇش ئارقىلىق سۇندۇرۇش، مۇستەملىكىچى خىتايلارنىڭ مۇستەملىكە ئەلگە قاراتقان سىياسىتىدىكى بىر پىرىنسىپ بولۇپ، ئۇلار تۈزۈملىرى، ئات- ئىسىملىرى قانداق ئۆزگەرگەن بولۇشىغا قارىماي، بۇ پىرىنسىپقا ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلمەكتە!

مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەت نىمە ئۈچۈن مۇستەملىكە ئەلنىڭ باي بولۇشىنى خالىمايدۇ؟ بۇ گەپ بەلكى ناھايىتى كۆپ ئادەملەرنىڭ، ھەتتا ئۆزلىرىنى خېلى ئۇقۇمۇشلۇق ھىساپلايدىغانلارنىڭمۇ ئىدىيىسىدىن ئۆتمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما بىز پاكىتلارغا نەزەر تاشلايلى:

ئۇيغۇرلاردا يېڭى مائارىپ ھەركىتىنىڭ ئاۋانگارتلىرى بولغان تاشاخۇنۇم، مۇسابايلار پۇل چىقىرىپ مەكتەپ سېلىپ، چەتئەللەردىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ مائاش بېرىپ ئىشقا سېلىپ، يېڭى مائارىپنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنىدى. ئەگەر تاشاخۇنۇم، مۇساباي باي بولمىغان، تىجارەت بىلەن چەتئەللەرنى كەزمىگەن، تەرەققى قىلغان ئەللەرنى كۆرمىگەن بولسا ئىدى، جاھان پەقەت مېنىڭ مەھەللەم دەپ ئۆتۈۋېرەتتى. نەتىجىدە (مەكتەپ قۇرىدىغان

پۇل بولمىغانلىقتىن) مەكتەپمۇ قۇرالمايتتى، يېڭى مائارىپ ھەركىتى كىم بىلىدۇ قانچە يىلار كېچىكەتتى،...

ئابدۇقادىر داموللىنىڭ ئىسلاھات ھەركىتىمۇ يەرلىك بايلارنىڭ ئىقتىسادى ھىماتى ئاستىدا ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇپ، ئەگەر ئۆزىدىن ئىشىنىپ ياردەمدە بولغۇدەك ئادەملىرىمىز بولمايدىغان بولسا بۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

30 ـ يىللاردا باشلانغان ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتىمۇ ئۆزىمىزنىڭ بايلىرى تەمىنلىگەن ئىقتىسادى مەنبەئە ئاساسىدا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىگە يەتكەن. مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەت بىر تىيىن مەبلەغ سالغان ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا شۇ يىللاردىكى ئىنقىلاپلارنىڭ ئىقتىسادى ئاساسىمۇ بايلارنىڭ ياردىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋېلىنغان قۇراللارنىڭ ھەممىسى نەق تىللا تۆلەپ ياكى چارۋا، خام مال قاتارلىقلارغا ئالماشتۇرۇپ ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى.

خۇددى شۇنداق، 40ـ يىللاردىكى شەرقى تۈركىستان ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئىقتىسادى چىقىمىمۇ بايلىرىمىزنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ئىدى.

كوممۇنىستلار كەلگەندىن كېيىن «سىنىپى كۆرەش» نىقابى بىلەن مىللى كۆرەشلەرنىڭ ئىقتىسادى ئاساسىنى تەشكىللەش ئېھتىمالى بولغان بايلارنى «زومىگەر پومىشچىك»، «زومىگەر چارۋىدار» دېگەن بەدناملار ئاستىدا يوقاتتى. بەزىلەرنى ھەم جىسمانى جەھەتتىن، ھەم ماددى جەھەتتىن يوقاتتى؛ بەزىلەرنىڭ پۈتۈن بايلىقىنى مۇسادىرە قىلىۋالدى.

بۈگۈنكى دۇنيادا ھېچقانداق بىر مىللەت بىزدەك كەمبەغەل ئەمەس (بەزى بايلىرىمىز ئازغىنە بايلىقى بىلەن جاھانغا پاتماي قېلىۋاتسىمۇ). چۈنكى زو زۇڭتاڭ جاللاتنىڭ يۇرۇشلىرىدىن

www.uyghurkitap.com

باشلاپ تاكى دەۋرىمىزگىچە خىتايلار ھە دىسىلا بىر نىيمىلەرگە باھانىداپ بايلارنى يوقاتتى ياكى بايلىقىنى مۇسادىرە قىلدى. ھېچ بىر ئەۋلادتا ئىككى ئەۋلاد مىراس قالغان بايلىق بولۇپ باقمىدى. دۇنيادا مىڭ يىلدىن بېرى مىراس بولۇپ، ۋارىسلىق قىلىنىپ كېلىنىۋاتقان بايلىق ۋە ئاق سۆڭەكلىك مەرتىۋە مەۋجۇت، تونىلاپ ئالتۇن، جاھاۋىراتلارغا ئىگە بايلار بار. بىزدە بارمۇ؟ بىزدە ئەڭ باي سانالغانلارنىڭ قانچىلىك بىرنىمىسى باردۇ؟ سەۋەبى، بىز مۇستەملىكىدە ياشاپ كېلىۋاتقىنىمىز ئۈچۈن مۇستەملىكىچىلەر بىزنى قەرەللىك ھاالدا قىرقىپ تۇرىدۇ. خۇددى بىدىگە ئوخشاش ئۆسۈپ تەييار بولغاندا ئۈتتۈرۈلۇق ئوروپ باغلىغاندەك، پات ـ پات «سويغان پىيازدەك» يالىڭاچلاپ تۇرىدۇ.

پەقەت كوممونىست ئىستىلاسىدىن كېيىنلا يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، «بەشكە قارشى»، «ئۈچكە قارشى»، كوممونالاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەركىتى، ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغىنىنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دېگەن سىياسى ھەرىكەتتە سىرىپ- سۈپۈرۈپ ئېلىشتى. بۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچتىن ھىساپ ئېلىش» دېگەن ھەرىكەت يۈرگۈزۈلۈپ، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچتى! يوشۇرۇلغان ئالتۇنلارنى ئېلىش ئۈچۈن كەمبەغەل ـ دېھقان، قېپقىزىل يالالنما دېھقانلارنى دەي ـ دەيگە سېلىپ، بايلارنىڭ ئۆيلىرى قېزىلدى. تاملىرىنى چاناپ ئاختۇرۇشتى... بۇنىڭ ئىچكى سىرى شۇ يەردىكى، خۇددى بۈگۈنكى خىتايلار تەرىپلەۋاتقاندەك ـــ ماددى مەدەنىيەت مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسى! يەنى پۇل بولسا مەكتەپ، ئوقۇش، كىتاپ بولىدۇ. پۇلى بار ئادەم ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەش شارائىتىنى يارىتىپ بېرەلەيدۇ؛ پۇل بولسا تاشقى دۇنيانى كۆرگىلى، نەزەر دائىرىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ ھەم ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ قۇللۇق

www.uyghurkitap.com

نىمە؟ ھۆرلۈك نىمە؟ بىز نىمە؟... دېگەنلەرنى بىلىشكە ئىمكانىيەت بولىدۇ. پۇل بولغاندا مۇسابايلاردەك تېرە زاۋۇدى قۇرۇش، تاشاخۇنۇمدەك سەرەڭگە زاۋۇدى قۇرۇش مۇمكىن. مىللى سانائەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش مۇمكىن. مىللى سانائەتنىڭ بارلىققا كېلىشى مىللى بۇرژۇئازىيىنى تۇغۇدۇ. مىللى بۇرژۇئازىيە شۇ مىللەتنىڭ ئاڭلىق تەبىقىسى، مىللى سانائەت ئىشچىلار سىنىپىنى پەيدا قىلىدۇ. ئىشچىلار سىنىپى مىللى ئىنقىلاپ، ئىسلاھات ۋە باشقا يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكەتلىرىدە ئىلغار سىنىپ بولۇپ، ئاۋانگارتلىق رول ئوينايدۇ.

ئىقتىساد — ئىنساننىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ، ئىقتىساد — خەلقنى ئۇيغۇتىدۇ، ئىقتىساد — ئىنقىلاپنى ماددى ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ. ئىقتىساد — تەبئى رىقابەت ئېڭى شەكىللەندۈرىدۇ، ئىقتىساد — مىللەتنى تونۇتىدۇ. مەسىلەن: يەھۇدىلار 2000 يىللىق ۋەتەنسىزلىك، مىللى خورلۇنۇشتىن قۇتۇلۇپ، دۇنيا سىياسى سەھنىسىدىكى قازىغا ئايلاندى ھەم دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ ئاساسەن پۇلنىڭ كۈچىدىن بولدى.

ئەنە شۇ سەۋەپلەرگە كۆرە مۇستەملىكىچىلەر مۇستەملىكە خەلقنىڭ نامرات بولۇشىنى ئىستەيدۇ. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى ئىنقىلاپ (قارشىلىق) ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىقتىسادى ئاساس يارىتىۋالماسلىقى — ئىقتىسادنىڭ بىرىيەرگە توپلۇنۇپ كۈچ ھاسىل قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر ۋىلايەتتە بىرخىل پۇل تۈزۈمى يولغا قويغان بولۇپ، قەشقەرنىڭ پۇلى ئاقسۇدا ئۆتمەيدىغان بىرخىل قېيىن ئۆتكەلنى شەكىللەندۈرگەن... بۇنىڭ بىلەن ئىنتايىن زور بىر قولايسىزلىق يارىتىلغان. دە، ئەگەر بىرەر ئىنقىلاپ تەييارلانغان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئىئانە توپلانغان تەقدىردىمۇ مەبلەغنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قولايسىز ۋە ئاسانلا چېنىپ قالىدىغان بىر ئىش ئىدى. شۇ زاماندا

يەنە سودىگەرلەرنىڭ چەتئەلگە چىقىشى ئىنتايىن قىيىنلاشتۇرۋېتىلگەن بولۇپ، پاسپورت ئېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل كېتەتتى. «شەرقى تۈركىستاندىكى مىللىتارىستلار» دېگەن كىتاپتا بۇ ھەقتە شۇنداق يېزىلغان: «ئەينى زاماندا شەرقى تۈركىستانلىق تىجارەتچىلەرگە قارشى ئىقتىسادى بېسىملار ئىجرا قىلىندى. يەنى چەتئەلگە چىقماقچى بولغان شەرقى تۈركىستانلىق بىر تىجارەتچىنىڭ پاسپورت ھەققى ئۈچ ھەسسە ئۆستۈرۈلدى، يەنە كېيىنرەك ئون ھەسسىگە چىقىرىلدى»[①]. (ئورنى كەلگەندە قىستۇرۇپ ئۆتەيلى) خۇددى بۈگۈنكى كۈندىمۇ خىتايلار بىز ئۈچۈن پاسپورت بېجىرىشنى شۇقەدەر قىيىنلاشتۇرۇپ قويغان. ئادەتتە بىر خىتاي ئۈچۈن 700 يۈەنگە پۈتىدىغان پاسپورت، بىر شەرقى تۈركىستانلىق ئۈچۈن 7000 يۈەنگىمۇ پۈتمەيدۇ. بۇ ئىشلار ئاجايىپ ئۆستۈلۈق ۋە ھارامزادىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» دېگەن ئالدامچىلىقىمۇ خىلاپ كەلمەيدۇ: «سىرتقا قارىتا ئىشىك ئوچۇق» بولۇپ، چەتئەلگە چىقىۋاتقانلار مەۋجۇت، چەتئەلگە چىقىش چەكلەنگىنى يوق. تەكشۈرۈپ بېرىلسا ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىدە پاسپورت ھەققەتەنمۇ 700 يۈەن، ھۆكۈمەت باھانى ئۆستۈرىۋالغىنى يوق،... قاراڭلار، بۇ ئۆستۈلۈقنى! ئەمما، بىز ئۈچۈن ھازىرلانغان پاسپورت بېجىرىش تەرتىپى ــ ئارىلىقتا دەللاللار، ھايانكەشلەرنىڭ بولۇشى پۈتۈنلەي خىتاي ھۆكۈمرانلىرى قەستەن كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋە بىلمەسكە سېلىپ كۆز يۇمىۋاتقان نورمالسىز تەرتىپتۇر. خىتايلارنىڭ ئەسلى نىيىتى بىزنى چەتئەلگە چىقىشتىن ــ ئۇ يەردە ھۆرلۈك - ئەركىنلىك ھەققىدە ئاڭلاپ

---

[①] ئاندىرېۋ. د. ۋ. فوربىس

ۋەكۆرۈپ كۆزى ئېچىلىپ كېتىشىدىن چەكلەش، نامراتلاشتۇرۇشتۇر! ئەگەر ئاشكارا ھالدا چېگرانى تاقاپ، ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، يەرلىك خەلقنىڭ چەتئەلگە چىقىشى توختۇتۇلدى دېسە، بۇ ئۇلارنىڭ دۇنيانى ئالداۋاتقان مىللىي باراۋەرلىك ھەققىدىكى چىرايلىق شۇئارلىرىغا توغرا كەلمەيدۇ، شۇنداقلا غەپلەتتىكىلەر ئۈچۈن مىللىي ئويغۇتۇش سىگنالى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ھەممە ئورۇندا ئىش بېجىرگۈچىلەر خىتايلار بولغىنى ئۈچۈن، رەسمىي بويرۇقسىزمۇ بۇ نىشاننى ئورۇندىغىلى — شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ چەتئەلگە چىقىشىنى ئەڭ تۆۋەن چەكتە تېزگىنلىگىلى، شۇنداقلا مۇرەككەپ مۇناسىۋەت چەمبىرىكى ئارقىلىق ھەم خىتاي خوجايىنلىرىنىڭ يانچۇقىنى تولدۇرغىلى، ھەم بېچارە قول خەلقنى ئىقتىسادى جەھەتتىن توسىراتقىلى بولىدۇ (بۇ مۇرەككەپ جەرياندىن زېرىككەن، بېشى قاتقانلار ئۆيىدە ئولتۇرسۇن، چىدىغانغا چىقارغان، دېگەن گەپ!). يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 50 دوللارغا يەتمەيدىغان بۇ نامرات ئەلدە بىر پاسپورت ئۈچۈن مىڭ دوللار نەرق چىقىرىلسا قانچە ئادەم بۇنى ئېلىشقا قادىر بولار؟ يەنە بىر قىزىق ئويۇننى ئورنى كەلگەندە قىستۇرۇپ ئۆتەيلى: خىتايلار كېيىنكى يىللاردا پاسپورت ئىشلەش جەريانىدا «چىرىكلەشكەن» بىر قىسىم رەھبەرلەر ۋە بىر قىسىم پاسپورت ھايانكەشلىرىگە زەربە بەردى. ئىش بېجىرگۈچىلەرنىڭ 99% ى خىتاي بولغان بۇ مۇستەملىكىدە تەبىئىي ھالدا پاسپورت ھايانكەشلىكىدىكى پايدىنىڭمۇ شۇنچە پىرسەنتىنى خىتايلار ئالىدىغانلىقى ھەممە ئادەمگە ئايان ئەقەللىي ئۇقۇم بولسىمۇ، پەقەتلا «يۇندىسىنى ئىچكەن»، شورى قۇرۇغۇر ئۇيغۇردىن بىر نەچچىسى تۇتۇلدى. ئالغان پايدىلىرى «بۇرنىدىن بۇلاق» قىلىنىپ تارتۇۋېلىندى (يەنە بايلىقنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقتا توپلۇنۇپ قېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى).

ئەمدى ئەسلى گېپىمىزنى داۋام قىلايلى:

شىڭ شىسەينىڭ نەچچە مىڭ باينى «خائىن» ئاتاپ ئاشكارە ـ يوشۇرۇن تۇتقۇن قىلىپ، ئىز ـ دېرەكسىز يوق قىلىۋېتىشى، بايلىقىنى مۇسادىرە قىلىشى، ئوخشاشلا بىر مەخسەت ئۈچۈن ئىدى. كوممونىستلارنىڭ «يەر ئىسلاھاتى»، «زومىگەرلەرگە قارشى»، «ئۈچكە قارشى»، «بەشكە قارشى»، «سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەركىتى»... قاتارلىق ئاخىرى ئۈزۈلمەيدىغان سىياسى ھەرىكەتلىرىدە ھامان بايلارنى ئوبيېكت قىلىشى ئەنە شۇ سىياسى يوق قىلىش نىشانى ئۈچۈن ئىدى. سىز ئويلايسىز، بىز سىياسىغا ئارىلاشمايمىز، ئىنقىلاپلارغىمۇ ئىئانە بەرمەيمىز، ئۇنداقكەن بىز بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ نېمە ئىشى؟ ياق! ئۇنداق ئاددى ئىش ئەمەس! خىتايلار شۇنى ئويلايدۇكى، سىز بىچارىلىك بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ خانىدانى ئۈچۈنلا ياشايدىغان بولسىڭىزمۇ، يەنىلا بىر مۇسۇلمانسىز، بىر ئۇيغۇرسىز، مۇستەملىكە ئەلنىڭ بىر ئەزاسىسىز. ئۇنداقكەن، مىللى كۆتۈرۈلۈش بولسا سىزدىكى بايلىق ھامان ئىنقىلاپچىلارغا تەييار مەبلەغ بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا سىز ئىئانىدىن ئۆزىڭىزنى ھەرقانچە قاچۇرسىڭىزمۇ، خىتايلارغا ياخشىچاق بولۇۋالسىڭىزمۇ يەنىلا سىزنىڭ نەسەبىڭىز خىتاي بولمىغانىكەن، خىتايلار سىزگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇ ھالدا خاھلىغان پەيتتە سىزنى يالىڭاچلاپ قويالايدۇ. بانكىدا پۇل قويۇش ئارقىلىق خىتايلارنى ئىقتىسادى ئۈچۈر بىلەن تەمىنلەۋاتقانلىقىڭىز ئېسىڭىزدە بولسۇن.

يۇقۇرىدا ئۆتمۈشتىكى خىتايلار بىلەن بۈگۈنكى خىتايلارنىڭ ئوخشاش مۇددىئا ئۈچۈن، ئوخشاش ۋاستە بىلەن نامراتلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى سېلىشتۇردۇق. ئەمدى يەنە بىر سېلىشتۇرمىنى كۆپچىلىككە سۇنىمىز:

40 ـ يىللاردا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئالۋان ـ سېلىقى

ھەددىدىن ئاشقان زامانلاردا «بالاڭ ‹زىۋارى› (خىتايچە ئوغرى دېگىنى) غا قوشۇلغىنى ئۈچۈن جېرىمانە» دەپ ئالىدىغان بىرخىل ئىقتىسادى جازا بارئىدى. ئىلىدا پارتىلىغان شەرقى تۈركىستان ئازادلىق ئىنقىلاۋىنىڭ ئىشتىراكچىلىرىنى «ئالتە ئوغرى» دەپ ئاتايدىغان خىتايلار، بالىلىرى ئىنقىلاپقا قوشۇلغان ياكى شۇنداق گۇمان قىلىنغان كىشىلەرگە جېرىمانە قويۇپ، ئىقتىسادى بېسىم ئارقىلىق ھەم نامراتلاشتۇرۇش مەقسىدىگە يېتىشنى، ھەم پۇل ئۈندۈرۈۋېلىشنى شۇنداقلا، ئىنقىلاپقا ئىشتىراك قىلىدىغانلارنى ئۆز ئائىلىسىنىڭ قولى بىلەن چەكلەشنى كۆزلىگەن ئىدى. بۈگۈنكى كوممونىست خىتايلار يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى قامايدىغان ئادەملەر كۆپۈيۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بىر قىسىم ئەمەلى ھەركىتى بولمىغان، پەقەتلا ھەقنى تەشۋىق قىلىدىغان كىتاپلارنى ئوقۇغان ۋە لېنتا ئاڭلىغانلارنى بىر- ئىككى ئاي قاماپ 10~15 مىڭ يۈەن جېرىمانە ئېلىپ قويۇپ بېرىدىغان يېڭى «ھۈنەر»نى تاپتى. مانا بۇمۇ خۇددى 40 - يىللاردىكى خىتايلارنىڭ قىلغىنى بىلەن ئوخشاش خاراكتېردا بولۇپ، پەقەت ئېغىرلىق دەرىجىسى ئۈنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق. بۈگۈنكى خىتايلار ۋەھشىلىكتە تارىختىكى ئەجداتلىرىدىن ئاللىقاچان ئېشىپ كەتتى، شۇنداقلا شۇلۇۋېلىش جەھەتتىكى تەدبىرچانلىقىمۇ ۋايىغا يەتتى: ئۇلار پىلانلىق توغۇت سىياسىتىنى مەجبورى قوبۇل قىلدۇرۇشتىمۇ ئىقتىسادى جازانى قورال قىلماقتا. بۇ جەھەتتىكى رەھىمسىزلىكى، ۋەھشىلىكى ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنگىدەك دەرىجىگە يەتتى. بىر بالىنىڭ «ئارتۇق» توغۇلىشى تۈپەيلى ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ، مەڭگۈلۈك قاشقىلىقا پېتىپ كېتىدىغانلارنىڭ سانى كۆپەيمەكتە. بۇندىن باشقا ھەرقانداق بىر ئىشتا جېرىمانىنى ئاساس قىلىش «مودا» بولۇپ قالدى. روشەنكى، بۇنىڭ بىلەن

خىتايلار ھەم نۇرغۇن مىقداردا پۇل توپلىۋېلىپ، كۈنسېرى كۆپەيتۈرۈلىۋاتقان ساقچى ئىتلىرىنىڭ ئارتىپ بېرىۋاتقان مالىيە خىراجىتىنى قامدايدۇ؛ ھەم بۇ ھېچ نېمىسى بولمىغان خەلقنى ئۆيىدىكى بارى- يوقىنى ساتتۇرۇپ جېرىمانىگە ئېلىۋېلىش بىلەن ئۇلارنى ئىقتىسادى جەھەتتە ئەبەدى بېلىنى رۇسلىيالمايدىغان ھالغا كەلتۈرىدۇ. تېخىمۇ يامىنى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئاڭسىز ۋە ئاجىز بولغان مەنىۋى دۇنياسىدا بۇنداق «نامراتلىقتا ئېلىپ بارىدىغان» ئىنقىلاپلاردىن بىزار بولۇش كەيپىياتى، بالىلىرىنى ئۆزلىرى كونترول قىلىشتەك، خىتايلارنىڭ «قولىنى سوۋۇتىدىغان» ئاڭسىز ياردەم مۇھىتى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغاندۇر (دېمىسىمۇ، بىرمۇنچە ئاڭسىز ئادەملەر جاسۇسلارنىڭ سوۋۇتۇش دەي- دەيى بىلەن، نۆۋەتتىكى كۆرەشكە ئەنە شۇنداق تەتۈر ئىنكاسلاردا بولۇشقا باشلىدى. چۈنكى، ئەسلىدىمۇ ئاجىز بولغان مىللى پسىخىكىدا ئومۇمى مىللى مەنپەئەتتىن، ئەنە شۇ ئوننەچچە مىڭ سوم شەخسى مەنپەئەت ئۈستۈن تۇراتتى).

بىزنىڭ پاجىئەگە تولغان تارىخىمىزدا مىللىتىمىزدىن چىققان بايلارنىڭ بايلىقى ئۆزىنىڭ شورىنى قۇرۇتتى. قانچە باي بولسا شۇنچە جىنايەت، شۇنچە زومىگەر ھېساپلىنىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. قالغانلىرىمۇ تۈرمىلەردە چىرىدى،... ئۇزۇن يىللار ئازاپلاندى،... ھەي، بەلكىم شۇ بىچارىلار ئەينى ۋاقىتتا بايلىقلىرىدىن ئاللاھ بەلگىلىگەن ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلمىغان ياكى تولۇق ئادا قىلمىغان بولغىيتى، ئۇ ئۆز خاھىشى بىلەن، خوشال- خۇرام ھالدا «جەننەتنى سېتىۋالىدىغان» يولارغا پۇل بېرىشنى خالىمىغان بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك بەخت- سائادىتى ئۈچۈن پۇل سەرپ قىلىشنى خالىمىغان بولسا، ئۇ پۇلدىن ئۆزلىرىمۇ پايدىلىنالمىدى. پۇل ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقتى، دۈشمەن ئۈچۈن — كاپىرلار ئۈچۈن

بايلىق توپلاپ بەرگەندەك ئىش بولۇپ قالغانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر قەۋمنىڭ سىياسى ۋە ئىقتىسادتا... بىر-بىرى بىلەن تەقدىرداش بولۇدىغانلىقىنى، ئۆزىنى ئېپقېچىش بىلەن ئاللاھنىڭ ئۇ دۇنيادىكى ھىساپ ئېلىشىدىنمۇ، گەر خالىسا مۇشۇ دۇنيادىكى جازاسىدىنمۇ قۇتۇلۇپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداقلا دۈشمەن بىزنىڭ باي بولۇپ كېتىشىمىزنى خالىمايدىغانلىقىنى، بەك تېرىمىزگە پاتماي، ئۆزىمىزنى كۆرسۈتۈشكە، بايلىقىمىزنى كۆز-كۆز قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەسلىكىمىزنىمۇ ئاگاھلاندۇرىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە خىتايلارنىڭ نىيىتى تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ ياۋۇزلاشتى. مەسىلەن: ياڭ، جىن دەۋرىدە يەرلىك ئورۇنلاردا — ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە نۇرغۇن مىقداردا ئالتۇن-كۈمۈش ساقلىناتتى. تارىخى ئەسلىمىلەردىن قارىغاندا 30 - يىللاردا قەشقەر غەزىنىسىدە تۆرت توننا ئالتۇن، ئون ئالتەتوننا كۈمۈش بولغان. بۇنىڭدىن نېمىنى چۈشۈنىمىز؟ بۈگۈنكى كۈندە يەرلىك ئورۇنلاردىكى بانكىلاردا ئالتۇن-كۈمۈش ساقلانمايدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلسە كېرەك. مانابۇ سېلىشتۇرما، بۈگۈنكى خىتاي كوممونىستلىرىنىڭ تارىختىكى ھەرقانداق ئەجداتىدىنمۇ كۆزى كىچىك، ئىچى قۇتۇر، نىيىتى ياۋۇز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار بىزنى ئەتىگەنلىكىمىزنى تاپساق چۈشلىكىمىز ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان بىر ھالغا كەلتۈرمىگىچە بولدى قىلمايدۇ. ئەنە شۇ ھالغا چۈشكىنىمىزدە بىزدە چىڭقىراق تىنىغۇدەكمۇ ئىمكانىيەت قالمايدۇ.

بۈگۈنكى مىللى تەقدىرىمىزنىڭ خەتىرىنى تونۇش، بۇ خەتەرنىڭ دەرىجىسىنى توغرا چۈشۈنۈش — ھەر بىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسى. ئەگەر بۇنى تونىماي بىخودلۇق بىلەن «پارتىيىنىڭ پارلاق مىللى سىياستى بىزنىڭ باي بولۇشىمىزنىڭ كاپالىتى»



www.uyghurkitap.com

دەپ مودا شۇئارلارنى كاللىمىزغا قاچىلىۋېلىپ يۈرسەك، بۇ بىز ئۆچۈن قانداق ئاقىبەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقنى بىلىشىمىز كېرەك. تارىختا بۇنداق بىخوتلۇق پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت ئېلىپ كەلگەن بولسا، بۈگۈنىنىڭ خاراكتېرىستىكىسى شۇكى، ئەمدى كېلىدىغىنى ئۆلۈم! پۈتۈنلەي يوقۇلۇشتۇر!

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرىسى

# «ئومۇمى مەنپەئەت ئىقتىسادى ئېڭى»نى تىكلەيلى

بىزنىڭ «بىر نان تاپسا داپ چالىدىغان» غەلىتە كۆرەڭ مىجەزىمىز ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىگە ئايان. تۆرت تەڭگە پۇلنى كۆرسەكلا خورىكىمىز ئۆسۈپ تۇتقىلى بولمايدىغان ھالغا كېلىپ قالىمىز. بىرەر موتوسىكىلىت مىنىۋالىدىغان بولساق جاھاننى بېشىمىزغا كېيىۋالىمىز، گويا بىز كەبى باي، بىزدەك نوچى يوقتەك. مانا بۇ بىزنىڭ بېكىنمە ھاياتىمىزنىڭ، دۇنيادىن بىخەۋەر، تار بىر دائىرىدىن چىقماي ئۇزۇن زامان ياشىغانلىقىمىزنىڭ مەھسۇلى. بۇنداق كىبىرلىك ئىسلامىيەت روھى بىلەن ھېچ كېلىشەلمەيدۇ. چۈنكى ئايەتتە: **«كىبىرلەنمە، ئاللاھ كىبىرلەنگۈچىلەرنى ھەققەتەن دوست تۇتمايدۇ»** دېيىلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللەتنىڭ ئومۇمى ھالى، ئومۇمى تەقدىرى نوقتىسىدىن ئېيتقاندا ھەم بىزگە كىبىرلىنىشلەر، كېرىلىپ كېتىشلەر، قىن - قېنىمىزغا پاتماي قىيىغېتىشلار، كىبىرلىك ۋە ھەشەمەت بىلەن ياشاش مۇناسىپ ئەمەس. چۈنكى بىز دۈشمەنلىرىمىز تەرىپىدىن ئۆلۈمگە بويرۇپ بولۇنغان، ئىجرا قىلىش ۋاقتى كۈتۈلۈۋاتقان مەھبۇسىمىز. بىر ئادەم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بولسا، بىر - ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئىجرا قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ ئادەم قانداق روھى ھالەتتە بولۇشى مۇمكىن؟ ئەگەر ئۇ خۇدىنى بىلمەي خوشاللىنىپ، كۈلۈپ- ھىجىيىپ يۈرىدىغان بولسا كىم ئۇنى «ئېلىشىپ قاپتۇ» دېمەس؟ خۇددى شۇنداق، ئومۇمى مىللى ۋەزىيىتىمىز جەھەتتىن بىزمۇ خۇددى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان تۇرۇقلۇق، ئېلىشىپ قالغاندەك يۈرمەكتىمىز. بۇ ھەقتە بىر بۇرادىرىمىزنىڭ ئىلگىرى سۆزلەپ بەرگەن

مۇناسىۋەتلىك بىر ھېكايىسى يادىمغا كەچتى: ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇ ئاپتوۋۇز بىلەن ئۈرۈمچىدىن كېلىۋاتقانىكەن، ئورنى بىر چەتئەللىك ساياھەتچى بىلەن بىرگە توغرا كېلىپ قاپتۇ. تىل بىلمىگەنىدىن كېيىن سۆز قىلماستىن جىمجىت ئۆز خىياللىرىنى سۈرۈپ كېتىۋېرىشىپتۇ. ئالدىدىكى ئىككى قاتاردا پەۋقۇلئاددە شوخ يىگىتلەر ئولتۇرسا كېرەك، ئىش قىلىپ، زامانىسىنىڭ ئەڭ مودىلىق، نوچى، ھېچ نىمىدىن تەپ تارتمايدىغان ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ نە سۆزى، نە كۈلكىسى توختىماپتۇ. ھەممىنىڭ جېنىغا تىگىپتۇ. بىراق ھېچكىم ھاي بېرەلمەيدىكەن، چۈنكى بۇ نوچىلارنىڭ پەيلى شۇنداق يامان ئىكەن، ئەركىن ئۆسكەن، ھېچقانداق چەكلىمە، تەنبىھكە ئۇچراپ باقمىغاندەك ئەركىلىكى ھەرقانداق ئادەمنى ئەيمەندۈرەركەن ... ئاخىرى بۇ تېتىقسىز قىقىلداشلاردىن تاقىتى پۈتكەن چەتئەللىك ساياھەتچى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ: «نېمە، سىلەرگە بىر كىمىڭلارنىڭ تويى بولۇۋاتامدۇ؟ شۇقەدەر بەختىيارلىق بىلەن تېلىقىپلا يۈرگۈدەك نېمە ئىش بار سىلەردە؟ ئەقلىڭلار بولسا كۈلۈش ئەمەس يىغلاش كېرەك سىلەرگە! قارا، ئۇياققا (ئۇ دېرىزىدىن يول بويلىرىدا چۆمۈلىدەك قىمىلدىشىپ نېفىت تۇربىلىرى ئۈچۈن خەندەك قېزىۋاتقان خىتايلارغا ئىشارەت قىپتۇ) بۇلاردىن نېمىنى ھىس قىلىسىلەر؟ دېمەك، ھېچنىمىنى! ۋاي، گالۋاڭلار! ...». بۇرادىرىم ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەپ كەتكىنىدىن ھەيران بوپتۇ، شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىۋاتقىنىغا خېلى كۆپ يىلار بولغان تۈركلوگ ئىكەن. ئۇ بۇرادىرىمىزنىڭ: يېقىنىدىن بېرى ۋەتىنىمىزگە كېلىپ نېمىلەرنى كۆردىڭىز؟ دېگەن سۇئالىغا، ئۇ: «بىر قەدىمى مەدەنىيەتلىك مىللەتنىڭ يوقۇلۇشقا يۈز تۇتقانلىقىنى كۆردۈم، ئەگەر خىتايلار ھازىرقى

www.uyghurkitap.com

سىياسىتىنى يەنىمۇ قەبىھلەشتۈرمىگەن، شۇ ھالەتنى ساقلىغان ھالدا يەنە 50 يىلنى ئۆتكۈزسە، بىر قەدىمى مىللەت يەر يۈزىدىن يوق بولغۇدەك، دېگەنلەرنى ھېس قىلدىم» دەپتۇ. ئاندىن ئېچىنىش بىلەن: «سىلەرنىڭ ئورنۇڭلاردا بولغىنىمدا ھېچ كۈلەلمىگەن بولاتتىم» دەپتۇ.

دېمەك، بىز ئۇقەدەر كىرىلىپ كەتكۈدەك ھالدا ئەمەسمىز، بىزگە كۈلكە ئەمەس، يىغا يارىشىدۇ (بۇ ئۈمىدسىزلىكنى تەرغىپ قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، كەيپىيات مەسىلىسىگە قارىتىلغان ئوخشۇتۇش، ئەلۋەتتە). ئىجراسى يېقىنلىشىۋاتقان ئۆلۈمدىن قانداق قۇتۇلۇش ھەققىدە باش قاتۇرۇش، ئاخىرەت ھەققىدە — ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قانداق يۈزىمىز بىلەن بېرىش (چۈنكى ئاللاھ بىزنى قۇلغا قۇل بولۇشقا — ئىنسانغا قۇل بولۇشقا ياراتمىغان) ھەققىدە — باش قاتۇرۇش بىزنىڭ نۆۋەتتە قىلىدىغان ئىشىمىزدۇر. بۇ ئىشلارنىڭ كونكرېت تەپسىلاتلىرى خېلى كۆپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەققىدە توختۇلۇش ناھايىتى زور ئەقلى كۈچ ۋە ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ. بىز بۇ يەردە پەقەت ئىقتىسادى ئېگىنى تىكلەش، بولۇپمۇ «ئومۇمى مەنپەئەت (پۈتۈن مىللەتنىڭ ئومۇمى مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغان) ئىقتىسادى ئېگى»نى تىكلەش مەسىلىسى ھەققىدە بىلگەن ۋە ھېس قىلغانلىرىمىزنى قېرىنداشلىرىمىز بىلەن ئورتاقلاشماقچى. چۈنكى قۇللۇقتىن قۇتۇلۇشتا ئىقتىسادنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ، ناھايىتى چوڭ!

باشقا مىللەتلەردە ئىقتىسادى ئېگى قانداق بولىدۇ؟ ئومۇمى مەنپەئەت ئىقتىسادى ئېگى قانداق بولىدۇ؟ سېلىشتۇرۇش مەقسىتىدە بەزى مىساللارنى كەلتۈرىمىز.

تەيۋەنلىك خىتاي يازغۇچى بەي ياڭنىڭ «رەزىل خىتايلار» دېگەن كىتابىدا خىتايلار بىلەن ياپونلارنىڭ سودا ئىقتىساد ئىشلىرىدىكى ئەخلاقى مۇنداق سېلىشتۇرۇلغان:

«بىر ياپون بىر چوشقىغا ئوخشايدۇ، ئۈچ ياپون (ئۈچ چوشقا) بىرلەشسە بىر ئەجدەرھاغا ئايلىنىدۇ؛ بىر خىتاي بىر ئەجدەرھاغا ئوخشايدۇ، ئۈچ خىتاي (ئۈچ ئەجدەرھا) بىرلەشسە بىر چوشقىغا، ھەتتا بىر قۇرۇتقا ئايلىنىپ قالىدۇ». بۇنداق بىرلىشەلمەيدىغان ئىناقسىز سۈپەتتىن ئېيتقاندا بۇ سېلىشتۇرما خىتايلارغا ئەمەس، بىزگە تېخىمۇ ماس كېلىدىغانلىقىنى ھەربىر ۋەتەندىشىمىز رەت قىلالمىسا كېرەك. لېكىن يەككە ھالدىكى سودا ئېڭى جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ بىز خىتايلاردىن كۆز يەتكۈسىز تۆۋەن تۇرىمىز. بۇنىمۇ كۆپچىلىك ئىنكار قىلمىسا كېرەك. كەمىنە خىتايلارنىڭ رەخت سانائىتى مەركەزلەشكەن شاۋ شىڭ شەھىرىدە رىكشىچى خىتايلار بىلەن ئەھۋاللىشىپ قالغانىدىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى رىكشىچىلىك قىلىپ 3~4 يۈزمىڭ يۋەن پۇل تېپىپتۇ. لېكىن يەنىلا ئاددى- ساددا ھالدا كىراكەشلىك قىلىشنى داۋام قىلىۋېتىپتۇ. شۇچاغدا مەن شۇنداق ئويلىغانىدىم، ئەگەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىق شۇنداق كەسىپ بىلەن پۇل تېپىپ، ئۆزىدىن ئېشىنىپ 10 مىڭ يۋەن ئارقىسىغا تاشلىغان كۈنى نېمە بۇلار؟ جەزمەنكى بۇ «ئاش بەرگەن قازان»نى ياراتمايدىغان، ئۇ كەسىپتىن نومۇس قىلىدىغان بىر ھالغا كېلىشى چوقۇم! شۈبھىسىزكى، ئۇ 3~4 مىڭغا بىردانە نىمكەش موتوسېكلىت ئېلىپ مىنىۋالسا جاھانغا پاتماي يۈرۈشى، كىراكەشلىكنى تاشلاپ، بىرەر «سۈپەتلىك» تىجارەتكە «كەسىپ ئۆزگەرتىشى» تەبىئى. بۇ سېلىشتۇرمىلاردىن دۇنياغا — رېئاللىققا ئىككى خىل كۆز بىلەن قاراش مەۋجۇت: بىرى ئەقلى تەپەككۇر كۆزىدە قاراش، يەنە بىرى ھىسسى تەپەككۇر كۆزىدە قاراش. يوقۇرىدىكى مىسالدا: خىتاي ئۆز رىقابەتچىلىرىنىڭ پۇل تاپقانلىقىدىن ئىبارەت ئۈستۈنلۈكنى — نەتىجىنى (ماھىيەتنى) دورايدۇ، پۇل تېپىشتىكى ۋاستىنى بولسا ئۆز ئېپى، ئۆز ئىمكانىغا يارىشا ئۆزى تاللايدۇ؛

شەرقىي تۈركىستانلىقلار بولسا رىقابەتچىسىنىڭ «باي بولغان»لىقىدىن ئىبارەت نەتىجىنى دورىمايدۇ ۋە شۇ نىشانىنى قوغلاشمايدۇ، ئەكسىچە ۋاستىلار، تاشقى شەكىل بىلەن پىكىرىنى بەند قىلىپ قويىدۇ. دە، «سەن مىنگەن موتونى مەن مىنەلمەمتىم» دېگەن قىتىغۇر خىيال ئۇنىڭ ئەقلى ئۈستىگە مىنىۋالىدۇ. مانا بۇ تەتۈر رىقابەت ئېڭى!

ئادەتتىكى ئەھۋالدا بىز: «شەلىك (شەھەرلىك) سەھراغا بارسا سەھرالىق قوي سويىدۇ، سەھرالىق شەھەرگە كەلسە شەلىك سۇنچاي قويىدۇ» دەپ سېلىشتۇرىمىز. بۇ ئەمەلىيەتتە سەھرالىق ۋە شەھەرلىك ئادەملەرنىڭ ئىقتىسادى رىقابەت ئېڭىدىكى پەرقتۇر. ئۇندىن باشقا چارۋىچىلىق بىلەن شوغۇللىنىدىغان خەلقلەرنىڭ ئاتالمىش «مېھماندوستلىقى» سۈت - قايماقلىرىنى سېتىشنى نومۇس بىلىشى، ... قاتارلىقلارمۇ ئىقتىسادى رىقابەت ئېڭىنىڭ نەتىجىسى.

رىقابەت ئېڭىمىز (ئىقتىسادى رىقابەت ئېڭى)نىڭ تۆۋەنلىكى، تۇرغۇنلىقى تۈپەيلى ئومۇمى مەنپەئەت ئىقتىساد ئېڭىمىزمۇ ناھايىتى بۇزۇق. ئۆز ئارا ياردەملىشىش، كىرىزىستىن ئورتاق قۇتۇلۇش روھى يوق. ئۆزئارا ئىگىلىك ئىشلىرىدا بىر - بىرىمىزنى يۆلەشنىڭ ئەكسىچە، ھەسەتخورلۇق، قىتىغۇرلۇق بىلەن دۈشمەنلىك ھېسسىياتىدا بولۇش كەيپىياتى ناھايىتى ئېغىر. مەسىلەن: ئەگەر بىز قوشنىمىز مەھەللىدە بىر تۇرمۇش بۇيۇملىرى دۇكىنى ئاچسا بىز كىرەكلىك نەرسىلەرنى شۇ دۇكاندىن سېتىۋالساق (پەقەت ئۇنىڭدا بولمىغاندىلا باشقا يەردىن سېتىۋالساق) ئۇنى قوللىغانلىق، ئۇنىڭغا جۇغلانما توپلۇشۇپ بەرگەنلىك بولاتتى. لېكىن بىز كۆپ ھاللاردا بۇ دۇكاننى يامان كۆرۈپ قالىمىز. قەستەن باشقا يەردىن سېتىۋالىمىز. بەلكىم دۇكان ئېچىش خىيالى بىزدىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئەقلىگە كەلگەنلىكى

ئۇچۇن شۇنداق ئاچچىقىمىز كېلىدىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن شۇ دۇكاننى بىر خىتاي ئاچسا بىزدە بۇنداق ھەسەتخورلۇق بولمايدۇ. ئەكسىچە ئۇنى تېزلا ئاۋات قىلىۋېتىمىز. ئاۋۇ قېرىنداشىمىز خېرىدارسىز قېلىپ دۇكاننى تاقاشقا مەجبۇر بولسا، خىتاينى باي قىلىۋېتىمىز!

ئەمدى بىزدىكى بۇ ئىللەتنى يەھۇدىلارنىڭ ئىقتىساد ئېڭى ۋە مىللىي مەنپەئەت ئېڭىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر ھېكايىگە سېلىشتۇرساق، ئۆزىمىزدىكى نوقسان تېخىمۇ روشەن كۆرۈنىدۇ: بىر يەھۇدى ئۇستامنىڭ بىر شاگىرتى بارىكەن، بىر كۈنى ئۇ شاگىرتنى چاقىرىپ: «كوچىنىڭ نېرىقى بېشىدىكى پالانى دېگەننىڭ دۇكىنىدىن مۇنداق بىر نەرسە ئېلىپ كەل» دەپ بويرۇپ، كېتەرلىك پۇلنى بېرىپتۇ. شاگىرت چىقىپ كېتىپ ھايال بولمايلا ئۇستىسى دېگەن نەرسىنى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ. ئۇستىسى ئۇنىڭ تېز كەلگەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ سوراپتۇ: «بەك تېز ئەكەلدىڭغۇ، مەن دېگەن يەرگە بارمىدىڭمۇ ـ قانداق؟»

— يېقىنىراقتىكى بىر دۇكاندىمۇ بۇنداق نەرسە بارىكەن، يەنە كېلىپ سىز دېگەن دۇكاندىكىگە قارىغاندا بىر سوم ئەرزانىكەن...

— دەپتۇ شاگىرت.

— بولماپتۇ، دەرھال قايتۇرىۋېتىپ، مەن دېگەن يەردىن ئەكەل.

—نېمە ھاجىتى بار؟ —دەپتۇ شاگىرت چۈشىنەلمەي، — بۇمۇ ئوخشاش تۇرسا، يەنە كېلىپ ئەرزان...

—چۈنكى بۇ دۇكاننىڭ خوجايىنى يەھۇدى ئەمەس، شۇڭا قىممەت بولسىمۇ يەھۇدىنىڭ دۇكىنىدىن سېتىۋېلىشىمىز كېرەك. بىر سوم مەن ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس، لېكىن مۇشۇنداق بىر سوملار دۇكاندارغا بېرىپ توپلانسا ناھايىتى كۆپ جۇغلانما ھاسىل بولىدۇ، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ ئۇستىسى. مانا بۇ ئومۇمى مەنپەئەت ئىقتىساد ئېڭى!

ئىش ياراتماي ئىشسىز ئولتۇرۇش، باھا تالىشىپ، كۆپ تاما قىلىپ ئازدىنمۇ قۇرۇق قېلىش بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزغا سىڭىپ كەتكەن ئىللەتتۇر. شۇ تۈپەيلى خىتايلار بىزنىڭ بۇخىل رىقابەتكە تەييارلىقسىز روھى ھالىتىمىزدىن، ئومۇمى مەنپەئەتنى، كېيىنكى مەنپەئەتنى قوغداش روھىمىزنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ بىزنى ھەر ساھەدىن سىقىپ چىقارماقتا. باھا تالىشىپ، ئەرزانغا ئۇنىماي ئىشسىز ئولتۇرىمىز. نەتىجىدە «خىتاي ئەرزانىكەن» دەپ ئىشلىرىمىزنى خىتايغا قىلدۇرىمىز، شۇنىڭ بىلەن كەسىپلىرىمىز، ھۈنەر- سانائەت ساھەلىرىمىز خىتاي كۆچمەنلىرى تەرىپىدىن ئىگەللەنمەكتە. (ئەقىلنىڭ قوماندانلىقىدىكى) ئېڭىمىز بۇ ئىشلارنىڭ يامان بولىۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، مۇستەملىكىگە قارشى تۇرۇش ھالىتىدە بولسىمۇ، لېكىن روھىيىتىمىزگە سىڭگەن مىللىي ئاجىزلىقلار ھەر جەھەتتىن دۈشمەنگە يوچۇق ئېچىپ بەرمەكتە!

مۇستەملىكە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش پەقەت سىياسى ياكى ھەربى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك بىلەنلا ئىشقا ئاشمايدۇ. ئەگەر بىز ئومۇمى مىللەتنى، دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى چىقىش قىلىدىغان ئىقتىساد ئېڭىنى تىكلىيەلمىسەك، ئىقتىسادى جەھەتتە قۇللۇقتىن قۇتۇلالمايمىز؛ سىياسى ۋە ھەربى جەھەتتىكى غەلىبىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈنمۇ ئىقتىساد ئالدىنقى شەرتلەردىن بىرىدۇر. شۇڭا مۆمىن سۈپىتىدە ئىسراپخورلۇق قىلىشقا، كىبىرلىنىپ كۆرەڭلەپ كېتىشكە ھەققىمىز يوق؛ مۆمىن سۈپىتىدە «**مەشرىقتە بىر مۆمىننىڭ ئالقىنىغا كىرگەن تىكەننى، بىز كۆزىمىزگە كىردى**» دەپ بىلىشىمىز كېرەك، بىر مۆمىن قېرىندىشىمىزنىڭ زىيىنى ئۈچۈن يۈرىكىمىز ئېچىشىدىغان، پايدىسى ئۈچۈن خۇشاللىنىدىغان روھى ھالەتتە بولۇشىمىز كېرەك. ئەگەر بىر قاپ سىگارت پۇلىنى تېجەيدىغان

بولساق بۇ بىر تال ئوق، دېمەكتۇر. بىزدە بىرتال ئوقنىڭ كۆپيۈشى بىر دۈشمەننىڭ ئازايىشىنىڭ شەرتىدۇر.

مەرھۇم شېھىد، بارىن ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبىرى، ۋەتىنىمىزنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر كۆرەش قەھرىمانى زەيدىن يۈسۈپ بىزگە ئەنە شۇنداق بىر نادىر ئۆلگە، ئاددى - ساددا تۇرمۇش ئىستىلى، ئومۇمىيەتچىل ئىقتىساد ئېڭىنىڭ شانلىق ئوبرازىنى يارىتىپ بېرىپ كەتتى. بۇ ھېكايە ئۇنىڭ ئالىجاناپ خىسلىتىنى كۆرسۈتۈپ بېرىدىغان جانلىق كارتىنىدۇر:

بىر قېتىم كۇچاردىن بىر مۇجاھىد زەيدىن يۈسۈپ بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ. زەيدىن يۈسۈپ مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۆنى ئاشخانىغا تاماققا تەكلىپ قىلىپ، بىر كىشىلىك تاماق بويرۇتۇپتۇ. مېھمان يىگىت ھەيران بولۇپ:

— سىزچۇ، ئۆزىڭىزگە نېمىشقا بويرۇتمايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

—مېنىڭ قورسۇقۇم توق، — دەپتۇ زەيدىن يۈسۈپ.

— ئەمدى تاماق ۋاقتى بولۇۋاتسا، قاچانقى يېگەن تاماقنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىز، سىزمۇ يەڭ، بىللە يەيلى، — دەپتۇ مېھمان يەنە.

— ياق، يىگۈم يوق، — دەپتۇ زەيدىن يۈسۈپ.

— سىزنى قارىتىپ قويۇپ مەن تاماق يېسەم بولماس، يېرىمنى بولسىمۇ يەڭ.

— مەن جىم ئولتۇرسام خىجىل بولىدىغان بولسىڭىز ئاشنىڭ سۈيىنى ئىچكەچ تۇراي، — دەپتۇ زەيدىن يۈسۈپ، گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ تۇرۇپ. مېھمان ئاشنى يىگۇچە سۆھبىتىنى قىلىپ ئىشىنى پۈتتۈرۈپتۇ ۋە يەنىلا باشقا ئىشلار بىلەن ۋاقىت چىقىرالماي قالماسلىق ئۈچۈن، يېنىدىن نان ئېلىپ، ئاشنىڭ سۈيىگە توگرۈپ يەپ، قورسىقىنى تويغۇزuۋاپتۇ.

بۇ ھالدىن ئوڭايسىزلانغان مېھمان قاتتىق رەنجىپ:

— قۇرسقىڭىز ئاچ ئىكەنغۇ، نېمىشكە تاماقنى بىللە يەيلى، دېسەم مېنى گوللايسىز؟ — دەپتۇ. زەيدىن يۇسۇپ ئۇنى بەزلەپ:

—سىز بۇنىڭدىن رەنجىپ يۈرمەڭ، مېھمان بولغىنىڭىز ئۈچۈن سىزگە تاماق بويرۇشۇم ساھىبخانلىق قەرزىم. ئەمما ئۆزۈم نان يېسەممۇ ھېچقىسى يوق. بىر قاچا ئاشنىڭ پۇلى تېجەلسە، بىر تال ئوق سېتىۋالغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ ئەھۋالىمىز بىزنى ئاددىراق ياشاشقا ئۈندەۋاتسا، بىزنىڭ پۇل بۇزىدىغانغا نېمە ھەققىمىز بار؟ — دەپتۇ.

مېھمان تېخىمۇ رەنجىپ:

— مەنمۇ خۇددى سىز بىلەن ئوخشاش يولدىكى ئادەمغۇ، مەنمۇ بىر تال ئوقنى يۇتۇۋەتمىسەم بولاتتىغۇ؟ — دەپتۇ. زەيدىن يۇسۇپ مېھربانلىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇ بىر قېتىملىق مېھمانلىق ھۆرمىتىڭىز، ئەمدى ئىككىمىز بارىنى تەڭ كۆرىمىز، — دەپتۇ.

مانا بۇ بىر جەڭچىنىڭ تۇرمۇشىدىن كىچىككىنە دېتال.

ئۇندىن باشقا زەيدىن يۇسۇپ كىرا پۇلىنى تېجەش ئۈچۈن قانچە ـ قانچە قېتىم ئاقتۇدىن قەشقەرگە پىيادە كەلگەن، ئەمما ئۇ كۆپ چاغلاردا بۇنداق ئىشلىرىنى ھېچكىمگە بىلىندۇرمەيتى.

لېكىن بىز ئادەتتە تۇرمۇشىمىزدا قانچىلىغان «ئوق»لارنى بىھۇدە يۇتۇۋېتىدىغاندىمىز؟ ھەتتا قانچىلىغان زەمبىرەك ئوقلىرىنى بىھۇدە بۇزۇۋېتىدىغاندۇق؟ بۇلارنى ئەگەر زەيدىن يۇسۇپ روھى بىلەن دەڭسەپ كۆرۈدىغان بولساق، بىزنىڭ روھى جەھەتتە گويا ھۆرلۈككە ئېرىشكىمىز يوقتەكلا بىلىنىدۇ. شۈنچىلىك بىغەم، شۈنچىلىك «نوچى»!

ھۆرلۈككە ئېرىشىمىز دەيدىكەنمىز ئاددى ـ ساددا ياشاشقا، ھەر تىيىننى ھۆرلۈك ئۈچۈن تېجەشكە، ھەربىر ئىشتا ئومۇمى مىللى



www.uyghurkitap.com

مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىشقا تىرىشىشىمىز، بىر - بىرىمىزنى يۆلەش، بىر - بىرىمىزنى كىرىزىستىن قۇتقۇزۇش ئەنئەنىسىنى تىكلىشىمىز لازىم!

# مەخپىيەت ئېڭى تۇغرىسىدا

مەخپىيەت ئېڭى ھەققىدە گەپ كەچكەندە بۇ مىللەتنىڭ غەيۋەتخور خوتۇنلاردەك غەلىتە مىجەزى ئادەمنى بەكلا ئۈمىتسىزلەندۈرىدۇ. ئىككى ئۇيغۇر مەخپىي «ئانتانتا» (ئىتتىپاق) قۇرغان بولسا پاش بولۇپ قالمىغىنى يوق. بەزىلەر «ھەر ئۈچ ئۇيغۇردىن بىرى جاسۇس، شۇڭا بۇ مىللەتكە ئىشەنچ قىلىش خاتا» دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش ئۈمىدسىزلىككە ئېلىپ بارىدىغان، دۈشمەننى بەك كۈچلۈك، پۇختا كۆرسىتىدىغان بىرخىل سۆز-چۆچەك بولۇپ، ھېچقانداق ئەمەلىي ئاساسى يوق، ھەم بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس! ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن ئەڭ يېقىن بۇرادەرلەر، جان - جىگەر قېرىنداشلار ياكى ئاغىنىلەر، باللىقىدىن تارتىپلا بىر- بىرىنى چۈشىنىدىغان بىرنەچچەيلەن ئارىسىدا بولغان گەپلەرمۇ دۈشمەننىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ؟ بۇ مەخپىيەت ئېڭى مەسىلىسى بولۇپ، مىللى پىسخىكىمىزدا ئۇزاق بىر مەزگىللىك بېكىنمە ھايات كەلتۈرۈپ چىقارغان بىرخىل كېسەللىكتۇر!

ئۆزىنى ئەڭ يېتىلگەن دەپ تونۇيدىغان ئۇيغۇردىمۇ مەخپىيەت ئېڭى تۆۋەن بولۇشتەك ئاجىزلىق مەۋجۇت. پەرق شۇ يەردىكى، ئادەتتىكىلەر بىرەر ئىش - ھەرىكەتتىن خەۋەر تاپسا شۇ ھامانلا شاۋ - شاۋ قىلىپ، شۇنداقلا سىرلىق كۆرسىتىپ، «ھېچكىمگە دېمەڭلار» دەپ پىچىرلاپ، ھەممە گەپنى دەۋېتىدۇ. باشقىلارمۇ ئوخشاشلا «ھېچكىمگە دېمەڭلار» دېگەن تاپىلاش بىلەن قوشۇپ يەنە بىر توپ ئادەمگە پىچىرلايدۇ. مانا مۇشۇنداق قىلىپ بۇ گەپلەرنى ئوقمىغان ئادەم قالمايدۇ؛ بىلەرمەنلەر ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن ھامانلا دېمەيدۇ. بىراق، ئۆزىنىڭ «مۇقەددەس سىر»دىن



www.uyghurkitap.com

«خەۋەردار بولالىغان» ئۇلۇغ سالاھىيىتىنى كىشىلەرگە ھېس قىلدۇرغان ھالدا بۇ سىرنى بىر مەزگىل «ساقلايدۇ»: ھەرىكەتلىرى سىرلىق تۈس ئالىدۇ، گەپنى يۇپۇتۇپ قىلىدۇ، ئېغىز تاتىلىغۇچىلاردىن بىلىنەرلىك ھالدا، گويا «مەندە بىر سىر بار، ئەمما سىلەرگە دېمەيمەن» دەۋاتقاندەك بىرخىل ئىپادىنى چاندۇرغان ھالدا گەپنى قاچۇرىدۇ، تېمىنى يۆتكەيدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىدۇ، ئۇ «ئۇلۇغلۇقى»غا يارىشا تۈس ئېلىپ يۈرىدۇ. مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرەر دوستى، كونا بۇرادىرى ياكى شۇنىڭدەك باشقا سالاھىيەتتىكى بىرسى بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ ھاياجىنى قوزغۇلىدۇ- دە، «««ھېچكىمگە دېمەسلىك» ۋەدىسىنى ئېلىپ تۇرۇپ بۇنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى ئۇزاق مەزگىللىك بېكىنمە ھايات بۇ مىللەتنى كۆزى كىچىك، ئانچىكى ئىشلارنى قالتىس بىلىدىغان، قىلچىلىك ئىشتىن «سەمىرىپ» كېتىدىغان«زىدى پەست» قىلىپ قويغان. شۇڭا بۇنداق «قالتىس»لىقنى خەققە بىلدۈرۈشكە ئالدىراش ھەربىرىمىزنى قىيناپ ئارام بەرمەيدۇ، ئۆزىمىزنى كۆرسۈتۈۋېلىشقا ئالدىراپ كېتىمىز. ئاخىرى بىر كۈنى نەتىجىسى كۆرۈلۈدىغان، خەق بۇنى كۆرۈدىغان، ھېچكىم بىلمىگەن تەقدىردە ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چاققىچە زادىلا تاقىتىمىز يەتمەيدۇ.

بىزگە ھاكىمىيەتنىڭ يوشۇرۇن تەرەپلىرى ھامان چۈشۈنۈشلۈك بولماي كەلدى، قانچىلىك كۈچ بىلەن بىر ھاكىمىيەت مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ تۇرىدۇ، بۇنى بىز خىيالىمىزغا كەلتۈرۈپ باقمايمىز. شۇڭا سىر ساقلاشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزمۇ ناھايىتى تۆۋەن. مەسىلەن: تۆرت بۇرادەر مەلۇم بىر سىياسى تېمىدا مۇخالىفەت گەپلەرنى قىلىشتى، كېيىن ھەر بىرى باشقا- باشقا تۆرت سورۇندا «پالانى- پالانى تۆرتىمىز، پۇستانىنىڭ ئۆيىدە مۇنداق- مۇنداق دېيىشتۇق» دېگەنلەرنى

ھېچ زۆرۈرىيەتسىز بايان قىلىپ بېرىمىز. نەتىجىدە تۆرتىمىزنىڭ بېشىغا چىقىدىغان بۇ خەتەرلىك گەپلەر بىردىنلا 16 ئادەمنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ، ئاۋالقى تۆرتەيلەننى قوشقاندا 20 ئادەم بۇ سۆھبەت تەپسىلاتىدىن خەۋەردار بولىدۇ. دېمەك، ئاۋالقى تۆرت ئاغىنە بەلكىم بىر ـ بىرىنى ساتماس، لېكىن 20 ئادەم ئىچىدە بىرەر مۇناپىق بولمايدۇ، دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟ يەنە مەسىلەن: تۆرتەيلەن ئەھدىلىشىدۇ، ئەمما ئارىدىن بىرى مەلۇم بىر يېقىنىغا دەپ قويىدۇ. باشقا ئۈچەيلەن ئۇنى ئەيىپلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپ دەيدىغان گەپ بۇ مىللەتكە ئاساسەن ئورتاق بولغان، فورمۇلالاشقان سۆزدۇر: «پالانى گۇمانلىقمىكەن؟ ئۇ دېگەن پوكوننىڭ بالىسى تۇرسا، ئۇنىڭ جەمەئەتى شۇنداق ئوبدان ئادەملەر تۇرسا، ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەك، بىر- بىرىمىزگە ئىشەنمىسەك بولىدۇ، نېمە قىلىمىز بۇنداق قىلىپ، ...». ياكى: «ئۇ دېگەن پالانى داموللىنىڭ بالىسى، قارى- قۇرئان، ئىمانى كامىل ئادەملەر، ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەك كىمگە ئىشىنىمىز» ۋاھاكازا. مانا مۇشۇنداق ئاددى قارايمىز. گويا پالانىنىڭ ئەۋلادىدىن جاسۇس چىقمايدىغانغا ھۆججەتى باردەكلا گەپ قىلىدۇ. تېخىمۇ يامىنى ئىشەنچىلىك بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا دېمەكنىڭ ھېچ زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ دەيدىغانلىقىمىزدۇر. ئادەتتە بىز بەزىلەرگە سىرىمىنى دەيمىز- دېمەيمىز دەپ كۈزۈتۈۋاتقاندا ئۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرى سەبىيلىك بىلەن چاقناپ تۇرغان، چىرايىمۇ شۇقەدەر ساددا ۋە مۇلايىم كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. ھەممە ئەزاسى بىزنىڭكىدەكلا نورمال. ئويلايمىزكى، «ھەرقانچە بولسىمۇ بۇ مۇناپىق ئەمەستۇر، كۆڭلى تۈزدەك كۆرۈنىۋاتىدۇ ...»، مانا شۇندا خۇلاسىمىز چىقىدۇ، گەپنى دېيىشنى باشلايمىز. گويا جاسۇس ـ مۇناپىقلارنىڭ رەڭگى ـ روھى باشقىچە بولۇدىغاندەك، ئەخماقانە خىيالغا كېلىپ قالىمىز. جاسۇسلارنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئادەتتىكى

پائالىيەتلىرى نورمال بولۇدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ قايغۇرسا يىغلاپ، شادلانسا كۈلۈدىغانلىقىنى، ئۆزىنى تېخىمۇ ياخشى نىقاپلاش، تېخىمۇ چوڭقۇر سىرلارغا ئېچكىرلەپ كىرىش ئۈچۈن ھەتتا «ياخشى ئادەم»، «ساخاۋەتلىك ئادەم»، «دىيانەتلىك ئادەم» ... تونىنى كېيىدىغانلىقىنى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلمايمىز. بىزنىڭ كاللىمىز شۇقەدەر ئاددى، مەلۇم ئادەمگە دېمەستىن ئەگىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان سىرلارنى دېيىشكە بولار، دېسىمۇ، دېمىسىمۇ ھېچ ئىش توختاپ قالمايدىغان، ھېچقانداق مۇناسىۋىتىمۇ بولمىغان ھالدا سىرىمىزنى بىلىدىغانلارنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش پەقەت دۆتلۈكتىن باشقا نەرسە ئەمەس! ھەتتا بەزىلەرنىڭ «پالانى ئۆز ئادىمىمىزغۇ، ئۇنىڭدىنمۇ يوشۇرامدۇق» دېيىشى نادانلىقىمىزنىڭ ئىپادىسىدۇر. چۈنكى شۇ «ئۆز ئادىمىمىز»نىڭ شۇ ئىشقا ئالاقىسى بولسا، شۇ ۋەزىپە ئۇنىڭغا ئۇقتۇرماستىن پۈتمەيدىغان بولسا ئېيتىش كېرەك. لېكىن ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى ئۇ ئەمەس، ياردەملەشكۈچىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭغا دېمىسىمۇ بۇ ئىش پۈتىدۇ. ئۇ ھالدا ئۇنى پەقەتلا ئۆز ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈنلا ۋاقىپلاندۇرۇش كېرەكمۇ؟ ھەتتا ۋەزىپىگە ئالاقىدار ئادەملەرنىڭمۇ ئالاقىدارلىق دەرىجىسىگە قاراپ، ئۇزەراق، يېرىم ياتا، كۆپرەك ياكى تولۇقى بىلەن (ئوخشىمىغان دەرىجىدە، قانچىلىك ئۇقتۇرۇش بىلەن شۇ ئىشنى قىلىش مۇمكىن بولسا پەقەت شۇنچىلىك) ئۇقتۇرۇش ياخشى چارىدۇر. تېخىمۇ قىزىق يېرىمىز شۇكى(ئۆزىمىزنىڭ سىر ساقلىيالماسلىقىغا باقماي)، ھەممە سىرنى بىلىۋېلىشقا، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشقا جان- جەھلىمىز بىلەن ئۇرۇنىمىز. ھەتتا قېيداپ: «بىزدىن يوشۇرۇپ كەتكىدەك ئىشمىكەن، ئەمدى ـ زە، بىزمۇ ئىشەنچىسىز بولۇپ قاپتۇق ـ تە!» دەپ غوتۇلدايمىز. بۇ بىزنىڭ مەخپىيەت ئېڭىمىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرسۈتۈپ بېرىدۇ.

مەخپىيەت ئېغىنى يېتىلدۈرۈش مەقسەتلىرىمىزنىڭ ئىشقائېشىشىغا بېۋاستە پايدىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مەسىلىگە ناھايىتى جىددى قارالمىقى لازىم. سىر كوچىلىماسلىق (ئۆز ئادەملىرىمىزگە ئائىد بولغاندا شۇنداق، ئەمما دۈشمەننىڭ سىرى بولسا ئەلۋەتتە ئۇنى بىلىۋېلىشقا تىرىشىش كېرەك). سىر يوشۇرۇشقا قارىتا توغرا چۈشەنچىدە بولۇپ، قېيدىماسلىق، بىر نوقتىغا دۆۋلىشىۋالماسلىق، بىزنىڭ ئادەتتىكى ئاڭلىق ھەركىتىمىزگە ئايلانسا ئاندىن ئوڭۇشلۇق ھالدا يەرئاستى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. مەلۇم بىر «مەشھۇر» شەخس بىلەن ئۆزىمىزنىڭ يېقىنلىقىنى، بېۋاستە مۇناسىۋەتتە بولالايدىغانلىقىمىزنى كۆز- كۆز قىلىپ خەلققە ماختىنىش ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا دائىر سىرلارنى سۆزلەپ يۈرۈش بىزدىكى يەنە بىر ئىللەتتۇر. كۆرگەن، ئاڭلىغان، تەسادىپەن شاھىد بولۇپ قالغان ئىشلارغا قارىتا ئاتابوۋىلىرىمىزدىن كېلىۋاتقان «تۆگە كۆردۈڭمۇ؟ ـ يوق!» دېگەنگە ئادەتلەنسەك ھېچ يېڭىلىش بولمايدۇ. چۈنكى، ماقال ـ تەمسىل خەلقنىڭ ئەقىل غەزىنىسىدىكى دوردانە بولۇپ، ئۇ نەچچە مىڭ يىللىق ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، توغرىلىقى ئىسپاتلانغان ئەمەلى يەكۈندۇر.

# ئالغا بىر قەدەم، ئارقىغا ئىككى قەدەم

دېمەكچى بولغىنىمىز ماۋزۇمىزدىنلا بىلىنىپ تۇرغىنىدەك، ئالغا بىر قەدەم تاشلىغاندا ھامان ئارقىمىزدىكى ئىككى قەدەمنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش، خاتالىقلارنى تۈزىتىپ تۇرۇش، قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مۇستەھكەملەپ تۇرۇشقا قارىتىلغاندۇر. بۇ نۆۋەتتە بىز دۇچ كېلىۋاتقان ۋە كېلىدىغان مەسىلىدۇر.

ئىشىمىزدا مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك يۈز بەرگەندە ئۇنى توغرا تەھلىل قىلىپ مەغلۇبىيەتنىڭ ئاساسى سەۋەپلىرىنى تېپىپ چىقىش، ئاساسى چېتىشلىقى بار شەخسلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش لازىم. ئەخلەت چېلەكنى توشۇپ كەتكەندە ئۇنى جەزمەن ئەخلەتلىككە تۆكۈۋېتىشكە، مەينەتچىلىكنى ئېرىغدىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر تازىلاشنى ئېغىر ئالساق، تازىلاش جەريانىدا قول ـ پۇتىمىزنىڭ مەينەت بولۇپ كېتىشىنىلا كۆزدە تۇتىۋېلىپ، ئەخلەتتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرساق، ئۇ پۇتكۈل مۇھىتىمىزنى بۇلغىشى مۇمكىن. خۇددى شۇنداق، سىياسى ھەرىكەتتە زىدىيەتنىڭ ئىچىگە چۆكۈش، چۇشىنىش ۋە يېشىش — زىدىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرغانغا قارىغاندا ياخشى، پايدا كەلتۈرىدىغان ئىشتۇر. سىياسى شۇنداق نەرسىكى، ئۇ دوست تارتىشقاننى، ھىسسىياتقا بېرىلگەن ھالدا مۇناسىۋەت قىلىشنى كۆتۈرمەيدۇ. ھىسسىياتىمىزغا كۆرە ياخشى كۆرگەنگە ياخشىراق، ياقتۇرمىغانغا سوغۇقراق مۇناسىۋەتتە بولۇش ئورتاق مەخسەتنىڭ ئىشىغا ئېشىشىغا پايدىسىز بولۇپ، بىزنى خاتاغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۆز ئارا ئەپۇچان بولۇش بىلەن، ئۆزئارا «چاپان ياپماسلىق» دىئالىكتىك مۇناسىۋەتكە ئىگە. بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ. يۈز ـ خاتىرە قىلماستىن خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىش، خاتالاشقۇچى بىلەن دوستانىلىق دەپ تونۇش، «ئابرويۇمنى

چۈشەردى» دەپ تونۇۋېلىپ، مەڭگۈلۈك غۇم قىلىپ ساقلىماسلىق گۈزەل خىسلەت ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى ھەدىستە: «**مۆمىن مۆمىننىڭ ئەينىكى**» دېيىلگەن. ئۆزىنى ئاللاھ رىزالىقىغا ئاتىدىم، دېگۈچىلەر ئەرزىمىگەن شەخسىيىتىدىن كېچەلمىسە ئاۋۇ يۇغان گەپلىرى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

ئادەتتە ئازغۇن، دەھرى ۋە جاھىلىيەت ئىسكەنجىسىدىكى كوممۇنىستلار «تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد ــ كومپارتىيىنىڭ ئۈچ چوڭ ئەڭگۈشتەرىنىڭ بىرى» دېيىشىدۇ. بىز ئاللاھقا ئىشەنگەن ئادەملەرمىز، بەندىلەرنى ئالدىيالىغىنىمىز بىلەن ئاللاھنى ئالدىيالمايدىغانلىقىمىزنى بىلىمىز، كىشىلەردىن يوشۇرغىنىمىز بىلەن ئاللاھتىن يوشۇرالمايدىغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىمىز. شۇنداق تۇرۇپ خاتالارنى بويىنىمىزغا ئېلىشنى ئېغىر ئالساق بۇرادەرلىرىمىزنىڭ خاتالىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىساق، بۇ مۆمىنلىكنىڭ سۈپىتىگە ئۇيغۇن كېلەرمۇ؟

ئاللاھنىڭ لەشكەرلىرى بولغان مۇجاھىدلار قوشۇنىدا ئەمىر ۋە ئەسكەرنىڭ مۇناسىۋىتى شۇنداق بولۇشى كېرەككى، ۋەزىپە ئۈستىدە ئەمىر بۇيرۇق بېرىدۇ، ئەسكەر مۇتلەق بوي سۇنىدۇ، ئورۇندايدۇ؛ ۋەزىپىدىن سىرت ئەمىر ۋە ئەسكەر باراۋەر ئورۇندىكى سەپداش بولۇپ، سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلارنى ئۆز ئارا دادىل ئوتتۇرىغا قويالايدۇ، تەنقىد بېرەلەيدۇ. ئەگەر ئاددى ئەسكەرلەرنىڭ تەنقىدىگە دۇچ كەلسە (ياكى مەلۇم خاتاسى كۆرسىتىپ بېرىلسە) سەمىمى ۋە دوستانە قوبۇل قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ ھەقىقى مۇجاھىد ئەمەس! چۈنكى، مۆمىنلەر شۇنداق تونۇيدىكى، پەقەت ئازماس ئاللاھ. ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقاتلار بولسا خاتالىقتىن ھامان خالى بولالمايدۇ. ئەگەر تەنقىدنى قوبۇل قىلىشنى خاھلىمايدىغان بولسا، ئەمىر خاتالاشمايدۇ، ئەمىر ھامان

دانا، ئەمىر ھامان توغرا دېگەندەك بىرخىل قۇلچىلىقنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، بۇ «شەخسكە چوقۇنۇش»نىڭ باشلىنىشى، ئىنساننى ئىلاھ قىلىۋېلىشنىڭ باشلىنىشىدۇر. بۇ تامامەن خاتا! چۈنكى مۇتلەقلىق (مۇتلەق ھوقۇق، مۇتلەق توغرىلىق، مۇتلەق مەۋجۇتلۇق، مۇتلەق تەكامۇللۇق ...) ئاللاھقا خاس! ئاللاھ ياراتقان مەخلۇقاتلاردا بولسا ھەممە نىسپىي بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىل ۋە تەدبىر جەھەتتىن ئەمىر مۇتلەق توغرا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداق بولغاچقىلا ئىسلام پىرىنسىپىدا كېڭەشلىك ئىش قىلىشقا قارىتا يۈكسەك ئورۇن بېرىلگەن. ئاتا سۆزلىرىمىزدىكى «كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس» دېگەن تەمسىلنىڭ ئاساسى ئەنە شۇ ئىسلام پىرىنسىپىدىن ئايرىلالمايدۇ.

«كېڭەش» ۋە مەخپىيەتلىك بەزىدە توقۇنۇش كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن پەقەت مەخپىيەتنىڭ دائىرىسى مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇنداقكەن، مەخپىيەت دائىرىسىنى ناھايىتى كىچىك ھالقىدا چەكلەش تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلاردا ناھايىتى ئاز بىر قىسىم مۇھىم شەخسلەر بىلەنلا كېڭەش قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىش مۇمكىن. ئاساسى (چوڭ تېمىلاردا) ھالقىلاردا كېڭەش قىلىش، كونكرېت تەپسىلاتلارنى مەخپىي تۇتۇش ئارقىلىقمۇ بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئەڭ مۇھىم مەخپىيەت بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئەڭ ئاز بولغاندا ئۈچ ئادەم بىلىدىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇھالدا ئۈچ ئادەمنىڭ كېڭىشى ئارقىلىق قارار قوبۇل قىلىش لازىم.

ئۆتكەن تەجرىبە ـ ساۋاقلار ھەققىدە ئېغىز ئاچماي سالۋات قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى شۇنىڭدىن بىلىمىزكى، ئەگەر ئاللاھنىڭ ھېساپ ئېلىشى بولمىسا ئىنسانلار ئۆزلىرىنى گۇناھتىن تارتمايتتى. خۇددى شۇنداق، خاتالىرىمىزنىڭ ھېساپ

كىتابى قىلىنمايدىغان بولسا، ئاقىۋەت نېمە بولۇپ كېتەر؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# خىتايلارنىڭ ئاجايىپ «ئىلتىپاتى»

بىرنى «ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر مىللەت» دېگەن شەرەپ تاجى ھەمىشە پەدەزلەپ تۇرىدۇ. خىتايلار شۇنداق پەپىلەيدۇ، ئۆزىمىزمۇ پەخىرلىنىپ كېتىمىز، خۇددىمىزنى بىلمەي قالىمىز. لېكىن «ناخشا ـ ئۇسۇل» بىر پەن سۈپىتىدە قىممەت ياراتمايدۇ، ھۈنەر سۈپىتىدە خەلق تۇرمۇشىدا ماددى يۈكسۈلۈش ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئومۇمەن ناخشا ـ ئۇسۇلغا ماھىر مىللەتلىكىمىزدىن پەخىرلىنىش ــ ناھايىتى ۋاقتى ئۆتكەن گالۋاڭلىق بولۇپ، خىتايلارنىڭ ماختاپ، پەپىلىشى ئارقىسىدا، بۇ جەھەتتىكى «ئىلتىپاتلىرى» ئارقىسىدا قانداق شۇملۇق يوشۇرۇنغانلىقىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا، ئەقىل بىلەن ئويلاپ كۆرۈشكە تېگىشلىكتۇر.

ناخشا ـ ئۇسۇل ماددى نەپ بەرمىگەنىكەن، دېمەك ئۇنىڭ تەسىرى پەقەت روھقا بولۇدۇ، ئادەمنى ھاياجانلاندۇرۇش رولىغا ئىگە. بىر ناخشا كىشىلەرنى ھەممىنى ئۇنۇتقان تەلۋە شادمان ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇشىمۇ، جىمى نېمىدىن ئايرىلغان دەرتمەن ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. يىغلىتالىشى مۇمكىن، كۈلدۈرەلىشى مۇمكىن. روھى جەھەتتىن ھاردۇق چىقىرىش، قايغۇنى ئۇنتۇلدۇرۇش رولىنىمۇ ئوينىيالايدۇ.

مانا شۇ خۇسۇسىيەتلىرىگە ۋە بىرنى تەبىئى ناخشا ـ سازغا ئامراق ئالاھىدىلىكىمىزگە كۆرە خىتايلار بۇنىڭدىن مەست قىلىش دورىسى سۈپىتىدە پايدىلانماقتا. ئۇلار بىرنىڭ بۇخىل مىللىي خاسلىقنى تاشلىۋەتمەسلىكىمىز ئۈچۈنمۇ ھە دەپ ماختاپ بىرنى ناخشىچى مىللەت دەپ ئاخماق قىلماقتا. 18 ـ

www.uyghurkitap.com

ئەسىردە ياشىغان فرانسۇز ئالىمى گىرىم: «قايسى بىر مىللەت ئاۋال شائىر، كېيىن پەيلاسوپ بولمىغان؟» دېگەنىدى. دېمەك، شائىر مىللەت: ھىس قىلىش، بىۋاستە سەزگۈ ئارقىلىق دۇنيانى بىلىدۇ. پەلسەپەۋى مىللەت: ئەقىل ۋە ئەقلى تەپەككۇر ئارقىلىق دۇنيانى بىلىدۇ. يەنى، شائىر مىللەتنىڭ ئېڭى: باللارچە، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان، ئاسان سوۋۇيدىغان، پايدا ـ زىياننىڭ پەرقىگە چوڭقۇر يېتەلمەي، كۆز ئالدىدىكى بىردەملىك ھادىسىلەر بىلەن گول بولۇپ قالىدىغان، بىرقەدەر تۇتامسىز ھالدا بولىدۇ؛ پەيلاسوپ مىللەتنىڭ ئېڭى بولسا، بىردەملىك ھادىسىگە بېرىلىپ كەتمەي ئەقىل بىلەن ئارقىسىنى مۆلچەرلەپ قارار چىقىرىدىغان، بىر قەدەر سالماق، ئاساسەن يېڭىلىشمايدىغان ھالدا بولىدۇ.

گىرىمنىڭ سۆزىدىكى: «قايسى مىللەت ئاۋال شائىر، كېيىن پەيلاسوپ بولمىغان؟» دېگەنىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى (ھەم ئۆزىمىزمۇ ھىس قىلالايمىزكى) مىللەتلەرنىڭ ئاڭ تەرەققىيات باسقۇچىدا ھەممىسى ئەنە شۇ «شائىر»لىق (باللارچە ساددىلىق) دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئاندىن كېيىن «پەيلاسوپ» (سالماق، چوڭقۇر پىكىرلىك) قا ئايلانغان. لېكىن ھەممە مىللەت «پەيلاسوپ»قا ئايلىنىپ بولغىنى يوق. ئىنسانلارنىڭ ھەرخىل رايون، ھەرخىل ئېتنىك گۇرۇپپىلىرىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى ئوخشاش بولماسلىقى ــ دەل بەزى مىللەتلەرنىڭ تېخىچە «شائىر مىللەت»لىك (ھىسسى تەپەككۇر) باسقۇچىدا كېتىۋاتقان ياكى شۇ ھالدا توختاپ قالغانلىقىدىندۇر.

ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ــ ھايات شارائىتىنىڭ ئۆزگۈرىشى ياكى تەرەققى قىلىشىغا باغلىق بولىدى. يەنى، كۆچمەن ھايات شارائىتىدا ساددا ئىنسان ئېڭى پەيدا بولغان بولسا، تەدرىجى تۇراقلىق ئولتۇراق ھايات شارائىتى ئۆلاردا ھازىرقى زامان ئېڭىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈكە باشلىدى. شائىرانە ئاڭ كۆچمەنلىك

ھايات شارائىتىغا بەكرەك ماس كېلەتتى. بۇخىل ھايات شەكلى تەپەككۇرنىڭ شائىرانە تۈسىنى بەلگۈلىگەنىدى. ئۇلتۇراقلىشىش تەدرىجى ھالدا ئەقلى تەپەككۇرگە تەرەققى قىلدۇرغان بولسا شەھەرلىشىش — بۇ قەدەمنى تېخىمۇ تېزلەتتى. چۈنكى ئۇلتۇراق ھاياتنىڭ تەلىپى ئىنسانلارنى ئەقىل بىلەنىراق ئىش قىلىشقا، تۇرمۇشنى ئىدىتلىقراق ئورۇنلاشتۇرۇشقا قىستايتتى!

ئەگەر يۇقۇرقىلارنى ئۆز تەپەككۇرىمىزدە دەڭسەپ كۆرسەك ھەم بۇنىڭ پۈت تىرەپ تۇرغىدەك ئاساسى بار دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا خىتايلارنىڭ ناخشا- ئۇسسۇلىمىز ئۈچۈن «كەڭ ئىلتىپات» قىلىشىدىكى قارا نىيەت — ئېڭىمىز تەرەققىياتىنى «شائىرلىق» — ھىسسى تەپەككۇر باسقۇچىدا تۇرغۇزۇپ قويۇش ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىشىمىز ۋە چۈشىنىشىمىز ئۇنچە تەس ئەمەس! (بۇگۈنكى كۈندە يەر سىلىقىنى ئېغىرلىتىش ئارقىلىق يەردىن ئايرىماقچى بولۇشى، بىزنى ماكانسىز كۆچمەنگە ئايلاندۇرۇش — ئىپتىدائى جەمىيەت ئىنسانلىرىنىڭ يېرىم ياۋايى ھالىتىگە قايتۇرۇش ئۈچۈندۇر. مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىش شارائىتىدا بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن كىشى، بىزنىڭ ماكانسىزلىققا زورلىنىشىمىزدىكى سەۋەپنى ئاسانلا چۈشىنىۋالالايدۇ).

گېرمانىيە پەيلاسوپى — مەۋجۇدىيەت پەلسەپەسىنىڭ ئاساسچىسى — فىرىدىرىھ نىچى مۇزىكا ھەققىدە توختالغاندا ئەينى ۋاقىتتىكى بۇزۇلغان نېمىس روھىغا قارىتا: «گېرمانىيىنى پەقەت مۇزىكا قۇتقۇزىۋالالايدۇ» دېگەنىدى. ئۇ يەنە مۇزىكىنىڭ سېھرى كۈچى ھەققىدە، مۇزىكىنىڭ ئىنسانلارنى ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان روھقىمۇ كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى يازغانىدى. بۇ نوقتىدىن ئېيتقاندا بۈگۈنكى كوممونىست خىتايلارنىڭ سىياسى كېلىماتى

www.uyghurkitap.com

ئاستىدىكى ۋەتىنىمىزدە ئەۋج ئېلىۋاتقان ناخشا- مۇزىكىلارنىڭ تۇسى، ئۇنىڭ قانداق مىللى روھ يارىتىشى مۇمكىنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز قىيىن ئەمەس. 50- يىلاردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ناخشا - مۇزىكىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئىنتايىن لاۋزا، بۇنداق لاۋزىلىق — مىللى روھنى لاۋزىلاشتۇرماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ چۈنكى، «گېرمانىيىنى قۇتقۇزىۋالايدىغان» مۇزىكىنىڭ «گېرمانىيىنى ھالاك قىلىۋېتىشى» مۇمكىن ئەمەسمىكەن؟

ھەممە نېمىسى تارتىۋېلىنغان، نە ھاياتتىن ماددى زوق، نە مەنىۋى ئېيتىخارلىق تۇيغۇسىغا ئېرىشەلمەي ھاياتى تۇگەيدىغان قۇللارنى بىرەر ئەمەك بىلەن (قۇل ياخشى كۆرىدىغان، ئەمما خوجايىنىغا زىيان كەلتۇرمەيدىغان ئەمەك بىلەن) پەپىلەش- بەزلەش زۆرۈرىيىتى توغۇلىدۇ. ئەگەر بۇنداق بەزلەشنىمۇ قىزغانغاندا قۇلنىڭ بەزى ئىشلارغا نارازىلىقى قوزغۇلىشى تۇيپەيلى، غەزىۋى كېلىشى تەبىئى. مانا شۇ ئېھتىياج — خىتايلارنىڭ بىزگە مۇشۇنداق «ئىلتىپات»نى قىلىشىغا سەۋەپ بولغاندۇر. بىراق خىتايلارنىڭ پەۋقۇلئاددە كۆزى كىچىك، زىدى پەست بولغىنى ئۇچۇن، بۇنىمۇ ئۆز ھالىدا، ئۆز تۇسى، «ئۆز رىڭى» بىلەن قويۇۋەتكىنى يوق. يا مۇزىكىلارنى تېتىقسىزلاشتۇرىدىغان، يا تېكىستلىرى كوممونىزىمنىڭ قىزىل رىڭىدە بويالغان، ئەيناۋۇر بىر بالالار بىلەن بۇلغاپ رەسۋا قىلىنغان ھالدا بېرىلىدۇ. مۇزىكىلىرىمىز، تىلىمىز ئارقىلىق كوممونىستلار مەدھىيىلەتكۇزىلىدۇ ... ۋاھاكازا.

كېيىنكى زامانلاردا ناخشا- مۇزىكىلاردىن يۇرتۋازلىق تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش خۇسۇسىدا پايدىلىنىۋاتىدۇ. ھەر ۋىلايەت مەنمەنلىك بىلەن «...دا نورۇز»، »... مەشرىپى»، «... سەيلىسى» تېمىلىرىدا ئۆز يۇرتىنىلا مەدھىيەلەپ، بىرخىل بەسلىشىش

مەنزىرىسى بارلىققا كەلتۈردى. ناخشىلاردىمۇ بۇخىل تېمىدىكىلىرى نۇرغۇن. «گۈزەل پالانچى يەر» دېگەن تېمىدا ماختالمىغان ناھىيە- شەھەر قالمىدى (بۇ بىر پۈتۈن ۋەتەن تۇيغۇسىنىڭ ئۇششاقلىنىشى، ئومۇمىلىق روھىنىڭ سۇندۇرۇلىشىدۇر). بۇقەدەر ئوخشاشلىق ئومۇمەن ئەدەبىيات- سەنئەتتە تەكرارلىقنىڭ بىرخىل ئىقدىدارسىزلىق، ئەيىپ سانىلىش نوقتىسىدىنمۇ كىشىگە ھۇزۇر ئەمەس، بەلكى روھى ئېغىرلىق بەخىش ئېتىپلا قالماي، تېكىست ۋە مۇزىكىسىدىكى ھۇزۇرسىزلىق، قوپاللىق ئادەمنى تېلىقتۇرىدۇ.

ئارتىسلارنىڭ ناھايىتى كۆپ ساندىكىسى تەبىئى سەنئەت تالانتىغا كۆرە باشلانغۇچ مەكتەپتىن ياكى تۆۋەندە سەھرا- قىشلاقلاردىن تاللانغاچقا مەدەنىيەت ساپاسى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، ئۇلار سەھنىگە چىقىش، ئېكراندا كۆرۈنۈشتەك شەرەپكىلا بېرىلگەچكە، ئۇلار ئۆزى قىلىۋاتقان قىلىقنىڭ (ناخشىنىڭ، ئېلىۋاتقان رولىنىڭ) مىللەتكە قانچىلىك مەنپەئەتى ياكى قانچىلىك زىيىنى بارلىقىنى ئويلىغىچىلىكى يوق، ئويلاپمۇ ئولتۇرمايدۇ. بۇنداق «سەنئەت ئەسەرلىرى»نى ئىجات قىلغان ئىجاتكارلارمۇ ئېلان قىلىنغان چاغدىكى شەرەپ تۇيغۇسى بىلەنلا مەست بولغاچقا، ئۇنىڭ مىللەتكە كەلتۈرىدىغان پايدا - زىيىنى بىلەن ھېساپلىشىپ ئولتۇرمايدۇ، پەقەت ھاياجان ئىچىدە شەرەپ تۇيغۇسىدىن كەيپلىنىپ ھۇزۇر سۈرۈش بىلەن ئاۋارە.

چۈنكى بىز ھەقىقەتنى ئېيتقاندا «شائىر مىللەت» باسقۇچىدا بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، تالا- تۈزدە خىتاينى تىللاپ غىڭشىپ يۈرگىنىمىز بىلەن، خىتاي بىزنى «خەلق ھۆكۈمىتىنى مەدىھلەيدىغان» بىرەر سەھنە ئەسىرىنى يېزىپ چىقىش ۋەزىپىسىگە تەيىن قىلسا، بۇ ئىلتىپاتتىن سۆيۈنۈپ كېتىش تۈپەيلى ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئىخلاس بىلەن بۇ ۋەزىپىنى ۋايىغا

يەتكۈزۈپ ئورۇندايمىز!

قىسقىسى خەلقىنىڭ تىلىققان روھىغا تەسەللى بېرىش، بېھۇش قىلىش ـــ خىتايلارنىڭ بۇ «ئىلتىپاتى» دېگىنى بىر مۇددىئا بولسا، بىزنى ناخشا ـ ئۇسۇلچى مىللەت، دېگەن «شىلاش، ئۇچۇرۇش» بىلەن مەڭگۈ «شائىر مىللەت» باسقۇچىدا قالدۇرۇش ئۇنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان تېخىمۇ زەھەرلىك مۇددىئادۇر!!

www.uyghurkitap.com

# بەزى ئىنكاسلارغا ــ ئىنكاس

ۋەتەنپەرۋەرلىك، مۇستەقىللىق، مىللەتپەرۋەرلىك، دېموكراتىيە قاتارلىق مەسىلىلەر بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ماقالىمىزنى لېنتىغا ئوقۇپ تارقاتقانىدۇق. شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا بولۇنغان ئىنكاسلارنى ئاڭلاش بىلەن، بۇ ئىنكاسلارغا ھەم ئىنكاس بىلدۈرۈشكە مۇشەررەپ بولۇپ ئولتۇرۇپتىمىز.

بەزى «كېنىشكىسى بار» پەتىۋاچى «نوپۇزلۇق»لار مۇستەقىللىق پىكرىگە قارىتا «دىنىدىن قىلچە خەۋىرى يوق بەزى ئادەملەر ۋەتەن دەپ ئۆلسە شېھىد بولىدۇ، دەپ ئېغىۋا تارقاتقان، مەسىلەن، خىتايلارمۇ، ھىندىلارمۇ ۋەتەن دەپ ئۆلىدۇ، شۇلارمۇ شېھىد بولامدۇ؟» دەپ ھۇجۇم قىلغانىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ «كېنىشكىسى بار» بولسىمۇ، ئەقلىنىڭ يوقلىقىدىن، شېھىدلىكنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىمان ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسا كېرەك. مۇشۇنداق بىمەنە گەپنى قىلىپ، «پالان- پالان يەردىن بېرىلگەن كېنىشكا»نىڭ شەنىگە سەتچىلىك قىلىپ قويىدى.

بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرلىرىمىز قۇرئان ۋە ھەدىستىن دەلىللەر كەلتۈرۈلۈپ، ئوچۇق ئىسپات قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كۆڭلىدە: «دىنىدىن قىلچىلىق خەۋىرى يوق ئادەملەر بۇنى نەدىن بىلىدۇ، بەلكىم خىيالىغا كەلگەنچە توقۇپ چىققان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىسا كېرەك، ئاممىۋى سورۇنلاردا مېزى چۈۋۈلۈپ تۇرغان سەپسەتىلىرىنى سېتىپ، قاراشلىرىمىزغا ھۇجۇم

قىلىۋەرگەن ئىدى. كېيىن ئىلغار پىكىرلىك مۇللىلار ئۇلارنىڭ كىبىر پەردىسى بىلەن خىرەلەشكەن ھوقۇش كۆزلىرىگە «كىتاپ ئېچىپ» ئولتۇرۇپ بۇ دەلىللەرنى كۆرسۈتۈپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ دەلىللەرنى ئىنكار قىلىشقا ئامالسىز قېلىپ، كېيىنكى پاساتلىرىغا پەداز بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ «كېنىشكىسى» بولغاچقىمىكىن، باشقىلارنىڭ سۆز ئورامىغا قاراپ تېما يۆتكەش، باشقىلارنىڭ قاش - قاپىقىغا قاراپ سۆزنىڭ رەڭگىگە پەداز بېرىشكە خېلى ئۇستىكەن (بەلكىم شۇ چاقىقانلىقىغا بېرىلگەن «كېنىشكا» مىكىن؟).

گەرچە ئۇلار بۇ داۋادا شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، «ئۇلۇغ»لىقىدىن چۈشكىسى كەلمىگەچكە، يېڭىلىش گەپ قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي، يەنە بىرخىل پەرقلىق چۈشەنچە كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەنى خىتايلارنىڭ «جوڭگۇچە سوتسىيالىزىم» دېگىنىگە تەقلىت قىلىپ «ئىسلامى مۇستەقىللىق» ۋە «ئىسلامى ...» ئاتالغۇسىنى كەشىپ قىلىپ، يەنىلا «پەرق»نى ساقلاپ قالدى. بۇ پەقەت «يوقنى ئۇسۇرۇق بىلەن يېپىش»تەك بىچارە ۋە ئاخماقانە چارە بولۇپ، بۇنى «كېنىشكا»سى يوق ئادەملەر زادىلا قوللانمىغان بولاتتى (كېنىشكا قېلىنلىقىنى تەمىن ئەتسە كېرەك، ئۇلارغا بولۇۋېرىدىكەن).

ئەمدىلىكتە بۇ يېڭى «كەشپىيات»قا مۇقابىل ھالدا قارشى تەرەپنى (يەنى ئىلگىرى ئۇلىرى «دېموكراتچى» دەپ ئاتىۋالغانلارنى) «غەرپ دېموكراتىيىسىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كەلمەكچى»، بىز بولساق «ئىسلامى دېموكراتىيە»چىلەرمىز، دەپ «يېڭى پەرق» شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جامەلەردە، ئاممىۋى سورۇنلاردا تەلۋىلەردەك كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ئادەم تىللايدىغان كەسپى غەيۋەتچىلىك قىلمىشىنى يېڭى ئاساس بىلەن تەمىنلىگەندەك بولدى- دە، ھەدەپ دېموكراتىيە،

مۇستەقىللىق توغرىسىدىكى سۆكۈشلىرىنى داۋام ئەتتۈردى. ئۇلارنىڭ خىتايلار ھەققىدە ھېچ نېمە دېمەستىن ھە دەپ ئاللىكىملەرنى «دېموكراتچى» دەپ تىللىشىدىن ئىچى پۇشقان كىشىلەر، «كېنىشكىسى بار» بىرىدىن «بۇ دېموكراتچى دېگىنىڭلار كىملەر؟ ئاساسلىق ۋەكىلىدىن بىرنەچچىنى دەپ بېقىڭلار» دەپ توسىۋالغان. ئەگەر ئۇلار «پالانچى- پوكونچى» دەيدىغانلا بولسا پاكىت كۆرسۇتۇشكە (ئۇلار زادى قايسى كىتابىدا، قايسى تەشۋىقات لېنتىسىدا غەرپ دېموكراتىيىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى دېگەنلەرگە پاكىت كۆرسۇتۇشكە) توغرا كېلەتتى (لېكىن، ئۇلاردا ئەزەلدىن بۇنداق پاكىت بولۇپ باققان ئەمەس، ھەم بولمايدۇ). شۇڭا بۇ «ئەپچىلەملەر» دەرھال: «بىز دېموكراتچى، دېگىنىمىزدە ئىچىمىزدىكى مەلۇم شەخسلەرگە قارىتىۋاتقىنىمىز يوق، ئومۇمەن غەرپ دېموگراتىك تۈزۈلمىسىنى كۆزدە تۇتۇپ تىللاۋاتىمىز» دېگەن. بۇ پەقەت «پالتا چۈشكىچە كۆتەك ئارام ئاپتۇ» دېگەندەك بىردەملىك قۇتۇلۇش چارىسىدى، خالاس. ئەمما بۇ «ئالىم» بۇ گەپ بىلەن ئۆز ئۆزىنىڭ مېزىنى چۇۋۇپ، چاۋىسىنى چىتقا يېيىۋېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرمىگەن. خوش، سەن غەرپ دېموكراتىيىسىنى تىللاۋېتىپسەن، يەنە كېلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ مەسچىتىدە، نېمە زۆرۈرىيەتتىن؟ لاۋۋاڭدىن تاياق يېگەن ئادەمگە «جونسون ھەممىدىن ئەسكى» دەپ تىللاپ بەرگەننىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى، قانچىلىك مۇناسىۋىتى بار؟

بىز سېنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىڭنىمۇ بىلىمىز: «كاپىرلارنىڭ ھەممىسى بىر تەبىقە (مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بىر تەبىقە) شۇڭا ئالاقىسى بار. كاپىرلارنىڭ پېشىۋاسى جونسون، شۇڭا لاۋۋاڭنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنى ئۇرۇش كېرەك!» دەپ گەپ يورغۇلىتارسەن، بىز بۇنىڭ قانداق مەنبەئەدىن قانداق ئىجتىمائى مۇھىت ئىچىدە

www.uyghurkitap.com

شەكىللەنگەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىمىز.

دۇنيادا شۇنداق بىر قاراش بار، بۇنى ئەقلى بار ئىنسانلار ئوبدان تەھلىل قىلىپ باقسا بولىدۇ: پاكىستانلىقلار نەزىرىدە ھىندىلاردىنمۇ ۋەھشى دۈشمەن يوق، چۈنكى كەشمىردە مەنپەئەت تالىشىشى بار؛ تۈركىيەلىكلەر نەزىرىدە گىرېكلاردىن قەبىھراق دۈشمەن يوق، چۈنكى ئوتتۇرا دېڭىز ئاراللىرى مەسىلىسىدە زىدىيىتى بار؛ بوشناقلار نەزىرىدە سېربىدىن قەبىھراق كاپىر يوق؛ چېچەنلەر نەزىرىدە رۇسلار؛ ئەرەپلەر نەزىرىدە يەھۇدى (ۋاستىلىق ھالدا ئامېرىكا) ئەڭ يامان دۈشمەن، چۈنكى پەلەستىن ۋە لىۋاندا مەنپەئەت توقۇنۇشى بار. بىزگە نىسبەتەن خىتايلاردىنمۇ يامانراق كاپىر يوق! بىراق، بىزنىڭ بەزى «ئالىم»لار ئۆزى بىرمەزگىل ئارىلاشقان ئادەملەرنىڭ تەسىرىنى دوگما قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۈشمىنىنى خەتەرلىك دەپ تەن ئالغان - يۇ، ئەمما ئۆزىمىزنى ئاچ - يالىڭاچ، يۇرت - ماكانسىز قويۇۋاتقان دۈشمەننىڭ بىزگە نىسبەتەن تېخىمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ باللارچە ئەگىشىپ كەتكەن. ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ئۆزئارا دۈشمىنىنى دۈشمەن دەپ بىلىشى خاتا ئەمەس، لېكىن، پۈتۈن دۇنيادا ئېزىلىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە ھېچ بىرىنىڭ ئەھۋالى بىزنىڭكىدەك خەتەرلىك ئەمەس! مەسىلەن: كەشمىر مەسىلىسىگە پاكىستان ھۆكۈمىتى — ھاكىمىيەت، قوراللىق كۈچ، مۇستەقىل تېررىتورىيىگە ئىگە بىر دۆلەت ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، ئۇ دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ خەۋەرلىرى رادىئو — تېلېۋىزورلاردا كۆرسىتىلىپ تۇرىدۇ. چېچەنلەرنىمۇ پۈتۈن دۇنيا بىلىدۇ، ئۇلار زۇلۇمغا، قىرغىنغا دۇچ كەلسە پۈتۈن خەۋەر دۇنياغا ئاشكارىلىنىدۇ! پەلەستىنلىكلەرنىڭ خەۋىرى ھەر كۈنى دۇنيا خەۋەرلىرىدە بار، بىر ئادەم ئۆلسىمۇ ھەتتا بىر ئادەمنىڭ بۇرنى قاناپ كەتسىمۇ پۈتۈن دۇنيا ئۇقۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدا پۈتكۈل

ئەرەپ دۇنياسى ئارقا تىرەك بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ياسىر ئاراپاتنىڭ پائالىيەت راسخودى ئۈچۈن ھەتتا ياۋرۇپا ئىتتىپاقىمۇ پۇل بېرىدۇ. بۇنداق ھالەتتىكى داۋا يېپىلىپ قالمايدۇ، ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدۇ، يوقۇتۇۋېتىلمەيدۇ ... ئەمدى ئويلاپ كۆرۈڭلار، دۇنيا ـ دۇنيا بولغانىنىڭ مابەينىدە خەلقئارا خەۋەرلەر سەھىپىسىدە شەرقى تۈركىستاندىكى پاجىئەلەر كۆرسۈتۈلگەنىنى كىم ئەسلىيەلەيدۇ؟ مىڭلاپ ئادەم ئۆلۈۋاتسا دۇنيا جامائەتچىلىكىدىن بىرەر ئىنكاس بولغىنى، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ سۆھبەت تېمىسىغا ئايلانغىنى بارمۇ؟ مانا بۇنداق ھالەتتىكى داۋا يېپىلىپ قېلىشى، بۇنداق ھەق ـ ھوقۇق جىمجىتلا يوق قىلىۋېتىلىشى مۇمكىن!

ئەگەر باشقىلارنىڭ بىزنىڭ «ئالىم»لىرىمىزغا سىڭدۈرگەن «بۈيۈك مەپكورىسى» راست بولسا ۋە ئۇنىڭغا ئۆزلىرى تولۇق ئەمەل قىلسا، ئەڭ ئالدى بىلەن قىلىنىدىغان داۋا، پۈتۈن مۇسۇلمان خەلقىنىڭ بىرىنچى بولۇپ باش قاتۇرىدىغان، ئورتاق ياردەملىشىپ ھەل قىلىشى زۆرۈر بولغان داۋا، ئەڭ خەتەرلىك ھالەتتىكى داۋا — بىزنىڭ داۋايىمىزدۇر! ئورنى كەلگەندە قىستۇرۇپ ئۆتسەك ئارتۇق كەتمەس، قۇرئانى كەرىمنىڭ قىرائەت لېنتىسىنىڭ ئاخىرىدا دۇئا بار، ئۇنىڭدا ھەق ـ ھوقۇقى دەپسەندە بولۇۋاتقان مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ ساناپ ئۆتۈلۈپ، بىر ـ بىرلەپ دۇئا قىلىنغان، لېكىن ئەڭ ئېغىر خارلىقتىكى، ئەڭ زور خەتەر ئىچىدىكى، شۇنداقلا نوپۇسىمۇ ھەرقانداق بىر «ئىسسىق نوقتا مۇسۇلمان رايونى»نىڭ نوپۇسىدىن كۆپ بولغان شەرقى تۈركىستان تىلغا ئېلىنمايدۇ. مانا بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بىزنىڭ داۋايىمىز دۇنيا جامائەتچىلىكى ئۇنتۇپ كېتىشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالغان ئەڭ خەتەرلىك ھالدىكى داۋادۇر! ھەتتا بىزنىڭ قان قېرىنداشلىرىمىز بولغان تۈرك خەلقلىرىمۇ خىتايلارنىڭ سۈرىدىن قورقۇپ بىزنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىمىزغا كۆز يۇمۇۋاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

خۇددى شۇنداق قورقۇش باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى بىزنى دۇئادا ياد ئېتىشتىنمۇ چەكلىگەندۇر. بۇ ھالدا «ساڭا پىچاق تىققان لاۋۋاڭ تۇرۇپ تۇرسۇن، مېنى چىمداۋاتقان جونسونغا ئۇرتاق قارشى تۇرايلى ...» دېسە بۇ ئىماندىن بۇلارمىشمۇ؟ بىزنىڭ «ئالىم»لىرىمىزغا ئاشۇ مەشھۇر «مەپكۇرە»نى سىڭدۈرگەن ئادەملەرنىڭ ۋەتىنى بار، شۇڭا «ۋەتەن» دېمەيدۇ! مىللىتى مۇستەقىل، شۇڭا «مۇستەقىللىق» دېمەيدۇ! بىزنىڭ ھېچنىمىمىز يوق، شۇڭا بىزگە ھەممىسى كېرەك. ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۇستۇن قىلىش ئۈچۈنمۇ ھۆر زېمىن كېرەكقۇ؟! ئاشۇ مۇستەقىل دۆلىتى بار، ۋەتىنى بار، ئاجىز بولسىدۇ، كۈچلۈك بولسىدۇ ئارمىيىسى بار مۇسۇلمان ئەللىرى ئېغىزغا ئېلىشقا پېتىنالمايۋاتقان سۆزلەرنى كەتمىنىمۇ بولمىغان بىر توپ دېھقاننىڭ سۆزلەپ يۈرۈشى بىر ئاز كۈلكىلىكمۇ. قانداق؟ پوچىلىقمۇ ـ قانداق؟ ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇنمۇ ـ يوقمۇ؟ كاپىرلار بېسىۋالغان مۇسۇلمان زېمىنىنى ئازاد قىلىش، قۇل قىلىنىۋاتقان مۇسۇلمان خەلقنى ئازات قىلىشنىڭ گۇناھ بولۇشىنى ئەقىلگە سىغدۇرۇش مۇمكىنمۇ؟مۇستەقىل دۆلەتنىڭ نېمىلىكىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدىغان دەرىجىدىكى نادان قالدۇرۇلغان خەلققە ئامال يوق، چەتئەللەردە يۈرگەن، ھەرئان ۋىزا، پاسپورت مەسىلىلىرىدە دەككە ـ دۈككە ئىچىدىلا يۈرىدىغان، مۇستەقىل دۆلىتى بولماقنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە چۈشۈنۈپ قالغان ئىنسانلار، ھالاللىق بىلەن چىن سۆزۈڭلارنى ئېيتىپ بېقىڭلار، سىلەر مۇستەقىللىقنى خالىمامسىلەر؟ مۇستەقىل دۆلىتىڭلار بولغاندا، يانچۇقۇڭلاردا ئۆز ۋەتىنىڭلارنىڭ پاسپورتى بولغاندا ـــ ئاي ـ يۇلتۇز بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن پاسپورت بولغاندا ئۆزۈڭلارنى قانداق ھېس قىلىدىغانلىقىڭلارنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىڭلارمۇ؟ بوزەك قىلىنساڭلار شۇ دۆلەتتە تۇرۇشلۇق شەرقى تۈركىستان باش

ئەلچىخانىسىغا بېرىپ، دەردىڭلارنى ئېيتساڭلار، پاسپورتۇڭلار توشۇپ كەتسە، بۈگۈنكىدەك خىتاي ئاغىنىسى بار دەللاللارنى ئارىغا سېلىپ، تاپقان پۇلۇڭلارنىڭ بىر مۇنچىسىنى خەجلەپ پاسپورت ئۈزارتىمەن دىمەستىن يۈرەكلىك هالدا ئۆزەڭلار كىرىپ نورمال رەسمىيەت هەققى تۆلەپلا پاسپورتىڭلارنى ئۇزارتىپ چىقساڭلار يامانمۇ؟ سىلەرغۇ هازىرقىدەك قىممەت باهادا پاسپورت سېتىۋېلىشقا قادىر بولۇپسىلەر، قانچىلىغان ئىنسان شۇ پۇلغا قادىر بولالماي، پاسپورت ئالالمايۋاتىدۇ، چەتئەللەرگە چىققۇسى بولسىمۇ چىقالمايۋاتىدۇ، ئۇيلاپ كۆردىڭلارمۇ؟ قانچىلىغان ئىنسان ئۆزى ياشاۋاتقان يېزا قاراشلىق ناهىيىنىڭ بازىرىنى كۆرمەستىن ئۆمرى ئۆتىدىغانىدۇ، بۇلارنى ئويلاپ كۆردۈڭلارمۇ؟ سىلەر ۋەتىنىڭلاردا خارلىنىۋاتقان خەلقنىڭ دەردىنى دىققىتىڭلاردىن ئۇزاق قىلىپ، باشقا بىر ئەل ئۈچۈن ئۆلۈشنى خاهلامسىلەر؟ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش گۇناه بولىدۇ دېگەنگە ئىشىنەمسىلەر؟

بىر ئىلتىماسىم شۇ، ئۇلار سىلەرنىڭ بېشىڭلارنى ئايلاندۇرىدىغان يۇغان گەپلەرنى قىلىپ، «ئۇلار ۋەتەن دەيدىغانلار، ئۇلارغا ئەگەشمەڭلار، بىز ئىسلامچىلار، ...» دېسە، ئۇلاردىن شۇنداق سوراپ كۆرۈڭلار: «ۋەتەن دەيدىغانلارمۇ خىتاينى يوقاتماقچىمۇ-قانداق؟ مىللەت دەيدىغانلارمۇ خىتاينى يوقۇتىمەن دەمدۇ-قانداق؟ خوش، ئەگەر ئۇلارمۇ خىتاينى يوقۇتىدىغان بولسا سىلەرگە نېمىسى ياقمايۋاتىدۇ؟ سىلەرنىڭ نىيىتىڭلار باشقىمۇ ـ يا؟ ئەگەر سىلەر بىز توغرا يولدىن بېرىپ يوقاتماقچى، ئۇلار ناتوغرا يولدىن، دېمەكچى بولساڭلار، بىرىنچىدىن، توغرا ـ خاتا ئېغىزدىكى شۇئارغا باغلىق ئەمەس، نىيەتكە ۋە ئەمەلىيەتكە باغلىق! ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ يولى خاتا بولسا ئاللاھ ئالدىدا ئۆزى جاۋاپ قىلىدىغان، سىلەرنى سۈرىۋالمايدىغان بولغاندىكىن، ئۇلارنىڭمۇ خىتاينى

www.uyghurkitap.com

يوقۇتىدىغان جەھەتتىكى ئورتاقلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئاۋال ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرساڭلار بولمامدۇ؟ سىلەرنىڭ مەقسىدىڭلار باشقىچىراقمۇ ـ يا؟ نېمىشكە سىلەر خىتايىنى تىلللىماي، ھە ـ دەپ جالاپ خوتۇندەك ئىچكى ئاداۋەتكە ۋاقىت ۋە زېھىن سەرپ قىلىسىلەر؟ ...». مانا شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ئاشكارىلىنىشى مۇمكىن!

ئۆمۈر بويى دىندا ئوقۇپ تۇرۇقلۇق دىنىنى چۈشەنمىگەن بۇ بىچارىلارنىڭ ھالى كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ، ئېچىنى ئاغرىتىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار بىر نەپسى ئۈچۈن بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق تەتۈرلۈك قىلىۋاتامدىغاندۇ ـ يا؟ دېگەن گۇمانلارغىمۇ كەلتۈرىدۇ. دېمىسىمۇ بۇ بىچارىلار ۋە بۇنداق بىر تائىپە ئەزەلدىن ئەمگەك قىلىپ، پىشانە تەرى بىلەن ئۆز ـ ئۆزىنى قامداپ باقمىغان، خەقتىن پەيشەنبىلىك تىلەش، «قولتۇقىنى قاشلىغانغا تاما بىلەن قاراش» بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزىدىغان تائىپىدۇر. ئۇلار ھۈنەر قىلمايدۇ، تىجارەت قىلمايدۇ، يەر تېرىمايدۇ، ... پەقەتلا داستىخاندىن ـ داستىخانغا «يۈرۈش قىلىش» بىلەن جان ساقلاشقا ئادەتلەنگەندۇر. خوش، ۋەتەندىكى ئۇلارنى بىلىدىغان ئۆز خەلقى ئارىسىدا بولغانلىرىدا پوشكال ئوۋلاپ يۈرۈشتى (گەرچە ئۇلار ۋەتەن دېمەيدىغان، مىللەت دېمەيدىغان بولسىمۇ يەنىلا شۇلار ئەسقاتتى)، ئەمدى چەتئەلدە چەتئەللىكلەر، ھەتتا ئۇلار قولچىلىق قىلىۋاتقان «بەشەرى مەبۇد» لىرىمۇ ئۇلارنى پوشكالغا چىللىشى ناتايىن (چۈنكى چەتئەلدە بىزدىكىدەك ئادەت يوق)، بۇ ھالدا نېمە قىلىپ جان ساقلاش كېرەك؟ تىجارەت قىلىش كېرەكمۇ؟ قىلىپ باقمىغان! ئىشلەش كېرەكمۇ؟ چەتئەللەردە بۇلارغا ئىش يوق، بولغان تەقدىردىمۇ بۇلار يارىمايدۇ (ئۆزلىرىنى ھەرقانچە قالتىس چاغلىسىمۇ بەربىر رەھمىسىز رېئاللىق مانا شۇنداق). قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەم ئىلگىرىكى «ئۇلۇغ»لۇقىدىن چۈشمەسلىك، ھەم بېكارغا

بىرىدىغان پوشكالنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان، ھەم «مۇجاھىد» دەپ شەرەپ قازىنىدىغان بىر «تىجارەت» شۇكى، «مۇجاھىد» بولىۋېلىش! «ئاللاھ يولى ئۈچۈن» نامى بىلەن پۇل يىغىپ بۇلۇشۇش! پۇلنى باشقىلار تالاشماسلىقى ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى تېرە-پىرەڭ قىلىۋېتىپ، ھەممىنى ئۆزىگە قارىتىش كېرەك! مانا بۇ مۇددىئا ئۇلارنى مانا شۇنداق شۇملۇقنى قىلىشقا ئۈندىگەن دېسەك، ئەڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن خۇلاسە بولىدۇ، دەپ ئىشىنىمەن. بولمىسا كىتابخان ئويلىنىپ ئويلۇنۇپ باقسا چۈشۈنۈشى تەس ئەمەس، ئۇلارنى پوشكالغا چاقىرىدىغانلار بولمىسا، ئۇلار چەتئەلدە قايسى تۇرمۇش يولىغا تايىنىپ ياشايدۇ؟ ئۇلاردا ئۆزىگە تايىنىپ ياشاش ئادىتى بولۇپ باقىقانمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاخىرقى سۆز

مەزكۇر ماقالىلارنىڭ ئوبيېكتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ زۇلۇم چەككەن تەبىقىسى، ئەڭ خارلانغان ۋە شۇ تۈپەيلى ئوقۇيالمىغان جامائەسى، سانىمۇ ئەڭ كۆپ بولغان كەڭ ئاۋامدۇر. ئەنە شۇ باغرى يارا ئىنسانلارغا بېغىشلانغاندۇر. شۇ سەۋەپتىن مۇمكىنقەدەر ئاددىراق يېزىشقا، نوقىئى نەزەرلەرنى ئۈستى- ئۈستىلەپ شەرھىلەشكە توغرا كەلدى. بۇ تۈپەيلى زىيالىلارغا تەمسىز، كۆپ چاينالغان تۇيۇلۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇقۇمۇشلۇقلار ئالدىدا ئۆزرۈرلۈكمەن. لېكىن كۆز ئالدىمىزدىكى ۋەزىيەتنى ۋە زۆرۈرىيەتلەرنى چۈشەنگەن ئوقۇرمەنلەر مېنى كەچۈرەر دەپ ئويلايمەن.

يەنە بىر ئۈمىدىم شۇكى، كىمكى قاراشلىرىمنى خاتا ۋە زىيانلىق دەپ ھېساپلىسا، يەنە بەزى ماقالىلىرىم بەزىلەرنىڭ نازۇك جايلىرىنى ئېچىشتۇرىۋەتسە ئىلمى ئۇسۇل بىلەن مۇنازىرە ئېلان قىلسا قارشى ئالىمەن. چۈنكى ئىلمى مۇنازىرە ئىچىدە تاۋلىنىپ ۋە ئىلغىنىپ چىقىدۇ. ئەكسىچە قەلەمدە يېزىلغانغا قىلىچ كۆتۈرۈپ چىقىش بىمەنىلىك بولۇپلا قالماي، يەنە چىدىماسلىق، ئومۇمەن پەزىلەتسىزلىك بولىدۇ. شۇنداق بىر بېيىت ئېسىمدە: «قەلەمدە يېزىلغاننى پالتىدا چېپىپ بولماس». خۇددى شۇنداق، قەلەمگە قەلەم بىلەن قارشى تۇرۇش ئىلمى يول بولۇپلا قالماي، ھەم نەتىجىلىك، خەلققە ھەقىقى ساۋاق بېرەلەيدىغان يولدۇر. ئەكسىچە بولغاندا — يەنى، جىسمانى ھۇجۇم ياكى پوشكال سورۇنلىرىدىكى غەيۋەت ئىلمىلىك بولمايلا قالماي، ھېچنىمىگە دال بولالمايدۇ. چۈنكى سۆھبەت سورۇنلىرىدىكى

غەيۋەتلەرنىڭ ھېچقانداق ھاياتى كۈچى يوق، ئەمما كىتاپ مىڭ يىللاپ ياشاپ قالىدۇ. شۇڭا قۇياش نۇرىنى ئېتەكتە توسقاندەك بىمەنىلىكنى قىلماي ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالايدىغان «ئالىم»لار ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئۆزلىرىنى سىناپ كۆرسە بولىدۇ.

ھەممىمىزگە ئاللاھ ھىدايەت ئاتا قىلسۇن، ئىلمىمىزنى زىيادە قىلسۇن،... ئامىن!